ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ
ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئۈچۈن

تۈلچەملەشتۈرۈلگەن
يېڭىدىن تۈزۈلگەن

# ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىن سوئال ـ جاۋابلار



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

喀什师范学院人文系
买买提·艾力

ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ
ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئۈچۈن

# ئەدەبىيات نەزەرىيىدىن سوئال - جاۋابلار

تۈزگۈچى: مۇھەممەت قازى ئەيسا

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目（C I P）数据**

文学概论知识问答 / 穆汗麦提·艾萨编. 一喀什：喀什维吾尔文出版社，2001.2
ISBN 7－5373－0834－9

Ⅰ.文... Ⅱ.概... Ⅲ.文学理论 — 问答 — 维吾尔语（中国少教民族语言） Ⅳ.10—44

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2001）第 06771 号

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
（喀什市塔尔吾古孜路 14 号 邮编 84400）
**各 地 新 华 书 店 经 销**
**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**
**开本**：787×1092 **毫米** 1/32 **印张** 7
2001 **年** 2 **月第** 1 **版** 2001 **年** 2 **月第** 1 **次印刷**
**印数**：1 — 3110 **定价**：10.00 **元**

# تۈزگۈچىدىن

بۇ كىتاب ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر ۋە ھەرقايسى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملاردا ئالىي مائارىپ بويىچە تەربىيىلىنىۋاتقانلار ئۈچۈن ئورتاق دەرسلىك قىلىپ بېكىتىلگەن ماتېرىياللارنى مەنبە قىلىپ، دەرسلىكنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە دەرسلىككە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، ئۇزاق يىللىق ئوقۇتۇش تەجرىبىمىزگە تايىنىپ تۈزۈپ چىقىلدى.

بۇ كىتابتا ھازىر دەرسلىك قىلىپ قوللىنىلىۋاتقان دەرسلىكتىكى ئىگىلەشكە تېگىشلىك مۇھىم بىلىم نۇقتىلىرى، ئاساسىي چۈشەنچىلەر ئۆلچەملىك سوئال - جاۋاب شەكلىدە بايان قىلىندۇ. مەزمۇنلار دەرسلىك تەرتىپى بويىچە تولۇق بولۇش، ئىخچام، چۈشىنىشلىك بولۇش، ئىگىلەشكە تېگىشلىك مەزمۇنلارنى قالدۇرماسلىق ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھاندىن بۇرۇن سوئاللارنىڭ تەلىپى ئاساسىدا ئۆز ئىقتىدارىنى سىناپ كۆرۈش مەقسەت قىلىنغان ئۈچ يۈرۈش ئۆلچەملىك، ئەڭ يېڭى تىپتىكى تەقلىدىي سوئاللار بېرىلدى.

كىتاب چوڭلار مائارىپى بويىچە تەربىيىلىنىۋاتقانلار ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنى ئوبيېكت قىلىپ تۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى»نى تەكرارلىشىدا، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش ۋە دەرس تەييارلاش ئىشلىرىدا پايدىلىنىشىغىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ۋاقىتنىڭ زىچلىقى، بىلىمىمىزنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى سەۋەبلىك، كىتابتا بەزى نۇقسانلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي. بۇ جەھەتتە كەسىپداشلار ۋە ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىشنى خالايمىز.

# مۇندەرىجە


I باب ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدىلىكى، بەدىئىي ئوبراز، بەدىئىي تىپ، ئىجادىيەتنىڭ تەرەككىيات، ئىجادىيەتنىڭ جەريانلىرى ··· 1
II باب ئەدەبىياتنىڭ ئوبراز يارىتىش ۋاستىسى، مەنبەئەسى، خاراكتېرى، ئىجتىمائىي رولى ··· 30
III باب ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىي ئامىللىرى ··· 66
IV باب ئەدەبىياتنىڭ تۈرلىرى ۋە ژانىرلىرى ··· 92
V باب ئىجادىيەت ئۇسۇلى، بەدىئىي ئۇسلۇب، ئەدەبىي ئېقىم ··· 129
VI باب ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى، ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىنى يارىتىش ··· 156
VII باب ئەدەبىي زوق ۋە ئەدەبىي تەنقىد ··· 173
تەقلىدىي ئىمتىھان سوئاللىرى (1) ۋە ئۇنىڭ پايدىلىنىش جاۋابلىرى ··· 195

تەقلىدىي ئىمتىھان سوئاللىرى (2) ۋە
ئۇنىڭ پايدىلىنىش جاۋابلىرى ......... 202
تەقلىدىي ئىمتىھان سوئاللىرى (3) ۋە
ئۇنىڭ پايدىلىنىش جاۋابلىرى ......... 209

# I باب ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدىلىكى، بەدىئىي ئوبراز، بەدىئىي تىپ، ئىجادىيەتتىكى تەپەككۇر، ئىجادىيەتنىڭ جەريانلىرى

## 1. ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئەدەبىيات — تىل ئارقىلىق بەدىئىي ئوبراز يارىتىلىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان، يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان تونۇشى، باھاسى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتى بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان ئالاھىدە ئاڭ فورمىسىدۇر.

## 2. ئەدەبىيات ـ سەنئەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئەدەبىيات ـ سەنئەت دېگىنىمىز، بەدىئىي ئوبراز يارىتىش شەكلى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئىدىيە ـ ھېسسىياتىنى، ئارزۇ ـ غايىلىرىنى، تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى، قىسقىسى ماددىي ۋە مەنىۋى پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سەنئەت شەكىللىرىنىڭ ئومۇمىي نامى. مەسىلەن، ئەدەبىيات (تىل سەنئىتى)، ئۇسسۇل سەنئىتى، رەسساملىق سەنئىتى، مۇزىكا سەنئىتى، ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى، خەتتاتلىق سەنئىتى، تىياتىر سەنئىتى، كىنو سەنئىتى، تېلېۋىزىيە سەنئىتى قاتارلىقلار.

## 3. سەنئەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: سەنئەت — ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجى

ئاساسىدا ئىختىرا قىلىنغان بارلىق مەدەنىيەت ئامىللىرى ۋە مەدەنىيەت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى. مەسىلەن، تىياتىرچىلىق سەنئىتى، شېئىرىيەت سەنئىتى، نۇتۇق سەنئىتى، ئۇرۇش سەنئىتى، داۋالاش سەنئىتى، باشقۇرۇش سەنئىتى، قول ھۈنەر سەنئىتى، سودا سەنئىتى، ئادەمگەرچىلىك سەنئىتى قاتارلىقلار.

## 4. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىلمى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىلمى دېگىنىمىز، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەمەلىيىتى، نەزەرىيىسى ۋە ھادىسىلىرىنى پەننىي جەھەتتىن ئىلمىي تەتقىق قىلىدىغان پەنلەرنىڭ ئومۇمىي نامى. مەسىلەن، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئەدەبىيات تارىخى، ئەدەبىي تەنقىد، ئۇسسۇل سەنئىتى تارىخى، خەتتاتلىق نەزەرىيىسى، ئويمىچىلىق تېخنىكىسى، مۇقامچىلىق تەتقىقاتى، ئۇسلۇب تەتقىقاتى، ئەدەبىي ئېقىم تەتقىقاتى، ئېتنوگرافىيە، تېكستولوگىيە، مۇندەرىجەشۇناسلىق قاتارلىقلار.

## 5. ئەدەبىيات نەزەرىيىسى قانداق پەن؟

جاۋاب: ئەدەبىيات نەزەرىيىسى — بەلگىلىك مەيدان، كۆز قاراش ئاساسىدا ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھادىسىلىرىنى، ئەدەبىي ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى نەزەرىيە جەھەتتىن تەتقىق قىلىدىغان ۋە يەكۈنلەيدىغان پەن.

ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئەدەبىي تەنقىد ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرق ھەم ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەت بار. ئەدەبىيات تارىخى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن تېگىشلىك يەكۈن چىقىرىدۇ. ئەدەبىي تەنقىد بولسا ھەرقايسى دەۋر يازغۇچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى،

شۇنداقلا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ، ئۇلارغا باھا بېرىدۇ. ئەدەبىيات نەزەرىيىسى بولسا ئەدەبىيات تارىخى تەمىن ئەتكەن مول ماتېرىياللار ۋە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە تايىنىپ، ئەدەبىياتنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى ۋە ھەرخىل مۇناسىۋەتلىرىنى نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھلەيدۇ ھەمدە ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. دېمەك، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئەدەبىي تەنقىدتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ تەرەپ ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىپ، ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ، بىر ـ بىرىگە ماسلىشىپ ئورتاق تەرەققىي قىلىدۇ.

## 6. ئەدەبىيات نەزەرىيىسى قانداق شەكىللەنگەن ۋە قانداق تەرەققىي قىلغان؟

جاۋاب: بارلىق نەزەرىيىلەرنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتىمۇ ئىنسانلارنىڭ مۇھىم ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى. شۇنداق ئىكەن، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىمۇ ئىنسانلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن، شۇنداقلا ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلغان. گەرچە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئەدەبىيات ئەمەلىيىتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە ئايلىنىپ كېلىپ ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ ھەمدە ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

## 7. ماركسىزملىق ئەدەبىيات نەزەرىيىسى دېگەن نېمە، ئۇ قايسى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: ماركسىزملىق ئەدەبىيات نەزەرىيىسى — دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل

ئارقىلىق ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى، پرىنسىپ ۋە ئۇسۇللىرىنى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھادىسىلىرىنى ئىلمىي ھالدا تەتقىق قىلىدىغان، يەكۈنلەيدىغان پەن.

ماركسىزملىق ئەدەبىيات نەزەرىيىسى مۇنداق ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى، ئەدەبىيات بىلەن ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتى. بۇنىڭدا ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينىڭ، ئەدەبىيات بىلەن ئىقتىسادىي بازىسنىڭ، ئەدەبىيات بىلەن پەلسەپە، تارىخ، دىن، ئەخلاق قاتارلىق ئىدېئولوگىيە (ئاڭ فورمىلىرى) لەرنىڭ مۇناسىۋىتى، ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىيلىكى، خەلقچىللىقى، ئەدەبىياتتىكى ئىنسان تەبىئىتى، ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رولى قاتارلىقلار بايان قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى، ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە ئىچكى تۈزۈلمىسى. بۇنىڭدا بەدىئىي ئوبراز ۋە بەدىئىي تىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى تەپەككۇر ئۇسۇللىرى، ئىجادىيەت جەريانلىرى، ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى، ئەدەبىي ئۇسلۇب، ئەدەبىي ئېقىم، ئەدەبىياتنىڭ تۈر ـ ژانىرلىرى. ئەدەبىياتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىي ئامىللىرى قاتارلىقلار بايان قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەدەبىي ئەسەرلەر بىلەن كىتابخانلار مۇناسىۋىتى. بۇنىڭدا ئەدەبىي زوقنىڭ مەنىسى، ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىد بىلەن پەرقى، ئوخشاشلىقى، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ پرىنسىپى، ئۆلچىمى ۋە ئومۇمىي قانۇنىيىتى قاتارلىقلار ماركسىزملىق پەلسەپۋى قاراش ۋە سەنئەت قارىشى ئاساسىدا بايان قىلىنىدۇ.

### 8. ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتە قانداق ئۇسۇل قوللىنىش كېرەك؟

جاۋاب: ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى ياخشى ئۆگىنىش ئۈچۈن

تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، ماركسىزمنىڭ سەنئەت توغرىسىدىكى تۈپ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ۋە كونكرېت مەسىلىلەرنى كونكرېت تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئىگىلەش بىلەن بىرگە، يەنە تارىختا مەيدانغا كەلگەن مۇنەۋۋەر يازغۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ مەسىلىلەرنى كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئەينەك قىلىش كېرەك.

ئىككىنچى، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىش. نەزەرىيە بولسا ئەمەلىيەتنىڭ يەتەكچىسى، ئەمەلىيەت بولسا نەزەرىيىنىڭ ئەينىكى، يەنى نەزەرىيىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مانېۋر مەيدانى. شۇڭا، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىكى ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر ۋە قائىدە - پرىنسىپلارنى ئەدەبىي ئەسەر ۋە ئەدەبىيات ھادىسىلىرىدىن ئىبارەت ئەدەبىيات ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بولۇپمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ھازىرقى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىش ۋە ئىجادىي پىكىر يۈرگۈزۈش لازىم.

ئۈچىنچى، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى باشقا پەنلەر بىلەن باغلاپ ئۆگىنىش لازىم. ھەرقانداق شەيئى يەككە - يېگانە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ ۋە تەرەققىي قىلالمايدۇ. بۇ شەيئىلەر مۇناسىۋىتىدىكى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت. شۇڭا، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى ئالدى بىلەن مىللىي ئەدەبىيات ۋە چەت ئەل ئەدەبىيات تارىخى، يېزىقچىلىق، تىل ۋە تىلشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەر بىلەن، ئاندىن پەلسەپە، تارىخ، ئەخلاق، سىياسىي ئىقتىساد قاتارلىق ئىجتىمائىي پەنلەر بىلەن باغلاشتۇرۇپ ئۆگىنىپلا قالماي، ھەتتا مۇزىكا، ئۇسسۇل، رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق، كىنو، تىياتىر قاتارلىق قېرىنداش سەنئەت شەكىللىرى بىلەنمۇ باغلاشتۇرۇپ ئۆگىنىش كېرەك.

**9. ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى تونۇش ۋە**

**ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ قانداق ئۇسۇللىرى بار؟ ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق؟**

جاۋاب: ئىنسانلارنىڭ رېئاللىقنى تونۇش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ پەقەت ئىككى خىل ئۇسۇلى بولۇپ، بىرى نەزەرىيىۋى ئۇسۇل، يەنە بىرى بەدىئىي ئۇسۇل ياكى سەنئەت ئۇسۇلىدىن ئىبارەت.

نەزەرىيىۋى (ئابستراكتلاشتۇرۇش) ئۇسۇل دېگىنىمىز، شەيئىي ۋە ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىلمىي ھالدا ئابستراكتلاشتۇرۇپ، ئومۇملاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇنىڭدا ئاساسلىقى ئابستراكت تەپەككۇر شەكلى قوللىنىلىدۇ. يەنى شەيئىلەر، ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئۇقۇم، ھۆكۈم، ئەقلىي خۇلاسە ئارقىلىق نەزەرىيە جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

بەدىئىي ئۇسۇل (سەنئەت ئۇسۇلى) دېگىنىمىز، ئوبرازلىق تەپەككۇرنى ئاساس قىلىپ، شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش (كونكرېتلاشتۇرۇش) ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلى. بۇ خىل ئۇسۇلدا رېئاللىقنى تونۇش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ پۈتكۈل جەريانى باشتىن ـ ئاخىر بەدىئىي ئوبراز يارىتىشتىن ئايرىلمايدۇ. بۇ پەقەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىلا قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل.

**10. ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن باشقا ئاڭ فورمىلىرىنىڭ ئورتاق تەرەپلىرى قايسى؟**

جاۋاب: بىرىنچى، مەيلى ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مەيلى باشقا ئاڭ فورمىلىرى بولسۇن ھەممىسىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئوخشاش. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى. يەنى ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن تونۇپ يېتىلىشىنىڭ نەتىجىسى.

ئىككىنچى، بارلىق ئاڭ فورمىلىرىنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى تونۇپ يېتىشنىڭ جەريان ـ باسقۇچى ئوخشاش. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەت جەريانىدا ھېسسىي تونۇش باسقۇچىدىن ئەقلىي تونۇش باسقۇچىغا ئۆتىدۇ. يەنى شەيئىلەردىكى ھادىسىۋى خۇسۇسىيەت، تاشقى مۇناسىۋەت قاتارلىقلارنى دەسلەپكى قەدەمدە ھېس قىلىشتىن، كېيىن شەيئىلەردىكى تۈپ ماھىيەت، ئومۇمىيلىق ۋە ئىچكى باغلىنىشلار ھەققىدە ئەقلىي تونۇش ھاسىل قىلىش باسقۇچىغا ئۆتۈش ئوخشاش بولىدۇ.

ئۈچىنچى، بارلىق ئاڭ فورمىلىرى ئىجتىمائىي رولى جەھەتتىن ئوخشاش. بارلىق ئاڭ فورمىلىرىنىڭ ھەممىسى گەرچە ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى تونۇپ يېتىشىنىڭ نەتىجىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنە ئايلىنىپ كېلىپ ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تونۇش ۋە ئۆزگەرتىشىگە ياردەم بېرىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىياتىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## 11. ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن باشقا ئاڭ فورمىلىرىنىڭ قانداق پەرقى بار؟

جاۋاب: بىرىنچى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن باشقا ئاڭ فورمىلىرىنىڭ تەپەككۇر شەكلى ئوخشاشمايدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە ئوبرازلىق تەپەككۇر شەكلىنى ئاساس قىلىپ، پېرسوناژ، ۋەقە، شارائىت قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازىنى كونكرېت، جانلىق سۈرەتلەش ئارقىلىق رېئاللىقنىڭ مەلۇم ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، بەلكى يازغۇچىنىڭ رېئاللىققا بولغان تونۇشى، ئىدىيە ـ ھېسسىياتى، ئىجتىمائىي غايىسى قاتارلىقلار يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈلۈپ، پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرى، سيۇژېت تەرەققىياتى ۋە مۇھىت ـ شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىقلار ئارقىلىق تەبىئىي ھالدا ئىپادىلىنىدۇ. باشقا ئاڭ

فورمىلىرىدا دائىم ئابستراكت تەپەككۇر شەكلىنى ئاساس قىلىپ، تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئۈستىدە تەھلىل قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئەقلىي خۇلاسە قىلىش (فورمۇلا، تېئورېما ياكى نەزەرىيىۋى شەكىل) ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى بىۋاسىتە تۈردە تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتى توغرىسىدىكى قانۇنىيەتلىك بىلىملەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىككىنچى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن باشقا ئاڭ فورمىلىرىنىڭ ئەكس ئەتتۈرىدىغان كونكرېت مەزمۇنلىرى ئوخشاشمايدۇ. باشقا ئاڭ فورمىلىرىدا تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ھەققىدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئايرىم ـ ئايرىم تۈرلەرگە ئايرىپ، مەخسۇس دائىرىلەر بويىچە تەتقىق قىلىدۇ. مەسىلەن، پەلسەپىدە تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىنسانلار تەپەككۇرى قاتارلىقلارنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى ۋە تۈپ ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىدۇ، ئەكس ئەتتۈرىدۇ؛ سىياسىي ئىقتىسادتا جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە ئەكس ئەتتۈرىدۇ؛ قانۇنشۇناسلىقتا بولسا جەمئىيەتتىكى ھوقۇقچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە بولسا، بەدىئىي ئوبراز يارىتىلىپ رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەچكە، بەدىئىي ئوبرازغا (ئادەمگە) مۇناسىۋەتلىك جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، تارىخىي، مەدەنىيەت، ئىدىيە ـ ئەخلاق قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلىرى ئەتراپلىق، چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. دېمەك، ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رېئاللىق باشقا ئاڭ فورمىلىرىدەك مەلۇم دائىرىدە چەكلەنمەستىن، ئوبرازغا مۇناسىۋەتلىك كەڭ دائىرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدۇ.

ئۈچىنچى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن باشقا ئاڭ فورمىلىرىنىڭ كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىش شەكلى ئوخشاشمايدۇ. باشقا ئاڭ

فورمىلىرى تەھلىل قىلىش، بىرلەشتۈرۈش، ئۇقۇم، ھۆكۈم تەبىرلەردىن پايدىلىنىپ، ئەقلىي يەكۈن چىقىرىشتەك نەزەرىيىۋى شەكىللەر ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇقتىئىنەزەرنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك قانۇنىيەتلىرى ئېچىپ بېرىلىپ، كىشىلەرنى مەلۇم داۋلى، مەلۇم ئاساسلار بىلەن ئەقلىي جەھەتتىن قايىل قىلىپ، ئۇلارنى مەلۇم خاھىشقا مايىل بولۇشقا ئۈندەيدۇ. مەلۇم نۇقتىئىنەزەرنى قوبۇل قىلىشقا يېتەكلەيدۇ ياكى مەلۇم خاھىش ، مەلۇم قاراشقا قارشى تۇرۇشقا ئۈندەيدۇ، يېتەكلەيدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە جانلىق، كونكرېت، ھېسسىي ئوبرازلارنى سۈرەتلەش ئارقىلىق كىتابخانلارنى ئىختىيارسىز ھالدا بەلگىلىك بەدىئىي مۇھىت ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ. بۇ چاغدا بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن كۈچلۈك ھېسسىيات كىتابخانلار قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئەسەردىكى بەدىئىي ئوبرازغا ئەگىشىدۇ ھەمدە ئۆزلىرىنى خۇددى شۇ مۇھىت ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك، ئەسەردىكى ئادەملەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتقاندەك، ئۇلار بىلەن بىللە پائالىيەت قىلىۋاتقاندەك تەسىراتقا ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىتابخانلار ئەسەردىكى ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە سەرگۈزەشتىسى بىلەن سېلىشتۇرىدۇ. نەتىجىدە كىتابخانلار ئىدىيە ـ ھېسسىيات جەھەتتە چوڭقۇر تەربىيىگە ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇپ، روھىي جەھەتتە ئۆزىنى چېنىقتۇرىدۇ. دېمەك، باشقا ئاڭ فورمىلىرىدا پاكىت، نەزەرىيىۋى ئاساسلار ئارقىلىق كىشىلەرنى قايىل قىلسا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە بەدىئىي ئوبرازدا ئىپادىلەنگەن كۈچلۈك ھېسسىيات ئارقىلىق كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرىدۇ.

**12. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى نېمە؟**

جاۋاب: ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى — بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش. چۈنكى، ئەدەبىيات

- سەنئەت بىلەن باشقا ئاڭ فورمىلىرىنىڭ كونكرېت پەرقىمۇ مانا مۇشۇ بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتەك تۈپ ئالاھىدىلىك ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. ئەگەر بەدىئىي ئوبراز بولمايدىكەن، ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن باشقا ئاڭ فورمىلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان تەپەككۇر شەكىللىرىنىڭ ئوخشاشمايدىغانلىقى، كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىش شەكلىنىڭ ئوخشاشمايدىغانلىقىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

## 13. ئوبراز دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئوبراز — ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئادەم مېڭىسىدە ئەينەن ھالدا قايتا ئەكس ئېتىشىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، قىزىل ئالما ياكى تۇخۇم دېسەك، بىز ئىلگىرى كۆرگەن قىزىل ئالما ياكى تۇخۇم ئەسلىي رەڭگى، ھالىتى بويىچە كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ. كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلەنگەن ئاشۇ قىزىل ئالما ياكى تۇخۇمنىڭ شەكلى ئوبراز ھېسابلىنىدۇ . ئوبراز ئاتالغۇسى كەڭ ساھەدە قوللىنىلغاچقا بەزىلەر ئۇنى «كەڭ مەنىدىكى ئوبراز» دەپمۇ ئاتايدۇ. مەسىلەن، شەيئىلەرنىڭ سانى ۋە مۇناسىۋەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان 1، 2، 3، 4، +، - دېگەندەك شەرتلىك بەلگىلەر ئەمەلىيەتتە شۇ شەيئىلەرنىڭ سانى ۋە مۇناسىۋەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئوبرازدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، يەر - جايلارنىڭ ھەرخىل خەرىتىلىرى، ھەرخىل شەيئىلەرنى چۈشەندۈرۈشتە ئىشلىتىدىغان مودېل، چېرتيوژلار، سۈرەتلەرنىڭ ھەممىسى ئوبراز ھېسابلىنىدۇ.

## 14. ئوبرازچانلىق دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئوبرازچانلىق دېگىنىمىز، تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ شەكلى، ھالىتىنى دەل، ئېنىق، كونكرېت ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرەلىشىگە قارىتىلغان. مەسىلەن، ئىككى ياخشى ئارىسىدا قىل ئۈزۈلمەس، تۆمۈر زەنجىرنى ئۈزگەن ئىككى بىلمەس.

بۇ خەلق ماقالىدا ياخشىلار ئوتتۇرىسىدا قىلمۇ ئۇزۇلمىگۇدەك يۇكسەك ئىتتىپاقلىقنىڭ بولىدىغانلىقى، نادان، ناچار كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئەرزىمەس ئىشلار ئۇچۇن خۇددى تۆمۇر زەنجىرنى ئۇزۇۋېتىدىغان يىرتقۇچلاردەك جېدەل ـ ماجىرالارنىڭ بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئابستراكت چۈشەنچىنى «قىل ئۇزۇلمەسلىك» ۋە «تۆمۇر زەنجىرنى ئۇزۇش» تىن ئىبارەت كونكرېت ئوبراز ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلەپ، ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان ئەسلىي مەقسەت ئەسلىدىدىكىدىن كۆپ چوڭقۇرلاشتۇرۇلغان، كونكرېتلاشتۇرۇلغان.

## 15. بەدىئىي ئوبراز دېگەن نېمە؟

جاۋاب: رېئال تۇرمۇش ئاساسىدا تاللاش، ئومۇملاشتۇرۇش، پىششىقلاش ئارقىلىق ئىجاد قىلىنغان، بەلگىلىك ئىدىيىۋى قىممەت ۋە گۈزەللىك قىممىتىگە ئىگە يېڭى تۇرمۇش كارتىنىسى بەدىئىي ئوبراز دېيىلىدۇ.

بەدىئىي ئوبراز ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرۇشتىكى ئالاھىدە شەكلى بولۇپ، ئۇ ئادەتتە پېرسوناژ، ۋەقە، شارائىت ئوبرازىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ بىرلىكىدىن تەركىب تاپىدۇ (ئەلۋەتتە لىرىك ئەسەرلەردىكى بەدىئىي ئوبرازلارمۇ لىرىك پېرسوناژ، مەنىۋى مۇھىت ـ شارائىت قاتارلىقلارنىڭ بىرلىكىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ).

ئەسكەرتىش كېرەككى، بەدىئىي ئوبراز ئومۇمىي گەۋدىسىدە پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ تۇتقان ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. ئۇ بەدىئىي ئوبرازنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بەدىئىي ئوبراز تىلغا ئېلىنسا كىشىلەر ئالدى بىلەن پېرسوناژنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. گەرچە پېرسوناژ ئوبرازى بەدىئىي ئوبرازنىڭ يادروسى بولسىمۇ، لېكىن ۋەقە، شارائىت ئوبرازلىرىمۇ يەنىلا مۇھىمدۇر. چۈنكى ۋەقە، شارائىت ئوبرازلىرىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى، پېرسوناژلار ئوبرازلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## 16. بەدىئىي ئوبراز قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

جاۋاب: بىرىنچى، بەدىئىي ئوبرازدا كونكرېتلىق بىلەن ئومۇمىيلىق بىرلەشتۈرۈلىدۇ. بەدىئىي ئوبرازنىڭ كونكرېتلىقى دېگىنىمىز، ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ خۇددى رېئاللىقتىكى تىرىك ئادەملەردەك تەسۋىرلىنىدىغانلىقىغا، يەنى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى، ئىدىيە، ھېسسىياتى، سەرگۈزەشتىلىرى، تاشقى قىياپىتى، گەپ - سۆز، يۈرۈش - تۇرۇش، كىيىم - كېچەكلىرى دەل شۇ خىل كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە باب كەلگۈدەك تەسۋىرلىنىدىغانلىقىغا قارىتىلغان.

بەدىئىي ئوبرازنىڭ ئومۇمىيلىقى دېگىنىمىز، يازغۇچى تەرىپىدىن رېئال تۇرمۇش ئاساسىدا تاللاش، ئومۇملاشتۇرۇش، پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق يارىتىپ چىقىلغان بەدىئىي ئوبرازنىڭ ئۆزى ۋەكىللىك قىلىدىغان مەلۇم خىل كىشىلەرنىڭ ياكى شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىشىگە قارىتىلغان. بەدىئىي ئوبرازنىڭ كونكرېت تەسۋىرلىرى ئارقىلىق، ئاشۇ بەدىئىي ئوبرازنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئاساس بولغان ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىنى ئومۇملاشتۇرۇپ گەۋدىلەندۈرۈش كونكرېتلىق بىلەن ئومۇمىيلىقنىڭ بىرلىكى ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، بەدىئىي ئوبرازدا ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپ بىرلەشتۈرۈلىدۇ. بەدىئىي ئوبرازنىڭ ئوبيېكتىپلىقى دېگىنىمىز، يازغۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە پېرسوناژ، ۋەقە، شارائىتلارغا قارىتا كونكرېت، جانلىق تەسۋىرلەش ئېلىپ بارىدىغانلىقىغا قارىتىلغان. بەدىئىي ئوبرازنىڭ سۇبيېكتىپلىقى دېگىنىمىز، يازغۇچى ئوبراز يارىتىشتا رېئاللىقنى رېئاللىقنىڭ ئۆزىدەك تەسۋىرلەپلا قالماي، بەلكى ئۆزى تەسۋىرلىگەن بەدىئىي ئوبرازنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۆزىنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتى، تۇرمۇشقا بولغان تونۇش، پوزىتسىيىسىنى سىڭدۈرۈپ ئىپادىلەيدىغانلىقىغا قارىتىلغان. بەدىئىي ئوبرازغا ئېلىپ بېرىلغان ئوبيېكتىپ

تەسۋىرلەرگە يازغۇچىنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتىنىڭ سىڭىپ كىرىشى ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپنىڭ بىرلىكى ھېسابلىنىدۇ.
ئۇچىنچى، بەدىئىي ئوبرازدا مەزمۇن بىلەن شەكىل بىرلەشتۈرۈلىدۇ. ھەرقانداق شەيئى مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكىدىن تەركىب تاپىدۇ. جۈملىدىن بەدىئىي ئوبرازنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدىغان تېما، باش تېما، سيۇژېت، پېرسوناژ ۋە شارائىتلارنىڭ مۇۋاپىق تەشكىللىنىشىگە قارىتىلسا، بەدىئىي ئوبرازنىڭ شەكلى ئەنە شۇ مەزمۇنىي ئامىللارنى ئىپادىلەپ، بەدىئىي قۇرۇلما، ژانىر، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ۋە ۋاسىتىلىرىنىڭ مۇۋاپىق تەشكىللىنىشىگە قارىتىلغان. تەبىئىيكى، مەزمۇنىي ئامىللار بىلەن شەكلىي ئامىللار بەدىئىي ئوبرازنىڭ ئېھتىياجى ئاساسىدا زىچ بىرلەشتۈرۈلسە بۇنداق بەدىئىي ئوبراز مۇكەممەل بەدىئىي ئوبراز ھېسابلىنىدۇ.

## 17. بەدىئىي تىپ دېگەن نېمە، ئۇنىڭ بەدىئىي ئوبراز بىلەن ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى نەدە؟

جاۋاب: يۇكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان، بەلگىلىك ئىجتىمائىي مەنىنى ئىپادىلەيدىغان، ئۆزگە خاس مۇستەقىل ئالاھىدىلىك ھەم ۋەكىللىك خاراكتېرى زور بولغان بەدىئىي ئوبراز بەدىئىي تىپ دەپ ئاتىلىدۇ.
ئۇنىڭ بەدىئىي ئوبراز بىلەن ئوخشاشلىقى: بەدىئىي تىپتا بەدىئىي ئوبرازدا بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەرنىڭ ھەممىسى بولىدۇ. يەنى ھەرئىككىسىدە رېئال تۇرمۇش ئاساسىدا ئومۇملاشتۇرۇش، ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇش بولىدۇ. ھەرئىككىلىسىدە كونكرېتلىق بىلەن ئومۇمىيلىق، ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپ، مەزمۇن بىلەن شەكىل بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ مەلۇم ماھىيىتى ئېچىپ بېرىلىدۇ. ھەرئىككىلىسىدە بەدىئىي پىششىقلاش جەريانىدا توقۇلما، تەسەۋۋۇردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىلىدۇ.
پەرقى: بەدىئىي ئوبراز پەقەت ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىدىكى

ئومۇملاشتۇرۇش بولۇپ، ئۇ مەلۇم مەيدان - كۆرۈنۈشلەردە مەيدانغا چىقىدىغان، ۋاقىت، شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تەبىئىي ھالدا مەيدانغا چىقىدىغان ياكى غايىب بولىدىغان پېرسوناژلار. مەسىلەن، «ئىز» رومانىدىكى لى شۇفو، «پەرھاد - شېرىن» ئوپېراسىدىكى ھىيلىگەر موماي قاتارلىقلار.

بەدىئىي تىپ يۇكسەك دەرىجىدىكى ئومۇملاشتۇرۇش بولۇپ، يازغۇچىنىڭ تەسۋىرلەش كۈچى بەدىئىي تىپقا مەركەزلىشىدۇ. بەدىئىي تىپنىڭ ئەسەردىكى ئورنى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، ئادەتتە باش قەھرىمان سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ پېرسوناژلار پائالىيەت مەيدانىنىڭ مەركىزىدە تەسۋىرلىنىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، روشەن، چوڭقۇر بولمىغان خاراكتېر تەسۋىرى بىلەن مۇستەقىل ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىندىۋىدۇئال خاراكتېر تەسۋىرى بەدىئىي تىپ بىلەن بەدىئىي ئوبرازنىڭ ماھىيەتلىك پەرقىدۇر.

## 18. بەدىئىي تىپ قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئۇ قايسى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: بىرىنچى، بەدىئىي تىپ يۇكسەك ئومۇمىيلىققا ۋە روشەن ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە بولىدۇ.

ئىككىنچى، بەدىئىي تىپتا تىپىك خاراكتېر تىپىك شارائىت ئىچىدە قويۇلۇپ تەسۋىرلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، بەدىئىي تىپ يۇكسەك تەسەۋۋۇرچانلىققا ئىگە بولىدۇ.

تۆتىنچى، بەدىئىي تىپ چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەنە ۋە زور ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ.

بەدىئىي تىپ تىپىك پېرسوناژ، تىپىك ۋەقە، تىپىك شارائىت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 19. تىپىك پېرسوناژ دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىندىۋىدۇئاللىقى بىلەن ئومۇمىيلىقى يۇكسەك دەرىجىدە

بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن، ئۆزىگە خاس روشەن ئىندىۋىدۇئاللىق ئارقىلىق بەلگىلىك ئىجتىمائىي مەنىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىپادىلەيدىغان پېرسوناژلار ئوبرازى تىپىك پېرسوناژ دەپ ئاتىلىدۇ.

### 20. تىپىك ۋەقە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تىپىك خاراكتېرنى گەۋدىلىك ئىپادىلەش ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرەلەيدىغان تۇرمۇش ۋەقەلىكى تىپىك ۋەقە دېيىلىدۇ.

### 21. تىپىك شارائىت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان، پېرسوناژلار ھەرىكىتىگە تۈرتكە بولىدىغان بارلىق شەرت - شارائىتلارنىڭ يىغىندىسى تىپىك شارائىت دېيىلىدۇ.

### 22. تىپىك پېرسوناژ بىلەن تىپىك شارائىتنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟

جاۋاب: بىرىنچى، بەلگىلىك مۇھىت - شارائىت پېرسوناژلار خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ. بەلگىلىك شارائىت پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيە، ھەرىكەت، پائالىيەتلىرىگە ھەرخىل تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. يەنى پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشىگە نىسبەتەن تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

ئىككىنچى، تىپىك خاراكتېرمۇ ئۆز نۆۋىتىدە تىپىك شارائىتقا تەسىر كۆرسىتىدۇ، ھەتتا شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. تىپىك پېرسوناژ (تىپىك خاراكتېر) نىڭ كۆزلىگەن مەقسىتى بىلەن ئاشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئەتراپىدىكى پېرسوناژلار بىلەن بولغان توقۇنۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تىپىك پېرسوناژ بىلەن تىپىك شارائىتنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىم تەرىپىنى

تەشكىل قىلىدۇ. بۇ، تىپىك پېرسوناژنىڭ تىپىك شارائىتنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۇنىڭغا قارىتا پائالىيەتچان رولىدىن ئىبارەت.

## 23. تىپىكلەشتۈرۈش دېگەن نېمە؟

جاۋاب: سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدا ئەسلىدە تىپ بولالمايدىغان ياكى تىپ دەرىجىسىگە يېتەلمەيدىغان تۇرمۇش ماتېرىياللىرىغا قارىتا تاللاش، ئۇمۇملاشتۇرۇش، مەركەزلەشتۈرۈش، بەدىئىي توقۇلما ئارقىلىق يۈكسەك دەرىجىدىكى ئۇمۇمىيلىققا، تىپىكلىككە ئىگە بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىش جەريانى تىپىكلەشتۈرۈش دەپ ئاتىلىدۇ.

## 24. تىپىكلەشتۈرۈشنىڭ پرىنسىپى نېمە؟

جاۋاب: كۆرۈنۈشتىكى ھادىسىلەر ئارقىلىق ئىچكى ماھىيەتنى ئىندىۋىدۇئاللىق ئارقىلىق ئۇمۇمىيلىقنى ئىپادىلەش، پېرسوناژلارنىڭ كونكرېت زىددىيەت ـ توقۇنۇشلىرى ئارقىلىق ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئېچىپ بېرىش — تىپىكلەشتۈرۈشنىڭ تۈپ پرىنسىپىدۇر. مۇشۇ پرىنسىپ ئاساسىدا تىپ ياراتقاندىلا، ئاندىن رېئال تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ.

## 25. تىپىكلەشتۈرۈشنىڭ مەزمۇنلىرى قايسى؟

جاۋاب: تىپىكلەشتۈرۈشنىڭ مەزمۇنى بىر ـ بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك، بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ بىرى ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇش، يەنە بىرى ئۇمۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

پېرسوناژلارنىڭ خاسلىقىنى توغرا تەسۋىرلەش، يەنى پېرسوناژلارنىڭ باشقا پېرسوناژلارغا ئوخشاشمايدىغان، ئۇلاردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، ئۆزىگىلا خاس بولغان ئىچكى ۋە تاشقى ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىتا كونكرېت تەسۋىرلەش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق

پېرسوناژلار ئوبرازىنى تېخىمۇ روشەن، تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ گەۋدىلىك قىلىپ چىقىش ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئوخشاش خىلدىكى بىر تۈركۈم شەخسلەرنىڭ تۈپ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ۋەقە - ھادىسىلەرنى بىرەر كونكرېت پېرسوناژ ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، پېرسوناژلار ئوبرازىنى تېخىمۇ چىن، تېخىمۇ تىپىك، تېخىمۇ ئومۇمىي خاراكتېرلىك ھەم ۋەكىللىك خاراكتېرلىك قىلىپ چىقىش ئومۇملاشتۇرۇش دېيىلىدۇ.

## 26. تىپىكلەشتۈرۈشنىڭ قانداق ئۇسۇللىرى بار؟

جاۋاب: تىپىكلەشتۈرۈش ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ تۈپ قانۇنىيىتى بولسىمۇ، لېكىن بۇ قانۇنىيەت ئارقىلىق تىپ يارىتىش ئۇسۇللىرى ھەرخىل بولىدۇ. قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان مۇنەۋۋەر سەنئەتكارلارنىڭ تىپ يارىتىش تەجرىبىلىرىدىن قارىغاندا، تىپىكلەشتۈرۈش ئۇسۇللىرىنى مۇنداق بىرقانچە خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، كۆپلىگەن خام ماتېرىياللارنى كەڭ تۈردە مەركەزلەشتۈرۈش، ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا تىپ يارىتىش، بۇ لۇشۇن ئەپەندى ئېيتقان خىلمۇخىل ئادەملەرنى يوغۇرۇپ بىر ئادەم قىلىپ چىقىش ئۇسۇلىدۇر.

ئىككىنچى، تۇرمۇش پروتوتىپىنى (ئەسلىي شەكلىنى) ئاساس قىلىپ تىپ يارىتىش. يازغۇچى پروتوتىپ بولغان ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلار بىلەن چەكلەنمەي، زۆرۈر بولغان خام ماتېرىياللارغا قارىتا تاللاش، تولۇقلاش، ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشقا تامامەن بولىدۇ. بىر مۇھىم شەرت شۇكى، تۇرمۇش پروتوتىپى چوقۇم مەلۇم تىپىكلىككە ئىگە بولۇش كېرەك.

ئۈچىنچى، ئۇششاق ھېكايىلارنى زەنجىرسىمان چېتىش، تەشكىللەش ئاساسىدا تىپ يارىتىش. بۇ خىل ئۇسۇلدا ئاساسەن خەلق ئەدەبىياتىدىكى مەلۇم شەخسلەر ھەققىدە توقۇلغان ئۇششاق ھېكايىلار

(لەتىپلەر) مۇۋاپىق ھالدا ئورگانىك تەشكىللىنىپ، ئەسلىدىكى ئۇششاق ھېكايىلار قەھرىمانى ئىخمۇ باي خاراكتېرگە ئىگە تىپىك پېرسوناژ قىلىپ چىقىلىدۇ.

تۆتىنچى، غايىۋىلاشتۇرۇش ئاساسىدا تىپ يارىتىش: بۇ ئاساسەن رومانتىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنىڭ تىپ يارىتىش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ خىل ئۇسۇلدا تىپ ياراتقاندا كەڭ تۈردە توقۇلما قىلىش، يۈكسەك دەرىجىدىكى تەسەۋۋۇر، فانتازىيە، ئاجايىپ - غارايىپ مۇبالىغە قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق رېئال تۇرمۇشنىڭ ئەسلىي شەكلىگە ئوخشاشمايدىغان بىر خىل قىياسەن (خىيالىي) كارتىنىلار بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ.

## 27. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە قانداق تەپەككۇر شەكىللىرى قوللىنىلىدۇ؟

جاۋاب: ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بەدىئىي ئوبراز يارىتىپ ئىجتىمائىي رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بەدىئىي ئوبراز جەريانى ئەزەلدىن ھازىرغىچە بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدىغان، شۇنداقلا بىر - بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى خىل تەپەككۇر شەكلى ئارقىلىق ئىشقا ئېشىپ كەلدى. بۇنىڭ بىر خىلى تەھلىل قىلىش، سېلىشتۇرۇش ياكى ئابستراكتلاشتۇرۇش ئارقىلىق پىكىر يۈرگۈزۈلىدىغان ئابستراكت تەپەككۇر شەكلى بولۇپ، ئۇ ئادەتتە لوگىكىلىق تەپەككۇر، مەنتىق تەپەككۇر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەنە بىر خىلى جانلىق، كونكرېت ئوبرازلار ئارقىلىق پىكىر يۈرگۈزىدىغان تەپەككۇر شەكلى بولۇپ، ئۇ ئادەتتە ئوبرازلىق تەپەككۇر دېيىلىدۇ. بەزىدە ئۇ بەدىئىي تەپەككۇر، كونكرېت تەپەككۇر، ئېستېتىك تەپەككۇر دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## 28. ئوبرازلىق تەپەككۇر دېگەن نېمە؟

جاۋاب: يازغۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىش، ئىجادىيەت ماتېرىياللىرىنى توپلاش، تاللاشتىن تارتىپ تاكى بەدىئىي

ئوبراز يارىتىپ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشكىچە بولغان پۈتكۈل ئىجادىيەت جەريانىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئوبرازلىق پىكىر قىلىش پائالىيىتى ئوبرازلىق تەپەككۇر دېيىلىدۇ.

ئوبرازلىق تەپەككۇر يالغۇز يازغۇچى ـ سەنئەتكارلارلا قىلىدىغان تەپەككۇر پائالىيىتى بولۇپلا قالماي، بەلكى كىتابخانلارمۇ قىلىدىغان تەپەككۇر پائالىيىتىدۇر. ئۇلارمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا ئوبرازنى تەسۋىرلىگەن تىل ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئەسەردىكى بەدىئىي ئوبرازلارنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ ياكى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيە ـ ھېسسىياتىدىن تەسىرلىنىدۇ، ئۇلارنى ئىگىلەيدۇ. دەل شۇ چاغدا كىتابخانلارمۇ ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىدۇ. مانا مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئوبرازلىق تەپەككۇرنى ئوبراز ياكى كارتىنا ئارقىلىق پىكىر قىلىش ئۇسۇلى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

## 29. ئابستراكت تەپەككۇر دېگەن نېمە؟

جاۋاب: شەيئى ۋە ھادىسىلەر ئۈستىدە كۆزىتىش، تەھلىل ـ تەتقىق ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ھادىسىلەر ئىچىدىكى ئومۇمىيلىقنى، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە تۈپ ماھىيەتلىك، قانۇنىيەتلىك ئالاھىدىلىكلەرنى ئۇقۇم، ھۆكۈم، ئەقلىي خۇلاسىگە ئابستراكتلاشتۇرۇپ پىكىر قىلىش ئابستراكت تەپەككۇر دېيىلىدۇ.

## 30. ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن ئابستراكت تەپەككۇرنىڭ ئورتاقلىقى قەيەردە؟

جاۋاب: بىرىنچى، ھەرئىككى خىل تەپەككۇر شەكلى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىدۇ.

ئىككىنچى، ھەر ئىككى خىل تەپەككۇر شەكلىدە شەيئى، ھادىسىلەرنى ھېسسىي بىلىشتىن ئەقلىي بىلىش باسقۇچىغا ئۆتۈشتەك سەكرەش، چوڭقۇرلاش جەريانى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ھەر ئىككى خىل تەپەككۇر شەكلى ئوبيېكتىپ شەيئى، ھادىسىلەرنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى، تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى

بىلىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. گەرچە بۇ ئىككى خىل تەپەككۇر شەكلى يۇقىرىقىدەك ئورتاقلىقلارغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن مۇستەقىل تەپەككۇر شەكىللىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

## 31. ئوبرازلىق تەپەككۇر قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

جاۋاب: بىرىنچى، ئوبرازلىق تەپەككۇر باشتىن ـ ئاخىر ئوبرازدىن ئايرىلمايدۇ. لېۋشى «تەپەككۇرنىڭ ئىسىللىقى ئوي بىلەن شەيئىنىڭ بىرلىشىپ كەتكەنلىكىدىندۇر» دېگەن. بۇ سۆز ئوبرازلىق تەپەككۇر جەريانىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر شەيئىدىن يەنى ئوبرازدىن ئايرىلمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئوبرازلىق تەپەككۇردا شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئىچىپ بېرىشتە شەيئىلەرنىڭ ھادىسىۋى ھالەتلىرىنى ياكى تاشقى كۆرۈنۈشىنى تاشلاپ قويماي، ئۇنى ماھىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ئومۇملاشتۇرۇش خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئاخىرىدا ئىچكى ماھىيەت بىلەن تاشقى ھالەت بىرلەشتۈرۈلگەن بىر يېڭى، جانلىق ئوبراز ياكى روشەن كۆرۈنۈش سىزىپ چىقىلىدۇ. مەسىلەن، «سۇ» دىن ئىبارەت شەيئى ھەققىدە ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلغاندا، ئېرىقتىكى زۇمرەتتەك سۇنىڭ شىلدىرلاپ ئېقىشى، ئاستىدىكى شېغىل ـ تاشلارنىڭ ئەينەن كۆرۈنۈشى، دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇشى، تاغ شارقىراتمىسىدىن سەكرەپ چۈشۈۋاتقان سۇنىڭ ھەيۋەتلىك ئاق بۇلۇتتەك كۆرۈنۈشى، سىم ـ سىم يامغۇرنىڭ دەرەخ شاخلىرىدىن سىرغىشى، باللارنىڭ ئەينەكتەك مۇز ئۈستىدە پىرقىراپ مۇز تېيىلىشى قاتارلىق تەسۋىرلەردىن سۇنىڭ بىر پۈتۈن ئوبرازىنى ئىگىلىيەلەيمىز. بۇ ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ كونكرېت ئوبرازلاردىن ئايرىلمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئىككىنچى، ئوبرازلىق تەپەككۇردا ھېسسىيات ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. ياۋ شۈيىن «لى زى چىڭ» رومانىنى يېزىش تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ: «مەن ‹لى زى چىڭ› نىڭ

1 ـ، 2 ـ تومىلىرىنى يېزىش جەريانىدا كۆپىنچە ئۆزۈم تەسەۋۋۇر قىلغان سيۇژېتلاردىن قاتتىق ھاياجانلانغانلىقىمدىن كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كېتەتتى، قەلىمىمنى ئىختىيارسىز توختىتىپ قويۇشقا توغرا كېلەتتى، يۈرىكىمدىكى ھاياجانلىنىش كەيپىياتى بىر ئاز پەسەيگەندىن كېيىن يەنە يېزىشنى داۋاملاشتۇراتتىم» دېگەن. شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، يازغۇچىلار ئۆزى ياراتقان ئوبرازلارنى تەسۋىرلەش جەريانىدىكى ئوبرازلىق تەپەككۇر پائالىيىتىدە باشتىن ـ ئاخىر ھېسسىيات جەھەتتىن كۈچلۈك ھاياجانلىنىدۇ. كىشىلەرمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغان چاغدىكى ئوبرازلىق تەپەككۇر پائالىيىتىدە ئوخشاشلا قاتتىق ھاياجانلىنىپ، ئۆزى سۆيگەن قەھرىمانلارنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىگە ئېچىنىدۇ. غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، ئوبرازلىق تەپەككۇر ئىزچىل ھالدا گۈزەللىك تۇيغۇسى بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ. ئوبرازلىق تەپەككۇر ھەرقاچان گۈزەللىك تۇيغۇسىدىن ئايرىلمايدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن بەدىئىي تۇرمۇش رېئال تۇرمۇشنىڭ ئەينەن ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئۇ، يازغۇچىلارنىڭ بەلگىلىك گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلىنىشىدۇر. بەدىئىي ئوبراز بولسا ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى. ئۇنداق ئىكەن بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان بەدىئىي گۈزەللىك ماھىيەتتە ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى بولغان بولىدۇ. بۇ بىزگە ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ گۈزەللىك مەنىسىگە ئىگە، گۈزەللىك تۇيغۇسىدىن ئايرىلمايدىغان بىر تەپەككۇر شەكلى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

تۆتىنچى، ئوبرازلىق تەپەككۇر ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىقا ۋە ئىجادچانلىققا ئىگە. ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ئۆزگەرمەس قېلىپى ياكى فورمىسى بولمايدۇ. ھەربىر سەنئەتكارنىڭ قىممەت قارىشى، گۈزەللىك قارىشى، سەنئەت قارىشى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى، تەربىيىلىنىشى، قىزىقىشى، كۆزىتىش ئىقتىدارى ۋە تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئاشۇ ھەرخىل يازغۇچىلارنىڭ بىر مەسىلە ياكى بىر شەيئى ھەققىدىكى ئوبرازلىق تەپەككۇرىمۇ بىر ـ

بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ھەربىر يازغۇچىنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ۋە ئىجادچانلىققا ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، دەۋرلەر ھالقىغان يۈكسەك بەدىئىي ئوبراز پەرھاد ـ شىرىنلار X ئەسىردە ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى تەرىپىدىن يازما ئەدەبىياتتا يارىتىلغاندىن تارتىپ، تاكى ھازىرغىچە پۈتكۈل ئاسىيادا نۇرغۇن سەنئەتكارلار تەرىپىدىن قايتا ـ قايتا يارىتىلىپ كېلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ھەربىر سەنئەتكار ياراتقان پەرھاد ـ شىرىن ئوبرازلىرى مەزمۇن ۋە شەكلىي ئامىللىرى جەھەتتە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ۋە خاس ئىجادچانلىققا ئىگە قىلىنىپ يارىتىلغان.

## 32. ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن ئابستراكت تەپەككۇرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدىكى مۇناسىۋىتى قانداق؟

جاۋاب: گەرچە ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن ئابستراكت تەپەككۇر بىر ـ بىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئىككى خىل تەپەككۇر شەكلى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدا بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىپ، بىر ـ بىرىگە سىڭىشىپ (بەزىدە كونكرېتلاشتۇرۇشتىن ئابستراكتلاشتۇرۇشقا، بەزىدە ئابستراكتلاشتۇرۇشتىن كونكرېتلاشتۇرۇشقا ئۆتۈپ)، بىر ـ بىرىگە بېقىنىپ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ، بىر ـ بىرىنى چەكلەش ئاساسىدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. ئىنسانلارنىڭ رېئاللىقنى سەنئەت ئارقىلىق تونۇش ۋە ئەكس ئەттۈرۈشىدە بۇ ئىككى خىل تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق بولۇپ، ئۇلارنى ئايرىپ قاراشقا قەتئىي بولمايدۇ.

## 33. ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن ئابستراكت تەپەككۇرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدىكى رولى قانداق، پۈتكۈل ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانى قايسى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئوبرازلىق تەپەككۇر ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. چۈنكى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ئوبراز

ئارقىلىق رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش. بەدىئىي ئوبراز ۋە بەدىئىي تىپ يارىتىش ئوبرازلىق تەپەككۇرغا تايىنىپ ئىشقا ئاشىدۇ. ئەگەر ئوبرازلىق تەپەككۇر ئاساس قىلىنمايدىكەن، ئۇ چاغدا يارىتىلغىنى بەدىئىي ئوبراز بولالماي، ئەكسىچە ئابستراكت ئۇقۇم ياكى خۇلاسىلەرنىڭ دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئەدەبىيات - سەنئەت مەھسۇلاتى ھېسابلىغىلى بولمايدۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئابستراكت تەپەككۇر يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ، پۈتكۈل ئىجادىيەت جەريانىدا يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. چۈنكى، ئەدەبىي ئىجادىيەتمۇ شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەرەققىياتىنىڭ مەنتەقىسىگە بويسۇنىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ شەيئىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىيات مەنتەقىسىگە بويسۇنىدىغانلىقى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئابستراكت تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ بارلىق قانۇنىيەتلىرىگە ئىزچىل ئەمەل قىلىدىغانلىقى ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا باشتىن - ئاخىر ئۇنى يېتەكچى قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. چۈنكى، ئابستراكت تەپەككۇر شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى ۋە رېئاللىقنىڭ تەرەققىيات مەنتەقىسى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان تەپەككۇر پائالىيىتىدۇر. دىققەت قىلىش كېرەككى، بەزىلەر ئېيتقان ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئوبرازلىق تەپەككۇر ئاساس، ئابستراكت تەپەككۇر قوشۇمچە رول ئوينايدۇ، دەيدىغان بىمەنە سەپسەتىلەر ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى تەپەككۇر ئەمەلىيىتىگە پۈتۈنلەي خىلاپ.

ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە جاپالىق روھىي پائالىيەت جەريانى بولۇپ، ئۇ ئىجادىيەت تەييارلىقى، ئىجادىيەتنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 34. ئىجادىيەت تەييارلىقى دېگەن نېمە، ئۇ قايسى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: ئىجادىيەت تەييارلىقى دېگىنىمىز، يازغۇچى -

سەنئەتكارلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشتىن بۇرۇن ھازىرلاشقا تېگىشلىك مۇھىم شەرتلەرگە قارىتىلغان. بۇلار مول تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە ئىگە بولۇش، ئىلغار دۇنيا قاراشنى تىكلەش، يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت يېتىشتۈرۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## 35. مول تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە ئىگە بولۇش نېمىگە قارىتىلغان؟

جاۋاب: مول تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە ئىگە بولۇش دېگىنىمىز، يازغۇچى ــ سەنئەتكارلارنىڭ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، تۇرمۇشنى ئەستايىدىل كۆزىتىش، ئۆگىنىش ئارقىلىق باي، مۇرەككەپ، خىلمۇ ــ خىل جانلىق تۇرمۇش خام ماتېرىياللىرىغا ئىگە بولۇشقا قارىتىلغان. تۇرمۇش خام ماتېرىياللىرىغا ئىگە بولۇش يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشتىن ئىلگىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك زۆرۈر شەرت، شۇنداقلا بىرەر ئەدەبىي ئەسەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ كونكرېت ئاساسى.

## 36. ئىلغار دۇنيا قاراشنى تىكلەش نېمىگە قارىتىلغان، ئۇ بەدىئىي ئىجادىيەتتە قانداق رول ئوينايدۇ؟

جاۋاب: ئىلغار دۇنيا قاراشنى تىكلەش دېگىنىمىز، يازغۇچى ــ سەنئەتكارلارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئىسپاتلانغان، توغرا بولغان قىممەت قارىشى، گۈزەللىك قارىشى ئاساسىدا ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ دۇنيادىكى شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى توغرا تونۇش، توغرا تەھلىل قىلىش ۋە توغرا باھا بېرىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە قارىتىلغان. دۇنيا قاراشنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە تۆۋەندىكىدەك روللىرى بار: بىرىنچى، يازغۇچىلارنىڭ قانداق ئىجادىيەت مەقسىتى، قانداق ئىجادىيەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئىككىنچى، تۇرمۇشنى قانداق كۆزىتىش، قانداق تونۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئۈچىنچى، يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشنى قانداق ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە قانداق باھا بېرىشكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. شۇڭا، ئىلغار دۇنيا قاراش يازغۇچىلارنى توغرا ئىجادىيەت مەقسىتى

بىلەن رېئاللىقنى توغرا تونۇش ۋە توغرا ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا توغرا باھا بېرىشكە يېتەكلەيدۇ.

**37. يۇقىرى بەدىئىي ماھارەتنى يېتىلدۈرۈش نېمىگە قارىتىلغان؟**

جاۋاب: بەدىئىي ماھارەتنى يېتىلدۈرۈش دېگىنىمىز، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ۋە ۋاستىلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنالايدىغان، ئەدەبىي تىلنى پىششىق ئىگىلىگەن ۋە قوللىنالايدىغان، ئەسەر قۇرۇلمىسىنى پۇختا، كۆركەم قۇراشتۇرالايدىغان، خام ماتېرىياللارنى ماھىرلىق بىلەن پىششىقلاپ، يۇقىرى قىممەتكە ئىگە باش تېمىلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان، تېمىلارنى تەشكىللىيەلەيدىغان، يۈكسەك بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ساپ ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى چوڭقۇر ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان قابىلىيەتنى ئۆستۈرۈشكە قارىتىلغان.

ئىجادىيەت تەييارلىقىنىڭ ئۈچ تەرىپى بىر - بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇلار ئىچىدە دۇنيا قاراش يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى كەم بولسا ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولمايدۇ.

**38. ئىجادىيەت جەريانى دېگەن نېمە، ئۇ قايسى باسقۇچلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟**

جاۋاب: ئىجادىيەت جەريانى دېگىنىمىز، يازغۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ بەلگىلىك دۇنيا قاراش ۋە سەنئەت قارىشى ئاساسىدا رېئاللىققا قارىتا بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ رېئاللىققا بولغان پوزىتسىيە ۋە باھاسىنى ئىپادىلەش جەريانىدۇر. ئىجادىيەت جەريانى خام ماتېرىيال توپلاش، بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈش، بەدىئىي ئىپادىلەشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**39. خام ماتېرىيال دېگەن نېمە، خام ماتېرىيال توپلاش ئۈچۈن قانداق خىزمەتلەرنى ئىشلەش كېرەك؟**

جاۋاب: خام ماتېرىيال دېگىنىمىز، يازغۇچى - سەنئەتكارنىڭ

تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى (كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرى) ۋە ئاشۇ تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئىدىيە، ھېسسىيات، تەسىراتلىرىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت. خام ماتېرىيال توپلاش ئۈچۈن مۇنداق ئىككى تۈرلۈك خىزمەتنى ئەستايىدىل ئىشلەش كېرەك:

بىرىنچىدىن، يازغۇچى باي، خىلمۇخىل تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە ئىگە بولۇش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەرخىل تۇرمۇش شەكىللىرى، ھەرخىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ۋە خىلمۇخىل شەيئى، ھادىسىلەر بىلەن ئۇچرىشىشى، ئۇلار ئۈستىدە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئۆزىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى بېيىتىپ، تۇرمۇشقا بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرالايدۇ.

يازغۇچى ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك تۇرمۇش تەجرىبىسى ئىككى جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى ۋاسىتىلىك تۇرمۇش تەجرىبىسى. يەنى يازغۇچى باشقىلارنىڭ كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرى ئاخبارات، ھۆججەت، تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ئەدەبىي مىراسلار ئارقىلىق ئىگە بولىدىغان تۇرمۇش تەجرىبىسى، يەنە بىرى بىۋاسىتە تۇرمۇش تەجرىبىسى، يەنى يازغۇچى بىۋاسىتە كۆرگەن، ئاڭلىغان ياكى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئىگە بولغان تۇرمۇش تەجرىبىسى.

ئىككىنچىدىن، خام ماتېرىيال توپلاشنىڭ يەنە بىر يولى تۇرمۇشنى ئىنچىكە كۆزىتىش، پىششىق ئۆگىنىش. يازغۇچى تۇرمۇشتىكى ۋەقە، ھادىسىلەرنى ئىنچىكە كۆزەتكەندە، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى، ھېس - تۇيغۇلىرىنى چوڭقۇر تونۇغان، چۈشەنگەندىلا ئاندىن ئۆز ئىجادىيىتى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان خام ماتېرىياللارنى تاللىۋالالايدۇ. ئىش ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا «گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىساڭ نېمە پايدا» دېگەندەك، خام ماتېرىياللار تۇمشۇقىغا تېگىپ تۇرسىمۇ ئۇنى پەرق ئېتەلمەي قولدىن بېرىپ قويىدۇ.

## 40. بەدىئىي پىكىر يۇرگۇزۇش دېگەن نېمە؟

جاۋاب: بەدىئىي پىكىر يۇرگۇزۇش (بەدىئىي ئويلىنىش) يازغۇچىلارنىڭ رېئاللىق ئاساسىدا توپلىغان خام ماتېرىياللارنى مۇۋاپىق تەشكىللەپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ، گۈزەل بەدىئىي ئوبرازلارنى بارلىققا كەلتۇرۇش جەريانىدا ئېلىپ بارىدىغان ئومۇملاشقان تەپەككۇر پائالىيىتىدۇر.

بۇ باسقۇچتا يازغۇچى باش تېمىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئېھتىياجى ئاساسىدا تېمىلارنى تاللاپ، تاۋلاپ، پېرسوناژ يارىتىپ، سيۇژىتلارنى تەشكىللەپ ھەمدە مۇۋاپىق شەكلىي ئامىللار ئارقىلىق ئىدىيىۋى مەزمۇنلارنى قانداق ئىپادىلەشنى كۆڭۈلدە پىشۇرىدۇ ۋە بېكىتىدۇ.

## 41. بەدىئىي پىكىر يۇرگۇزۇشنىڭ قانداق ئۇسۇللىرى بار؟

جاۋاب: يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت ئۇيى ۋە ئادىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ بەدىئىي پىكىر يۇرگۇزۇش ئۇسۇللىرىمۇ ھەرخىل بولىدۇ. بەزىلەر قەلەم تەۋرەتمەي تۇرۇپ يازماقچى بولغانلىرىنى «كۆڭۈلدە پىشۇرۇش» قا ئادەتلەنگەن. بەزىلەر قانچىلىك ئويلىسا شۇنچىلىك يېزىپ، ئويلىغانلىرىنى داۋاملىق ئۆزگەرتىپ، تولۇقلاپ يېزىشقا ئادەتلەنگەن. بەزىلەر يازماقچى بولغانلىرى ھەققىدە قەغەزگە قىسقا «تېزىس» تۈزۈۋېلىپ، ئاندىن شۇ تېزىس ئاساسىدا رەسمىي يېزىشقا ئادەتلەنگەن. مەيلى قايسى خىل ئۇسۇل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بەدىئىي پىكىر يۇرگۇزۇش قەغەزگە تېزىس تۈزۈش بىلەن كۆڭۈلگە تېزىس تۈزۈشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. تېزىس يېزىش ئەدەبىي ئىجادىيەتتە، بولۇپمۇ رومان، داستان قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەر ئىجادىيىتىدە ئىنتايىن مۇھىم. تېزىستا مۇنداق مۇھىم مەزمۇنلار خاتىرىلىنىدۇ. بىرىنچىدىن، پېرسوناژلار تىزىملىكى: بۇنىڭدا پېرسوناژلارنىڭ رەت تەرتىپى، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى، ئەسەردىكى

ئورنى، پورترېتى قاتارلىقلار خاتىرىلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، ۋەقە ـ سيۇژېتنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى. بۇنىڭدا پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ـ توقۇنۇشلار، ئۇلارنىڭ سەۋەبلىرى ۋە نەتىجىسىنىڭ يوشۇرۇلۇشى ۋە ئاشكارىلىنىشى قاتارلىقلار. ئۈچىنچىدىن، مەزمۇنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى. بۇنىڭدا باش تېمىنى قانداق گەۋدىلەندۈرۈش، ھەرقايسى بۆلەكلەرنىڭ مەزمۇنىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش، قانداق باشلاش قاتارلىقلار خاتىرىلىنىدۇ.

## 42. بەدىئىي ئىلھام دېگەن نېمە، ئۇنىڭغا قانداق قاراش كېرەك؟

جاۋاب: بەدىئىي ئىلھام (شېئىرىي تەپەككۇر) سەنئەتكارلارنىڭ شەيئى ۋە ھادىسىلەردىن قاتتىق تەسىرلەنگەندە، روھىي دۇنياسىدا چاقماق تېزلىكىدە تەبىئىي پەيدا بولۇپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئالاھىدە پىسخىك پائالىيەت ياكى تەپەككۇر پائالىيىتى.

ئىلھام تاسادىپىي پەيدا بولىدىغان، زورۇقۇپ ئىزشكىلى بولمايدىغان نەرسە. ئۇ قىسقا مۇددەت ئىچىدە تەبىئىي پەيدا بولۇپ، تېزلا غايىپ بولىدۇ. ئۇ ھېسسىياتنىڭ ئۇرغۇشى ۋە ئەڭ يۇقىرى پەللىسى. ئىلھام ئىجادىيەت جەريانىدىكى مەنىۋى توسالغۇلاردىن ھالقىپ ئۆتۈش، ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ئىجادىيەت مۇددىئاسىنى روشەنلەشتۇرۇشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

ئىلھام چۈشەنگىلى بولمايدىغان سىرلىق نەرسە ئەمەس، ئۇ باشقا تەپەككۇر پائالىيەتلىرىگە ئوخشاش ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى. ئىلھام يازغۇچى ـ شائىرنىڭ مول تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە تەسىراتىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا شەيئى، ھادىسىلەرنىڭ ئادەم تەپەككۇرىنى كۈچلۈك قوزغىتىشى بىلەن ئادەمنىڭ ئىدىيە ـ كەيپىياتى يۇكسەك مەركەزلەشكەندە پەيدا بولىدىغان روھىي ھادىسە. شۇڭا، ئىلھامغا سىرلىق نەرسە دەپ

قاراشنىڭ ھاجىتى يوق.

## 43. بەدىئىي ئىپادىلەشكە قانداق تەلەپ قويۇلىدۇ؟

جاۋاب: بەدىئىي ئىپادىلەش ئىجادىيەت جەريانىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى، يەنى قولغا قەلەم ئېلىپ يېزىش باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا يازغۇچى ئۆزىنىڭ بەدىئىي ماھارىتىگە تايىنىپ ۋەقەلەرنى بايان قىلىدۇ، پېرسوناژلارنى سۈرەتلەيدۇ، ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى مەزمۇنىي ئامىللار بىلەن شەكلىي ئامىللارنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بەلگىلىك ئىجتىمائىي مەنىنى ئىپادىلەيدىغان بەدىئىي ئوبرازلارنى سۈرەتلەپ چىقىدۇ. بۇ باسقۇچتا يازغۇچىغا قويۇلىدىغان تەلەپ شۇكى، دەۋرنىڭ خاراكتېرى، مىللەتنىڭ خاراكتېرىنىڭ تەرەققىيات مەنتەقىسى ئاساسىدا ھادىسىلەر ئارقىلىق ماھىيەتنى ئېچىپ بېرىش، ئۆزىگە خاس بەدىئىي ماھارەت ئارقىلىق ئۆز ئەسىرىنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

خۇلاسە قىلغاندا، ئىجادىيەت جەريانىدىكى ماتېرىيال توپلاش باسقۇچى، بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈش باسقۇچى ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش باسقۇچىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس مەزمۇنى، ئالاھىدىلىكى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار پۈتكۈل ئىجادىيەت جەريانىدا ئۆزئارا باغلىنىپ، ئۆزئارا گىرەلىشىپ، تولۇقلىنىپ كونكرېت ئەسەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

# Ⅱ باب ئەدەبىياتنىڭ ئوبراز يارىتىش ۋاستىسى، مەنبەسى، خاراكتېرى، ئىجتىمائىي رولى

## 1. ئەدەبىياتنى نېمە ئۈچۈن تىل سەنئىتى دەيمىز؟

جاۋاب: بارلىق سەنئەت شەكىللىرىنى ئوبراز يارىتىش ۋاستىسىنىڭ (قورالىنىڭ) ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن تەسۋىرىي سەنئەت، سەھنە سەنئىتى، ئۇنىۋېرسال سەنئەت، تىل سەنئىتىگە بۆلىمىز.

تەسۋىرىي سەنئەت (سۈرەتلەش سەنئىتى). بۇنىڭدا رەڭ، بوياق، تەسۋىرىي سىزىق قاتارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، بەدىئىي ئوبراز يارىتىپ تۇرمۇش ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بۇنىڭغا رەسساملىق، نەققاشلىق، ھەيكەلتىراشلىق ۋە خەتتاتلىق قاتارلىقلار كىرىدۇ.

سەھنە سەنئىتى (ئورۇنلاش سەنئىتى) دە ئاھاڭ، ئۇدار (ئاھاڭ رىتىمى)، ھەرىكەت، ھەرىكەت ئۆزگىرىشلىرى، يەنى ئارتىسلارنىڭ سەھنىدە ئورۇندىشى ئارقىلىق ئوبراز يارىتىلىدۇ. بۇنىڭغا ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكا، سېركچىلىك قاتارلىقلار كىرىدۇ.

ئۇنىۋېرسال سەنئەتتە، ھەرخىل سەنئەت شەكىللىرىنىڭ ئوبراز يارىتىش ۋاستىلىرى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ماسلاشتۇرۇلۇپ ئوبراز يارىتىلىپ تۇرمۇش ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئۇنىۋېرسال سەنئەتكە كىنو، تېلېۋىزىيە، دراما قاتارلىقلار كىرىدۇ.

تىل سەنئىتىدە، پەقەت تىل ۋاستە قىلىنىپ ئوبراز يارىتىلىپ رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بۇنىڭغا پەقەت ئەدەبىياتلا كىرىدۇ. تىل — ئەدەبىياتنىڭ ئوبراز يارىتىشتىكى بىردىنبىر قورالى.

يازغۇچى رېئاللىقنى كۆزىتىش، ماتېرىيال تاللاشتىن تارتىپ تاكى ئوبرازلارنى سۈرەتلەش، ۋەقەلەرنى بايان قىلىش، ھېسسىياتنى ئىپادىلەشكە بولغان جەريانلارنىڭ ھەممىسىدە تىلنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تىل بولمايدىكەن ئەدەبىياتمۇ بولمايدۇ. شۇڭا، ئەدەبىياتنى تىل سەنئىتى دەيمىز.

## 2. تىل سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى قايسى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

جاۋاب: تىل سەنئىتى ھېسابلانغان ئەدەبىيات ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەر بىلەن باشقا سەنئەت شەكىللىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئاساسەن كىتابخانلارنىڭ بەدىئىي ئوبرازلارنى ئىگىلىشىدە تىلنىڭ ۋاستىچانلىق رول ئوينايدىغانلىقى، تىل سەنئىتىنىڭ ئىپادىلەش دائىرىسىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

تىل سەنئىتىنىڭ ۋاستىچانلىقى: ئالايلى، رەسساملىق، ناخشا، ئۇسسۇل، كىنو، تىياتىر قاتارلىق سەنئەت شەكىللىرىدە يارىتىلغان ئوبرازلارنى كىشىلەر كۆز، قۇلاق، بەدەن قاتارلىق سەزگۈ ئورگانلىرى ئارقىلىق بىۋاسىتە ھېس قىلىپ، ئۇلارنى بىۋاسىتە ئىگىلىيەلەيدۇ. يەنى شۇ خىل سەنئەتلەردە ئىپادىلەنگەن بەدىئىي ئوبرازلارنى بىۋاسىتە كۆرەلەيدۇ، ئاۋازىنى بىۋاسىتە ئاڭلىيالايدۇ. بىراق، ئەدەبىي ئەسەرلەردە (تىل سەنئىتىدە) تەسۋىرلەنگەن بەدىئىي ئوبرازلار ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكەت، پائالىيەتلىرى يازغۇچى تەرىپىدىن ھەرقانچە جانلىق، روشەن تەسۋىرلەنگەن تەقدىردىمۇ، كىتابخانلار ئۇ بەدىئىي ئوبرازلارنى بىۋاسىتە كۆرەلمەيدۇ، ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايدۇ. كىتابخانلار ئۇلارنى پەقەت ئەسەر تىلىنىڭ يېتەكلىشى ياكى ۋاستىلىكى بىلەن ئاندىن تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. يەنى كىتابخانلار ئەسەر تىلىنىڭ لېكسىكىلىق ۋە گرامماتىكىلىق مەنىسىنى چۈشىنىش ئاساسىدا بەدىئىي ئوبرازلار كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، گويا ئۇلارنى كۆرۈۋاتقاندەك، ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتقاندەك تۇيغۇ ـ تەسىراتقا ئىگە بولىدۇ

ۋە ئۇلارنى ئىگىلەيدۇ. مانا بۇ، تىل سەنئىتىنىڭ باشقا سەنئەتلەرگە ئوخشىمايدىغان ۋاسىتىچانلىق رولىدىن ئىبارەت.

تىل سەنئىتىنىڭ ئىپادىلەش دائىرىسىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقى: تىل سەنئىتىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ، ماھىيەتنى ئىپادىلەش دەرىجىسى چوڭقۇر، باشقا سەنئەت شەكىللىرى ئۇنداق ئەمەس. ئالايلى، تەسۋىرىي سەنئەتتە مەلۇم بوشلۇق، مەلۇم تەكشىلىكتىكى بىرەر خىل قىياپەت ياكى بىرەر خىل كۆرۈنۈشنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا ئۇلاردا ھەرىكەت، قىياپەت، ۋاقىت، ئورۇن جەھەتلەردە كۆپ چەكلىمىلەرگە ئۇچرايدۇ. مۇزىكا، ئۇسسۇل، دىراممىلاردىمۇ ۋاقىت، ئورۇن چەكلىمىسى بىرقەدەر كۆپ، شۇنداقلا بەزى تەپسىلاتلارنى روشەن ئىپادىلەش، ھېسسىياتنى چوڭقۇر ئىپادىلەش قاتارلىقلاردا باشقا سەنئەت شەكىللىرى كۆپ چەكلىمىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. لېكىن، تىل سەنئىتى بۇ جەھەتلەردە كۆپ چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ، بولۇپمۇ ھېكايە، رومان، داستانلاردا ھەرخىل بەدىئىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە تاشقى قىياپەتلىرىگە ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇرلاپ ئېچىپ بېرىش ئىمكانىيىتى زور بولىدۇ. تىل سەنئىتىدە ئەسەرنىڭ ھەجىمىنى زورايتىش، ۋاقىت، ئورۇن، شارائىتلارنى تەسۋىرلەش كۆپ چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ، بۇ خىل ئالاھىدىلىك تىل سەنئىتىنىڭ باشقا سەنئەتلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان يەنە بىر ئالاھىدىلىكى.

## 3. ماركسىزمچىلار ئەدەبىيات بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتىگە قانداق قارايدۇ؟

جاۋاب: ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت ئىجتىمائىي ئاڭنى بەلگىلەيدۇ، ئىجتىمائىي ئاڭ ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىياتمۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنسان مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى. ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسى ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئەدەبىيات ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى.

لېكىن بۇ، ئىنكاس مېخانىك ھالدىكى (بىر خىل ئۆلچەمدە ياسالغان ماشىنا زاپچاسلىرىنىڭ بىر خىل رىتىم بىلەن ئايلىنىشى) پاسسىپ ئىنكاس بولماستىن، بەلكى يازغۇچى - سەنئەتكارلار تەرىپىدىن تاللاپ، تاۋلاپ، پىششىقلانغان، رېئال تۇرمۇشتىن يۇكسەك تۇرىدىغان، رېئال تۇرمۇشقا قارىغاندا تېخىمۇ چىن، تېخىمۇ تىپىك، تېخىمۇ مەركەزلەشكەن، تېخىمۇ غايىۋى ئىنكاستۇر.

## 4. ماركسىزم بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بارلىققا كېلىش سەۋەبلىرى ھەققىدە قانداق قاراشلار ئوتتۇرىغا چىققان؟

جاۋاب: ماركسىزمغىچە بولغان تارىخي ماتېرىيالىزم بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى تارىخي سەۋەبلەر ھەققىدە غەرب ئەللىرىدە ھەرخىل قاراشلار ئوتتۇرىغا چىققان.

بىرىنچى، ئەدەبىيات - سەنئەت تەبىئەتكە تەقلىد قىلىشنىڭ نەتىجىسى، دېگەن قاراش. بۇ خىل تەقلىدچىلىك تەلىماتىنى يۇنان (گرېتسىيە) پەيلاسوپى دېموكرىت ۋە ئارستوتېللار تەشەببۇس قىلغان. ئۇلار: ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدە باشقا شەيئىلەرنى دوراشتىن ئىبارەت تۇغما قابىلىيەت، تۇغما سەزگۈ بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئادەملەر ھايۋانلارنىڭ سەكرەشلىرىگە قاراپ ئۇسسۇل ئويناشنى، قۇشلارنىڭ سايراشلىرىغا قاراپ ناخشا ئېيتىشنى ئۆگەنگەن. ئەدەبىيات - سەنئەت دوراشتىن ئىبارەت تۇغما قابىلىيەتنىڭ مەھسۇلى دەپ قارىغان.

ئىككىنچى، ئۆز - ئۆزىنى ئىپادىلەشنىڭ نەتىجىسى، دەپ قاراش. بۇ تەلىمات XIX ئەسىردە ياۋروپادا بىر تۈركۈم پسىخولوگىيە ئالىملىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇلار «ئىنسانلار تاكى بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا ئۆزلىرىنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. بۇ خىل ئىقتىدار تىل، تاۋۇش، بەدەن ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، مۇزىكا، ئۇسسۇل، ئەدەبىياتنى ۋۇجۇدقا چىقارغان» دەپ قارىغان. ئۇلار يەنە

«ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسى يازغۇچىنىڭ ئىچكى ئۆزگىرىشى، ئىچكى ھەرىكىتى، قەلب ۋە ئۆز - ئۆزىنى ئىپادىلىشى» دەپ ھېسابلىغان. بۇ ساپ سۇبيېكتىۋىزملىق تەلىمات بولۇپ، ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ بىرلەمچىلىك رولىغا ئېتىبارسىز قارىغان.

ئۈچىنچى، كۆڭۈل ئېچىش، ئويۇن - تاماشىنىڭ نەتىجىسى، دەپ قاراش. بۇ خىل قاراشنى گېرمانىيىلىك كانت (1724 - 1804) بىلەن شىللېر قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويغان. شىللېر مۇنداق قارىغان: ئىنسانلار دۇنيادا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئاسارەتكە ئېلىنىپ، ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ روھىي كۈچى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزلىرىگە ئويۇن - تاماشادىن ئىبارەت ئەركىنلىك زېمىنى ھازىرلىدى. ئويۇن - تاماشاغا بولغان بۇ خىل قابىلىيەت ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى… ئادەم تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋانلارغا ئوخشاشمايدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك، ئەقىللىق ھايۋان، ئۇلاردا قورساق تويغۇزۇپ ئۆزىنى قوغداشتىن سىرت، يەنە بىر خىل ئەقىل - پاراسەتمۇ بولىدۇ. بۇ خىل ئەقىل - پاراسەتنىڭ ئىپادىلىنىشى (تىل ۋە بەدەن ھەرىكىتى ئارقىلىق) سەنئەت ۋە ئويۇن تاماشادۇر، دېگەننى تەشەببۇس قىلغان. شۇ ئارقىلىق «سەنئەتنىڭ كېلىش مەنبەسى كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئويۇن - تاماشادۇر» ، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

تۆتىنچى، دىنىي ئېتىقادنىڭ نەتىجىسى، دەپ قاراش. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى غەربتىكى بىر قىسىم مەدەنىيەت - تارىخ ئالىملىرى ئىپتىدائىي سەنئەت قەدىمكى ئىپتىدائىي دىنىي پائالىيەتلەردىن پەيدا بولغان، دەپ ھېسابلىغان. ۋي كاڭ. فەن لوڭ «بەزىلەر بارلىق سەنئەتنىڭ ھەممىسى دىنىنىڭ مەھسۇلى، دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرىدۇ…» . بۇ تەبىئىيكى ئەدەبىياتنىڭمۇ مەنبەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېگەن، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىپتىدائىي ئادەملەر ئۆزلىرىگە بەخت ۋە بالايىئاپەت كەلتۈرىدىغان خۇداغا ئىلتىجا قىلىش ئۈچۈن پىرىخونلار (باخشىلار) نىڭ باشچىلىقىدا دائىم

رەسىم، ناخشا، بۇت (ھەيكەل)، نىقاب قاتارلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقان. خۇشاللىق خۇداسى، قارشى ئېلىش خۇداسى قاتارلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق قەلبىنى خۇداغا تۇتاشتۇرماقچى بولۇشقان. بەزىدە خۇداغا پارا بېرىش، دۈشمەنگە ئەپسۇن ئوقۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشقان. «شۇ. يى شۇن» دېگەن كىتابتا «پېرىخونلۇق جۇرئەتلىك ئۇسسۇل ئەزالىرى ۋە قانغۇدەك ناخشا ئۆيلىرىدە بولىدۇ.» دەپ يېزىلغان. «بايانىنامە» دېگەن كىتابتا «ناخشا – ئۇسسۇل پېرىخونلارنىڭ كارامىتى» دېيىلگەن. بەزى ئەپسانىلەردە ھۆر – پەرىلەرنىڭ سامادا، بۇلۇت ئۈستىدە بەزمە قۇرۇپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشى، جىن – ئالۋاستىلارنىڭ باياۋانلاردا، ئەسكى تۈگمەنلەردە، قويۇق ئورمانلىقلاردا كېچىلىرى ساز چېلىپ، ئۇسسۇل ئوينىشى، بەزى ئادەملەرنى ئازدۇرۇپ ئاچىقىپ پېرىخونلۇقنى ئۆگىتىشى قاتارلىق مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇنداق ئەپسانىلەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئەدەبىيات – سەنئەتنىڭ مەنبەسى ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتتىن ئايرىپ قارىلىپ، ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسى يەنىلا ئىنسانلارنىڭ سۇبيېكتىپ تەسەۋۋۇرىغا باغلاپ قويۇلغان. يۇقىرىدىكى قاراشلارنىڭ ھەممىسى زور دەرىجىدە بىر تەرەپلىمە بولۇپ، ھادىسىلەر ماھىيەت قىلىپ كۆرسىتىلگەن. شۇڭا، سەنئەتنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئىلمىي كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ.

## 5. ماركسىزمچىلارنىڭ ئىپتىدائىي سەنئەتنىڭ بارلىققا كېلىش مەنبەسى توغرىسىدىكى تۈپ قارىشى قايسى؟

جاۋاب: ماركسىزملىق ماتېرىيالىستلار ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەدەبىيات – سەنئىتى ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي ئەمگەك تۇرمۇشىنى كېلىش مەنبەسى قىلغان دەپ قارايدۇ. ئېنگېلس بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «پەقەت ئەمگەكنىڭ نەتىجىسىدىلا، يېڭىدىن – يېڭى ھەرىكەتلەرگە ماسلىشىش نەتىجىسىدىلا، شۇ يول بىلەن پەيدا بولغان مۇسكۇللارنىڭ، پەيلەرنىڭ، شۇنىڭدەك ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت

داۋامىدا سۆڭەكلەرنىڭ ئالاھىدە تەرەققىي قىلىشىنىڭ نەسلىدىن ـ نەسلىگە قېلىش نەتىجىسىدىلا، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەسلىدىن ـ نەسلىگە قالغان بۇنداق ئەپچىللىكنىڭ بارغانسېرى يېڭى شەكىللەر بىلەن يېڭى ھەم بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىۋاتقان ھەرىكەتلەردە ئىشتىلىشى نەتىجىسىدىلا، ئۇنىڭ بۇ ئاساستا گويا سېھرىي كۈچ بىلەن دېگەندەك، فارائېلنىڭ رەسىملىرىنى، تورۋالدېنىڭ ھەيكەللىرىنى، فاگانىنىنىڭ مۇزىكىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.» پېلخانوپ مۇنداق دېگەن: «ئويۇن ـ تاماشا ئەمگەكنىڭ مەھسۇلى، ئەمگەك ۋاقتىدا مۇقەررەركى ئويۇن ـ تاماشا بولىدۇ.»، «ئالدى بىلەن ئەمگەك ئاندىن سەنئەت. ئومۇمەن، كىشىلەر ئەڭ دەسلەپ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى پايدا ـ مەنپەئەت نۇقتىئىنەزىرىدىن قاراپ مۇئامىلە قىلىدۇ.» يۇقىرىقىلاردىن چۈشىنىشكە بولىدىكى، ئەمگەك يالغۇز ئىنسانلارنى ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈپلا قالماي، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىمۇ بارلىققا كەلتۈرگەن.

## 6. ماركسىزمچىلار ئوتتۇرىغا قويغان ئىپتىدائىي سەنئەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر قايسى؟

جاۋاب: بىرىنچى، ئەمگەكنى تەشكىللەپ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش ئېھتىياجى ئىپتىدائىي سەنئەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى بىر ئوبيېكتىپ سەۋەب. ئىپتىدائىي ئادەملەر كوللېكتىپ ئەمگەك قىلغاچقا ئەمگەك جەريانىدا ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئەمگەك ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، ھېرىش ـ چارچاشنى ئۇنتۇش، ھاردۇق چىقىرىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن تەبىئىي ھالدا ئەمگەك رىتىمىغا ماس كېلىدىغان رىتىملىق، رەتلىك ئەمگەك تاۋۇشلىرىنى بىرلىكتە توۋلىغان. بۇ خىل رىتىملىق ئەمگەك تاۋۇشلىرى ئەينى دەۋردىكى ئىپتىدائىي مۇزىكا بولۇپ، بۇ خىل ئاددىي مۇزىكىلار بەلگىلىك مەنىگە ئىگە ئاددىي تىل تاۋۇشلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئەمگەك كۈيى ياكى ئەمگەك ناخشىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئىككىنچى، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ۋە ئەۋلاد تەربىيىلەش ئېھتىياجى ئىپتىدائىي سەنئەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى يەنە بىر ئوبيېكتىپ سەۋەب. ئىپتىدائىي ئادەملەر ئەمگەك جەريانىدا ئوبيېكتىپ دۇنيانى تەدرىجىي يوسۇندا ئاددىي بىلىشكە باشلىغان. گەرچە بۇ بىلىش يۈزەكى ۋە ئىلمىي بولمىغان بىلىش بولسىمۇ، ھەرھالدا ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا بىلىش ئىدى. ئۇلار دائىم ئەمگەك تەجرىبىلىرىنى ئەۋلادلىرىغا ئۆگىتىشنى ئۆزئارا ئەمگەك تەجرىبىلىرىنى، ئۇسۇللىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئۆز تەجرىبىلىرىنى بېيىتىش ئارقىلىق كۆپرەك ئەمگەك مېۋىسىگە ئىگە بولۇشنى ئويلايتتى. بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجى ئىدى. ئاشۇ ئېھتىياج تۈرتكىسىدە ئۆزلىرىنىڭ دۇنيانى كۆزىتىش ۋە بىلىش ئاساسىدا توپلىغان ئەمگەك تەجرىبىلىرىنى، شادلىق تەنتەنىسى، قورقۇنچ ۋە قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىنى تام سۈرەتلىرى، تام ئويمىلىرى، ئاددىي ئۇسسۇل، مۇزىكىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەشكەن.

ئۈچىنچى، تەبىئەت كۈچلىرىنى بويسۇندۇرۇش ئارزۇسى ئىپتىدائىي سەنئەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم سەۋەب. ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى كۆزىتىش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارى ئىنتايىن تۆۋەن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىمۇ ئىنتايىن قالاق بولغاچقا، تەبىئەت دۇنياسى ئۇلارنىڭ ئالدىدا بويسۇندۇرغىلى بولمايدىغان چەكسىز كۈچ ـ قۇدرەتلىك ۋە سېھىرلىك كۆرۈنەتتى. ئۇلار مۇشەققەتلىك ئەمگىكى ئارقىلىق جېنىنى ئارانلا ساقلاپ قالالايتتى. شۇڭا، ئۇلار دائىم تەبىئەت كۈچلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، مول ئەمگەك مېۋىلىرىگە ئىگە بولۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئۇلار ئاشۇ ئارزۇ ۋە ئېھتىياج تۈرتكىسىدە تەبىئەت كۈچلىرى ۋە ياۋايى ھايۋانلار ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە جېنىنىڭ بارىچە تىرىشاتتى. گەرچە ئۇلار ئۆز ئارمانلىرىغا ئەمەلىيەتتە تولۇق يېتەلمىسىمۇ، ئەپسانە، رەسىم، مۇزىكا، ئۇسسۇل قاتارلىق سەنئەت شەكىللىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئاشۇ سەنئەت شەكىللىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇلىرىنى، ئەمگەك تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

**7. ئىجتىمائىي تۇرمۇش توغرىدىن ـ توغرا ئەكس ئەتتۇرۇلمىگەن ئەپسانە، رىۋايەتلەرنى رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى دېگىلى بولامدۇ؟**

جاۋاب: مەيلى ئىجتىمائىي تۇرمۇش توغرىدىن ـ توغرا تەسۋىرلەنگەن بايان خاراكتېرلىك ئەدەبىي ئەسەرلەر بولسۇن، مەيلى كۈچلۈك ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئىپادىلىنىدىغان لىرىك ئەسەرلەر بولسۇن ھەممىسى يازغۇچى ـ شائىرنىڭ رېئاللىقتىن ئالغان تۇيغۇ ـ تەسىراتىنىڭ ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى. بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى ئىجتىمائىي تۇرمۇش. بۇ جەھەتتە چوڭ تالاش ـ تارتىش يوق. لېكىن ئەپسانە، رىۋايەت قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى مەسىلىسىدە قاراش بىردەك ئەمەس. بەزىلەر ئەپسانە، رىۋايەت قاتارلىق خىيالىي تەسەۋۋۇر، فانتازىيە يولى بىلەن مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەرنى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى دېگىلى بولمايدۇ، ئۇنداق ئەسەرلەر يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ تەسەۋۋۇرىنىڭ مەھسۇلى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراش ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى مەنبە قىلىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان، سەنئەت تۇغما تالانتنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايدىغان بىر تەرەپلىمە قاراشتۇر. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت رېئاللىقنىڭ يازغۇچى مېڭىسىدىكى ئىنكاسى. بۇ ئىنكاس رېئاللىقتا نېمە بولسا شۇ پېتىچە كۆچۈرۈلۈپ قويۇلىدىغان پاسسىپ ئىنكاس بولماستىن، بەلكى سەنئەتكارلارنىڭ تاللاش، تاۋلاش، ئومۇملاشتۇرۇش، مەركەزلەشتۈرۈش، ھەتتا قايتا تەسەۋۋۇر قىلىش، توقۇلما قىلىشتەك پىششىقلاش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن، بەلگىلىك ئىجتىمائىي ماھىيەتنى ئىپادىلەيدىغان ئاكتىپ ئىنكاستۇر. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تۇرمۇش توغرىدىن ـ توغرا ئەكس ئەتتۇرۇلمىگەن ئەپسانە، رىۋايەت قاتارلىق ئەسەرلەرمۇ ئەينى دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى، رېئال زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش، ئۆز

شارائىتىنى ئۆزگەرتىش جەھەتتىكى ئارزۇ ـ تەلپىنىڭ ئىنكاسى. ئادەملەر بىلەن ئادەملەر، ئادەملەر بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئۆز ئىقتىدارىغا يارىشا كۆزىتىش ۋە چۈشىنىشىنىڭ ئىنكاسى. ئۇلارنىڭ رېئاللىقنى ئۆزىنىڭ كېلىش مەنبەسى قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

## 8. ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسى نېمە، ئېقىنچۇ؟

جاۋاب: ماۋزېدۇڭ «خەلق تۇرمۇشىدا ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە خام ئەشيا بولىدىغان قېزىلما بايلىقلار مەۋجۇت، بۇلار تەبىئىي ھالەتتىكى نەرسە، خام نەرسە، لېكىن ئەڭ جانلىق، ئەڭ مول، ئەڭ ئاساسىي نەرسە»، «ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس بىردىنبىر مەنبەسىدۇر. چۈنكى، مۇشۇ بىرلا مەنبە بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭدىن باشقا ئىككىنچى مەنبە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دېگەن. دېمەك، ئەدەبىيات سەنئەتنىڭ مەنبەسى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتۇر.

ئەجدادلار قالدۇرۇپ كەتكەن ئەدەبىي مىراسلارغا (مەيلى چەت ئەلنىڭ مەيلى ئۆزىمىزنىڭ) ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئوزۇق، ئۆرنەك ئېلىش، شۇ ئارقىلىق ئۆز دەۋرىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ئەزەلدىن ھازىرغىچە، ھازىردىن كەلگۈسىگىچە داۋاملىشىپ ماڭىدىغان ئەدەبىي ئەنئەنە ياكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى. مانا شۇنداق ئەجدادلارنىڭ ئەنئەنىسىگە كېيىنكىلەرنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىنى ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدە ئەدەبىي ئەنئەنە ياكى ئەدەبىي «ئېقىن» دەپ ئاتايمىز.

## 9. «مەنبە» بىلەن «ئېقىن» نىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: بەزىلەر قەدىمكى ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى بۈگۈنكى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مەنبەسى بولالايدۇ، دەپ قارايدۇ.

بۇنداق قاراش توغرا ئەمەس. بىزنىڭچە، قەدىمكىلەرنىڭ ۋە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىنى ئۆگىنىش، ئۇلاردىكى ئېسىل مەزمۇن ۋە بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلەردىن ئوزۇق ئېلىش، ئۇنى ئەينەك قىلىش بۈگۈنكى ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يەنىلا ئىنتايىن مۇھىم، لېكىن ئۇلارنى مەنبە دەپ قاراشقا ياكى مەنبە قىلىۋېلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. ئۇلار قەدىمدىن بىزگىچە داۋاملىشىۋاتقان، بىز ئەينەك سۈپىتىدە پايدىلىنىۋاتقان ئېقىندىن ئىبارەت. «ئېقىن»نى «مەنبە» ئورنىغا دەسسەتكەندە، رېئال تۇرمۇشتىن يىراقلىشىپ قىڭغىر يولغا كىرىپ قالىمىز. نەتىجىدە بۈگۈنكى رېئاللىقنى، دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرگىلى بولمايدۇ. «مەنبە» بىلەن «ئېقىن»نىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ھەرگىزمۇ «ئېقىن»نىڭ رولىغا سەل قارىغانلىق ئەمەس، قەدىمكىلەرنىڭ ۋە چەت ئەلنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى شۇ زامان، شۇ ماكاندىكى خەلق تۇرمۇشىنى مەنبە قىلىپ بارلىققا كەلگەن نەرسىلەر. بىز ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن يۈكسەك ئىدىيىۋى مۇۋەپپەقىيەت ۋە گۈزەل بەدىئىي ماھارەتلەرنى ئەينەك قىلساق، بۈگۈنكى ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن پايدىلىق.

## 10. تۇرمۇش چىنلىقى دېگەن نېمە، بەدىئىي چىنلىقچۇ؟

جاۋاب: ئىجتىمائىي رېئاللىقتا مەۋجۇت بولغان ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلار تۇرمۇش چىنلىقى دېيىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي ئېقىم، تارماق ئېقىم، راستى، ساختىسى، ماھىيەتلىك، ماھىيەتسىز، تاسادىپىي ۋە مۇقەررەرلىككە ئىگە بولغان شەيئىلەر ئارىلىشىپ تۇرىدۇ. ئۇلار باي، خىلمۇخىل، تارقاق، چېچىلاڭغۇ، تەبىئىي ماتېرىياللار بولۇپ، ئۇلار بەدىئىي چىنلىقنىڭ ئاساسى.

ئىجتىمائىي رېئاللىق ئاساسىدا ئومۇملاشتۇرۇش، مەركەزلەشتۈرۈش، پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق ئىجاد قىلىنغان بەدىئىي ئوبرازنىڭ تۇرمۇشنىڭ مەلۇم ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى چىنلىق بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشى بەدىئىي چىنلىق دەپ ئاتىلىدۇ.

بەدىئىي چىنلىق تۇرمۇش چىنلىقىنى ئاساس قىلىدۇ.

**11. تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن بەدىئىي چىنلىقنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟**

جاۋاب: بەدىئىي چىنلىق بىلەن تۇرمۇش چىنلىقى زىچ مۇناسىۋەتلىك. بەدىئىي چىنلىق تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدۇ. تۇرمۇش چىنلىقى بولمىسا بەدىئىي چىنلىق بولمايدۇ. گەرچە بەدىئىي چىنلىق تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدا مەيدانغا كەلسىمۇ، لېكىن ئۇ تۇرمۇش چىنلىقىغا ئوخشاشمايدىغان، ئۇنىڭدىن يۇكسەك تۇرىدىغان ۋە ماھىيەتنى ئىپادىلەيدىغان چىنلىقتۇر.

**12. تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن بەدىئىي چىنلىق قانداق پەرقلىنىدۇ؟**

جاۋاب: تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن بەدىئىي چىنلىق ئوتتۇرىسىدا مۇنداق پەرق بار:

بىرىنچى، تۇرمۇش چىنلىقى ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلار، يەنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى تەبىئىي ھالەتتىكى نەرسىلەرگە قارىتىلغان. بەدىئىي چىنلىق بولسا ئومۇملاشتۇرۇش، مەركەزلەشتۇرۇش، بەدىئىي ئىش قوشۇش ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى ئىپادىلەشكە قارىتىلغان.

ئىككىنچى، تۇرمۇش چىنلىقى پاكىت جەھەتتىكى چىنلىق. ئۇ ئىنتايىن باي، ھەقىقىي بولىدۇ. بۇ خىل چىنلىق مەيلى قانچىلىك ھەقىقىي ۋە تىپىكلىككە ئىگە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ كۆرۈنۈش جەھەتتىكى، شەكىل جەھەتتىكى چىنلىق بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ماھىيەت ۋە ئىدىيىۋى ئەھمىيەت گەۋدىلىك ۋە روشەن ئىپادىلەنمەيدۇ. بەدىئىي چىنلىق رېئال تۇرمۇش ئاساسىدا تاللاش، پىششىقلاش ئارقىلىق بارلىققا كەلتۇرۇلگەچكە، كۆرۈنۈش ياكى شەكىل جەھەتتىكى چىنلىققا (تۇرمۇش چىنلىقىغا) قارىغاندا تېخىمۇ روشەن، تېخىمۇ تىپىك، تېخىمۇ چىن، تېخىمۇ غايىۋى ۋە ئومۇمىي خاراكتېرلىك بولىدۇ.

ئۈچىنچى، تۇرمۇش چىنلىقى تەبىئىي ھالەتتىكى خام ماتېرىيال بولغاچقا، ئۇ يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ باھاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بولىدۇ. بەدىئىي چىنلىق بولسا يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان سۇبيېكتىپ باھاسىنى، باھاسى بولغاندىمۇ توغرا باھاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### 13. نېمە ئۈچۈن چىنلىقنى ئەدەبىياتنىڭ جېنى دەيمىز؟

جاۋاب: ئىنسانىيەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىن قارىغاندا، ئىجتىمائىي تۇرمۇش چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇلۇپ، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى ياكى قانۇنىيىتى، بۇ ماھىيەت ياكى قانۇنىيەتنىڭ مەلۇم تەرىپىنى ھەقىقىي ئىپادىلەپ بېرەلىگەن ئەسەرلەرلا كىشىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۇلارنى كۈچلۈك تەسىرلەندۈرۈپ، زور ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلغانلىقى ئۈچۈن يۈكسەك ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي قىممەتكە ئىگە ئەسەر ھېسابلانغان. رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن، رېئاللىقتىن يىراقلاپ كەتكەن ياكى رېئاللىقنى بۇرمىلىغان ئەسەرلەر كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولالمىغان ياكى ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالالمىغان. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، چىنلىقنى ئەدەبىياتنىڭ جېنى ياكى ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇشىنىڭ ئاساسى دەيمىز.

### 14. سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىيات يورۇقلۇقنى مەدھىيىلەش بىلەن قاراڭغۇلۇقنى پاش قىلىشقا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشى كېرەك؟

جاۋاب: ھەرقانداق جەمئىيەتتە يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا، يورۇقلۇقنى مەدھىيىلەش بىلەن قاراڭغۇلۇقنى پاش قىلىش بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدىغان ئىككى تەرەپ. بىرەر پارچە ئەسەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، يورۇقلۇقنى مەدھىيىلەش ئاساس قىلىنغان بولۇشىمۇ ياكى قاراڭغۇلۇقنى پاش قىلىش ئاساس قىلىنغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

بۇنىڭدا مۇھىمى پاش قىلىش ياكى مەدھىيىلەش بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ياكى بۇرمىلاپ ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىدە. يازغۇچىنىڭ قايسى مەيدان، قانداق پوزىتسىيىدە تۇرغانلىقى ۋە كىم ئۈچۈن كەتمەن چاپقانلىقىدا. يازغۇچى ئىلغار دۇنيا قاراش ۋە توغرا مەيداندا تۇرۇپ تۇرمۇشنى تونۇغاندىلا، تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن بەدىئىي چىنلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالايدۇ، شۇنداقلا مەدھىيىلەش بىلەن پاش قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنىمۇ توغرا بىر تەرەپ قىلالايدۇ.

## 15. ئەدەبىيات مەزمۇن جەھەتتە قانداق تەرەققىي قىلغان؟

جاۋاب: ئەدەبىيات — ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى. ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتى ھازىرغىچە بولغان تەرەققىياتىدا ھەرخىل تارىخىي دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈردى. مەسىلەن، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى قالاق، سىنىپ ۋە سىنىپىي زىددىيەتمۇ يوق. ئۇ چاغدا ئىپتىدائىي ئادەملەر ئورتاق ئەمگەك قىلىپ، ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مەزمۇنى پەقەت ئەمگەك ئارقىلىق ئۆزلىرىنى بېقىشتىن ئىبارەت بولغان. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي ئەپسانە ۋە ئوۋ قوشاقلىرى پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئىنسانلار قۇللۇق جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندا جەمئىيەتتە قۇللار ۋە قۇلدارلار سىنىپى شەكىللىنىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا كەسكىن سىنىپىي زىددىيەت پەيدا بولدى. شۇڭا قۇللۇق جەمئىيەت ئەدەبىياتىمۇ سىنىپىي خاراكتېر ئېلىپ، ئىككى سىنىپ ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي زىددىيەت ئەكس ئەتتۈرۈلدى. فېئوداللىق جەمئىيەت ئەدەبىياتى فېئودال ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ زوراۋانلىقى، چىرىكلىكى، پارازىتلىقى، خەلققە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىك

تۆرمۇشنى ئىپچىنىشنى ئىپادىلىدى.) ئىنسانىيەت جەمئىيىتى دائىم تەرەققىيات، ئۆزگىرىش ھالىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ھەر دائىم ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەرەققىي قىلىپ، ئۆزگىرىپ بارسا، بۇ خىل ئۆزگىرىش ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى يېڭى تېما، يېڭى مەزمۇنلار بىلەن تەمىن ئېتىپ ماڭىدى. بۇ بىزگە ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى تەرەققىياتى مۇقەررەر ھالدا ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەرەققىياتىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. گەرچە ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى ھەرخىل ئىچكى، تاشقى ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ئامىللار ئىچىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىياتى ئەڭ تۈپ ئامىل بولۇپ، بۇ ئامىل ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي شەرتى.

## 16. ئەدەبىيات شەكىل جەھەتتىن قانداق تەرەققىي قىلغان؟

جاۋاب: ئەدەبىيات مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە مەزمۇن يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ شەكىلنىڭ خاراكتېرى ۋە تۈسىنى بەلگىلەيدۇ. شەكىل بولسا مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىياتى ئەدەبىياتنى يېڭى مەزمۇنلار بىلەن تەمىن ئەتكەندە، بۇ خىل يېڭى مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرۈش ئەلۋەتتە ئۆزىگە مۇۋاپىق كەلگۈدەك يېڭى شەكىلنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، مەزمۇننىڭ ئۆزگىرىش، تەرەققىياتىغا ماس ھالدا بەدىئىي شەكىلمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ شەكلىي تەرەققىياتى ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇن تەرەققىياتىغا نىسبەتەن نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەرەققىياتىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان مەزمۇننىڭ تەرەققىياتىغا باغلىق بولىدۇ.

مەسىلەن، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئەجدادلار ئۆزلىرىنىڭ ئىپتىدائىي ناخشا، قوشاق، ئەپسانە قاتارلىق بەدىئىي شەكىللىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك تۇرمۇشىنى ئاددىي، قوپال ئىپادىلەش ۋاستىلىرى بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن. ئىنسانلار قۇللۇق جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئەپسانە، قوشاق

قاتارلىقلارغا قارىغاندا بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن تېخىمۇ مۇكەممەل ۋە كۆپ خىللىققا ئىگە مەسەل، چۆچەك، خەلق داستانلىرى، تراگېدىيە قاتارلىق بەدىئىي شەكىللەر مەيدانغا كەلگەن. فېئوداللىق جەمئىيەتتە مۇرەككەپ، كۆپ خىل تۇرمۇش مەزمۇنىنى ئىپادىلەشكە ماس كېلىدىغان، قۇللۇق جەمئىيەتتىكى بەدىئىي شەكىللەردىن زور دەرىجىدە مۇكەممەللەشكەن، مۇرەككەپلەشكەن ھېكايە، پوۋېست، رومان، شېئىرىي دراما، شېئىرىي رومان قاتارلىق بەدىئىي شەكىللەر بارلىققا كەلدى. يېقىنقى بىر ئەسىردىن بۇيانقى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىنو سىنارىيىسى، تېلېۋىزىيە سىنارىيىسى، رادىئو درامىسى، فوتو ھېكايە، ھەجۋىي سۈرەتچىلىك، مىكرو شېئىر، مىكرو ھېكايە قاتارلىق يېڭى شەكىللەر مەيدانغا كەلدى.

كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئەدەبىياتنىڭ شەكىل جەھەتتىكى تەرەققىياتى ئەدەبىيات ئەكس ئەتتۈرىدىغان تۇرمۇش مەزمۇنىنىڭ ئۆزگىرىشى، تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ.

## 17. ئىقتىسادىي بازىس دېگەن نېمە؟

جاۋاب: بەلگىلىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىغىندىسى ئىقتىسادىي بازىس دېيىلىدۇ (ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى — ئەمگەكچى ۋە ئەمگەك ۋاستىلىرى - ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۇلۇكچىلىك شەكلى، ئوخشاش بولمىغان گۇرۇھلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا تۇتقان ئورنى، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى، شۇنداقلا ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەقسىملىنىش شەكلى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت). باشقىچە ئېيتقاندا، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى بىلەن ئىقتىسادىي تۈزۈمىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدىن ئىبارەت.

## 18. ئۇستقۇرۇلما دېگەن نېمە؟

جاۋاب: بەلگىلىك ئىقتىسادىي بازىس ئاساسىدا شەكىللەنگەن ياكى بەلگىلىك ئىقتىسادىي بازىس ئۈستىگە قۇرۇلغان سىياسىي،

قانۇن ـ تۈزۈم ھەمدە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك سىياسىي، قانۇنىي نۇقتىئىنەزەر، دىن، ئەخلاق، پەلسەپە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، تارىخ قاتارلىق ئىجتىمائىي ئاڭ شەكىللىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدىن ئىبارەت.

## 19. ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۇستقۇرۇلمىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟

جاۋاب: ئۇستقۇرۇلما بىلەن ئىقتىسادىي بازىسنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ بولۇپ، ئۇنى ئىككى جەھەتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، ئىقتىسادىي بازىس ئۇستقۇرۇلمىنى بەلگىلەيدۇ. ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ئۇستقۇرۇلمىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلىشى بىرى، مەزمۇن جەھەتتىن بەلگىلەش، يەنە بىرى، تەرەققىيات جەھەتتىن بەلگىلەشتەك ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەزمۇن جەھەتتىن قارىغاندا، ئىقتىسادىي بازىسنىڭ خاراكتېرى ئۇستقۇرۇلمىنىڭ خاراكتېرىنى، مەزمۇنىنى بەلگىلەيدۇ. ئىقتىسادىي بازىسنىڭ خاراكتېرى، مەزمۇنى قانداق بولسا ئۇستقۇرۇلمىنىڭ خاراكتېرىمۇ، مەزمۇنىمۇ شۇنداق بولىدۇ. مەسىلەن، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىق شەكلىدە بولۇپ، ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى تەڭ تەقسىملىنەتتى. بۇنداق ئىقتىسادىي بازىس ئۆزىگە مۇناسىپ بولغان ئۇستقۇرۇلمىنى يەنى سىياسىي، قانۇن ـ تۈزۈم بولمىغان، ئىدىيىۋى قاراشلارمۇ ئاشۇلارغا ماس بولغان ئۇستقۇرۇلمىنى شەكىللەندۇرگەن. تەرەققىيات جەھەتتىن قارىغاندا، ئىقتىسادىي بازىسنىڭ تەرەققىياتى ئۇستقۇرۇلمىنىڭ تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن، ئىنسانلار سىنىپىي جەمئىيەتكە كۆچكەندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى (ئىقتىسادىي بازىس) ئۆزگەردى. قۇللار بىلەن قۇلدارلار، دېھقانلار بىلەن فېئوداللار، ئىشچىلار بىلەن كاپىتالىستلار ئوتتۇرىسىدا يېڭى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى شەكىللەندى. ئىقتىسادىي بازىستىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات

ئۇستقۇرۇلمىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتىنى بارلىققا كەلتۈردى. يەنى ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئىقتىسادىي بازىسىنىڭ قۇللۇق جەمئىيەت ئىقتىسادىي بازىسىغا، قۇللۇق جەمئىيەت ئىقتىسادىي بازىسىنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەت ئىقتىسادىي بازىسىغا تەرەققىي قىلىشى، ئۆزگىرىشىگە ماس ھالدا شۇ جەمئىيەتلەرنىڭ سىياسىي، قانۇن، پەلسەپە، دىن، ئەخلاق قاتارلىق ئۇستقۇرۇلمىلىرىدىمۇ تەرەققىيات ۋەئۆزگىرىش بارلىققا كەلگەن.

ئىككىنچى، ئۇستقۇرلما ئىقتىسادىي بازىسقا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىقتىسادىي بازىس ئۇستقۇرۇلمىنى بەلگىلەيدۇ. لېكىن ئۇستقۇرۇلما شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئىقتىسادىي بازىسقا نىسبەتەن ئاكتىپ تۈردە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئىقتىسادىي بازىسقا تەسىر كۆرسىتىشى ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. 1) بەلگىلىك جەمئىيەتنىڭ ئۇستقۇرۇلمىسى شەكىللەنگەندىن كېيىن شۇ جەمئىيەت ئىقتىسادىي بازىسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىشى مۇمكىن. 2) شۇ جەمئىيەت ئىقتىسادىي بازىسىغا قارىتا بۇزۇش، پارچىلاش رولىنى ئوينىشى مۇمكىن. 3) كونا ئىقتىسادىي بازىسنى بۇزۇش، پارچىلاش رولىنى ئويناش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە يېڭى ئىقتىسادىي بازىسنىڭ تىكلىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىشى مۇمكىن.

سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۇستقۇرۇلمىسى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ماسلىشىش ياكى ماسلىشالماسلىق ھالىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇ دەۋرنىڭ ئىقتىسادىي بازىسقا ماسلاشقان ئۇستقۇرۇلما (سىياسىي، قانۇن، ئەدەبىيات) شۇ دەۋرنىڭ ئىقتىسادىي بازىسنى قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. شۇ دەۋرنىڭ ئىقتىسادىي بازىسىغا ماس كەلمىگەن ئۇستقۇرۇلما شۇ دەۋرنىڭ ئىقتىسادىي بازىسنى بۇزۇش، پارچىلاش رولىنى ئوينىشى مۇمكىن. ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەر ئۇستقۇرۇلما كونا جەمئىيەت ئىقتىسادىي بازىسىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. چىرىك، ئەكسىيەتچى ئۇستقۇرۇلما

كونا ئىقتىسادىي بازىسنى قوغداپ، يېڭى ئىقتىسادىي بازىسنىڭ تىكلىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش رولىنى ئوينايدۇ.

## 20. ئەدەبىيات بىلەن سىياسىنىڭ ئىقتىسادىي بازىسقا تەسىر كۆرسىتىش ئۇسۇللىرى قانداق؟

جاۋاب: ئەدەبىيات بىلەن سىياسىي ئوخشاشلا ئۇستقۇرۇلمىنىڭ ئەزالىرى. ھەر ئىككىسى ئىقتىسادىي بازىس تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئىقتىسادىي بازىس ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى، ئالاھىدىلىكى ئوخشاش بولمىغاچقا ئىقتىسادىي بازىسقا تەسىر كۆرسىتىش يولى ۋە ئۇسۇلى ئوخشاشمايدۇ.

ئەدەبىيات ئالاھىدە بىر خىل ئاڭ شەكلى بولۇپ، ئۇ بەدىئىي ئوبراز يارىتىپ، تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. ئۇنىڭدا بەدىئىي ئوبرازنىڭ ئېستېتىك رولىدىن كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا، ھېسسىياتىغا بىلدۇرمەي تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى ئىدىيە جەھەتتە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي بازىسقا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

سىياسىي بولسا دۆلەت باشقۇرۇش ياكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ماشىنىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي بازىسقا تەسىر كۆرسىتىشى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، سىياسىي مۇئەسسەسەلەرگە تايىنىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي بازىسقا تەسىر كۆرسىتىش. بۇنىڭدا زورلۇق كۈچ ۋە ئىنقىلاب ئارقىلىق (ئارمىيە، ساقچى، سوت، تۈرمە قاتارلىق ھاكىمىيەتنىڭ ماددىي كۈچىگە قارىتىلغان) ھەمدە مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى مەمۇرىي بۇيرۇق قاتارلىق تەدبىرلەر (قانۇن، سىياسەت، تۈزۈم، يۆلىنىش قاتارلىق ئىدىيىۋى سىستېمىغا قارىتىلغان) ئارقىلىق ئىقتىسادىي بازىسغا تەسىر كۆرسىتىش. يەنە بىرى، ئاڭ فورمىسىغا تەئەللۇق سىياسىي نۇقتىئىنەزەرگە تايىنىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي بازىسقا تەسىر كۆرسىتىش. بۇنىڭدا مۇھىمى قائىدە سۆزلەش، جامائەت پىكرى توپلاش ئارقىلىق كىشىلەرنى قايىل

قىلىش، ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىش، قەلبىنى مايىل قىلىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي بازىسقا تەسىر كۆرسىتىش.

ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۇستقۇرۇلمىنىڭ تۈپ مۇناسىۋىتىدىن ئېيتقاندا، بارلىق ئۇستقۇرۇلما شەكىللىرىنىڭ ئىقتىسادىي بازىسقا خىزمەت قىلىشى ئاساسىي مەقسەت. ئۇستقۇرۇلما شەكىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر ۋە ماسلىشىش بولسا ئىقتىسادىي بازىسقا خىزمەت قىلىشنىڭ ۋاسىتىسى. شۇڭا، ئۇستقۇرۇلما شەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا ماسلىشىش، تەسىر كۆرسىتىش، ھەمكارلىشىش مۇناسىۋىتى مەۋجۇتكى، ھەرگىزمۇ بىر - بىرىگە بېقىنىش، بىر - بىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتەك بېقىندىلىق مۇناسىۋەت مەۋجۇت ئەمەس. ئەگەر سىياسىي ئاساس، ئەدەبىيات سىياسىيغا بېقىنىشى، سىياسىيغا خىزمەت قىلىشى كېرەك، دەپ قارالسا تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ پرىنسىپلىرىغا خىلاپ.

## 21. ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينىڭ ئۆزئارا تەسىرى قانداق؟

جاۋاب: ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينىڭ ئۇستقۇرۇلمىدا تۇتقان ئورنىنىڭ ئوخشاشماسلىقى، بازىس بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ ئوخشاشماسلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش دەرىجىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئەلۋەتتە سىياسىينىڭ ئەدەبىياتقا بولغان تەسىرى، ئەدەبىياتنىڭ سىياسىيغا بولغان تەسىرىدىن تېخىمۇ زور، تېخىمۇ بىۋاسىتە ۋە چوڭقۇر بولىدۇ. سىياسىينىڭ ئەدەبىياتقا بولغان تەسىرىدىن ئېيتقاندا، سىياسىي كونكرېت يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى، بەلگىلىك ئەدەبىي ئېقىم، ئىجادىيەت ئۇسۇلى، بەدىئىي ئۇسلۇب، تېما، ژانىر قاتارلىقلارغىچە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى بەلگىلىك ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ياكى بەلگىلىك ئەدەبىياتنىڭ خاراب بولۇشىغا تۈرتكىلىك تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. مەسىلەن، «تۆت كىشىلىك گورۇھ» ئەينى ۋاقىتتا يۈرگۈزگەن ئەڭ سول مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىك سىياسىتى

ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىغا ئېغىر ۋەيرانچىلىق ئېلىپ كەلگەن. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان توغرا سىياسىي ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە ئىنتايىن كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.

ئەدەبىياتنىڭ سىياسىيغا بولغان تەسىرىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىياتمۇ مەلۇم سىياسىينىڭ چىرىكلىكى، خەلققە كەلتۈرگەن بالايىئاپىتىنى پاش قىلىش، تەنقىدلەش ئارقىلىق كىشىلەرنى شۇ خىل چىرىك سىياسىيغا قارشى كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشى ياكى مەلۇم ئىلغار، توغرا، تەرەققىيپەرۋەر سىياسىينى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ماختاش ئارقىلىق كىشىلەرنى شۇ خىل سىياسىينى ھىمايە قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، فرانسىيە شائىرى ئېۋگىنى پوتېئرنىڭ «ئىنتېرناتسىئونال» شېئىرى ئۆزىنىڭ جەڭگىۋارلىقى بىلەن پارىژ گۇڭشې ئىنقىلابىنىڭ ئىدىيىسىنى پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىپ، پرولېتارىيات سىياسىينىڭ تەرەققىياتى ۋە ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقىشىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتكەن.

## 22. ئەدەبىيات بىلەن پەلسەپىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟

جاۋاب: ئەدەبىيات بىلەن پەلسەپە ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت. ئەدەبىي ئىجادىيەت دائىم بەلگىلىك پەلسەپىۋى ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە، مەلۇم دۇنيا قاراشنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. مەلۇم ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئېقىمىنىڭ شەكىللىنىشى، گۈللىنىشى، مەلۇم ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ شەكىللىنىشى، شۇنداقلا كونكرېت ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بەلگىلىك پەلسەپىۋى ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، كلاسسىزملىق ئەدەبىياتنىڭ شەكىللىنىشى دېكارتنىڭ ئىدىئالىستىك ئەقىلچىلىك پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. دەلىلچىلىك پەلسەپىۋى ئېقىمى ناتۇرالىزملىق ئەدەبىياتقا بىۋاستە، چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، دېئالېكتىكا

ماتېرىيالىزم، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق پەلسەپە سوتسىيالىستىك رېئالىزمنىڭ بارلىققا كېلىشىگە شەرت هازىرلىغان. ئېلىمىزدە كۆڭزىچىلار ۋە تەرىققەتچىلەرنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى قەدىمكى دەۋردىكى كۆپلىگەن يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن.

ئەدەبىياتمۇ مەلۇم پەلسەپىۋى قاراشنىڭ شەكىللىنىشى، تارقىلىشىغا، كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «ئىنتېرناتسىئونال» شېئىرى، گوركىينىڭ «ئانا» رومانىغا ئوخشاش ئەدەبىي ئەسەرلەر پرولېتارىيات ۋە كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى قوراللىق ئىنقىلاب ئارقىلىق هاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشتىن ئىبارەت پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ كۈرەش پەلسەپىسى بىلەن تەربىيىلەپ، ئۇلاردا پرولېتارىياتلىق پەلسەپىۋى قاراش يېتىلدۈرۈپ، ئاشۇ پەلسەپىۋى قاراش ئاساسىدا سوتسىيالىزم قۇرۇشقا ئىلهاملاندۇرغان. جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە كۆپلىگەن جۇڭگو ياشلىرى گومورو، لۇشۈن قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ماركسىزمنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزلۈكىدىن ئىنقىلاب يولىغا ماڭغان. دېمەك، پەلسەپىمۇ ئەدەبىياتقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىياتمۇ كىشىلەرنىڭ قاراشلىرىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## 23. ئەدەبىيات بىلەن دىن قانداق مۇناسىۋەتكە ئىگە؟

جاۋاب: ئوبراز ۋە تەسەۋۋۇرغا تايىنىش دىن بىلەن سەنئەتنىڭ ئورتاق ئالاهىدىلىكى. لېكىن، سەنئەتتىكى (ئەدەبىياتتىكى) ئوبراز ۋە تەسەۋۋۇر رېئال تۇرمۇش ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ تەرەققىيات مەنتەقىسىگە ئۇيغۇن. لېكىن، دىندىكى ئوبراز ۋە تەسەۋۋۇر هېچقانداق تۇرمۇش ئاساسى بولمىغان، رېئاللىقتىكى زامان ۋە ماكاندىن ئايرىلغان هالدا ئويدۇرۇپ چىقىلغان قۇرۇق توقۇلما.

دىن بىلەن ئەدەبىيات ئىنتايىن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىپ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئالايلى، دىن ئەدەبىياتقا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى

قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئىسلام ئەقىدىسى كىشىلەرنىڭ ھەرخىل ئىدىيىلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەرىكىتى بىلەن زىچ باغلىنىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇن ھەم شەكلىي ئامىللىرىغىچە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. مەسىلەن، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» قاتارلىق نادىر ئەسەرلەردىن تارتىپ تاكى يېقىنقى زاماندىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرگىچە مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە ئىسلام دىن ئەقىدىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتىن خالىي بولالمىغان. ئۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇن جەڭنامىلەردە دىنىي ئەقىدە مەزمۇن قىلىنىپ، دىنىي قوغداش، دىنىي ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن جاپا چەككەنلەر ۋە ئۆلگەنلەرنىڭ بەدىئىي ئوبرازى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن تەسۋىرلەنگەن. يۇقىرىقىلار دىنىنىڭ ئەدەبىياتقا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئەمدى ئەدەبىياتنىڭ دىنغا تەسىر كۆرسىتىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئەدەبىيات دىنىي ئەقىدىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، دىنىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى يەنە دىنىي ئەقىدىلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى تەنقىد قىلىشتەك رولىنىمۇ ئوينايدۇ. ئۆمەر ھەييامنىڭ بىر قىسىم رۇبائىيلىرى، دانتىنىڭ «ئىلاھىي كومېدىيىسى»، بوكاچچونىڭ «ئون كۈنلۈك سۆھبەت» قاتارلىق ئەسەرلىرى دىنىي ئەقىدىلەرنى پاش قىلىش، تەنقىدلەشنى ئاساس قىلغان.

## 24. ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىيلىكى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىيلىكىنى چۈشىنىش ئۈچۈن سىنىپىيلىك دېگەن ئۇقۇمنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش كېرەك. سىنىپىيلىك دېگىنىمىز، سىنىپنىڭ مەنپەئىتى چىقىش قىلىنغان سىنىپىي ھېسسىيات ۋە سىنىپىي مايىللىقتىن ئىبارەت.

ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىيلىكى دېگىنىمىز، بەلگىلىك سىنىپىي مەنپەئەتنى چىقىش قىلغان، سىنىپىي ھېسسىيات ۋە سىنىپىي

مايىللىقىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئىنكاسىدىن ئىبارەت.

**25. ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىيلىكىكە ئىگە بولۇشىدىكى ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر قايسى؟**

جاۋاب: ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىيلىكىكە ئىگە بولۇشى بىلەن يازغۇچىنىڭ بەلگىلىك سىنىپىي مەيدانغا ۋە سۇبيېكتىپ ھېسسىياتقا ئىگە بولۇشتەك ئىككى تۈرلۈك ئوبيېكتىپ سەۋەبكە باغلىق.

ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ سىنىپىي خاراكتېرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانلار سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن باشلاپ، ھۆكۈمران سىنىپ ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپلارغا بۆلۈنۈپ ئاشۇ ئىككى چوڭ سىنىپ ئوتتۇرىسىدا مۇرەككەپ زىددىيەت ۋە كەسكىن كۈرەش داۋاملىشىپ كەلدى. بۇنداق سىنىپىي زىددىيەت كۈرەش بىلەن تولغان ئىجتىمائىي رېئاللىقنى كېلىش مەنبەسى قىلغان ئەدەبىياتمۇ تەبىئىي ھالدا ھۆكۈمران سىنىپ ئەدەبىياتى بىلەن ئەمگەكچى خەلق ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشاشمايدىغان ئىككى خىل خاراكتېرلىك ئەدەبىيات بولۇپ ئايرىلدى. ھەرقايسى سىنىپقا تەۋە يازغۇچىلار ئۆز سىنىپىنىڭ مەنپەئىتى، ئىدىيە - ھېسسىياتىنى چىقىش قىلىپ بەدىئىي ئوبراز يارىتىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۆزى بىلەن قارىمۇقارشى سىنىپنىڭ ئىدېئولوگىيىسى ۋە مەنپەئىتىگە قارشى تۇردى.

يازغۇچىنىڭ بەلگىلىك سىنىپىي مەيدان ۋە سۇبيېكتىپ ھېسسىياتى جەھەتتىن ئېيتقاندا، سىنىپىي جەمئىيەتتىكى ھەربىر يازغۇچى مەلۇم قاتلام، گۇرۇھ ياكى سىنىپقا تەۋە بولماي مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقلا ئۆز تەبىقىسى ياكى سىنىپىنىڭ مەنپەئىتى، ئارزۇسى تەرەپتە تۇرماسلىقىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدا ئاتايىن ياكى ئىختىيارسىز ھالدا ئۆز سىنىپىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، ئۆز سىنىپىنىڭ پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي نۇقتىئىنەزىرى ۋە سەنئەت ئۆلچىمى، شۇنداقلا ھەق - ناھەق

ئۆلچىمىنى ئاساس قىلىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. يۇقىرىقى ئىككى سەۋەب سىنىپىي جەمئىيەت ئەدەبىياتىنىڭ سىنىپىيلىككە ئىگە بولۇشىدىكى تۈپ سەۋەبلەردۇر.

## 26. پارتىيىۋىلىك دېگەن نېمە، ئەدەبىياتنىڭ پارتىيىۋىلىكى دېگەنچۇ؟

جاۋاب: لېنىن «قاتتىق پارتىيىۋىلىك يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان سىنىپىي كۈرەشنىڭ ھەمراھى ۋە نەتىجىسى» دېگەن. دېمەك، پارتىيىۋىلىك — سىنىپىي مايىللىقنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسىدۇر.

ئەدەبىياتنىڭ پارتىيىۋىلىكىنى لېنىن 1905 - يىلى يازغان «پارتىيە تەشكىلاتى ۋە پارتىيە ئەدەبىياتى» دېگەن ئەسىرىدە تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان.

ئەدەبىياتنىڭ پارتىيىۋىلىكى دېگىنىمىز، سىنىپىي مايىللىقنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى كونكرېت ئىپادىسىدىن ئىبارەت. لېنىن تەكىتلىگەن پارتىيىۋىلىك ۋە ئەدەبىياتنىڭ پارتىيىۋىلىكى ئەلۋەتتە پرولېتارىيات سىياسىي پارتىيىسىنىڭ سىنىپىي مايىللىقى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتتىكى كونكرېت ئىپادىسىگە قارىتىلغان.

## 27. لېنىن ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىياتنىڭ پارتىيىۋىلىك پرىنسىپلىرىنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرى نېمە؟

جاۋاب: بىرىنچى، «پارتىيىنىڭ يېزىقچىلىق ئىشلىرى پرولېتارىيات ئومۇمىي ئىشلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمىنى تەشكىل قىلىشى، پۈتۈن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ پۈتكۈل ئاڭلىق ئاۋانگارتى بىر تۇتاش يۈرگۈزۈۋاتقان ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك دېموكراتىك ماشىنىنىڭ ‹چاقى ۋە ۋىنتىسى› بولۇشى كېرەك.»

ئىككىنچى، «ھەقىقىي، ئەركىن، پرولېتارىيات سىنىپى بىلەن ئاشكارا باغلانغان ئەدەبىيات ئەركىن ئەدەبىيات بولىدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئەدەبىيات قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ كۈن بويى لاغايلاپ

يۇرتىدىغان خېنىملارغا، توقلۇقتىن شوخلۇق قىلىپ، سېمىزلىكتىن ئۆزىنى كۆتۈرەلمەي قالغان «ئون مىڭچە ئېسىلزادىلەر» گە خىزمەت قىلمايدۇ. بەلكى دۆلەتنىڭ جەۋھىرى، دۆلەتنىڭ قۇدرىتى ۋە ئىستىقبالى بولغان مىليونلىغان، ئون مىليونلىغان ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.»

ئۈچىنچى، «گېزىت - ژۇرنال ھەربىر پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئورگان گېزىتى بولۇشى كېرەك. يازغۇچى چوقۇم ھەرقايسى سىياسىي تەشكىلاتلارغا قاتنىشىشى لازىم. مەتبۇئات، تارقىتىش، كىتابخانا ۋە كۇتۇپخانا ھەمدە ھەرقايسى گېزىت - ژۇرنال باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسى پارتىيە ئورگىنى تەشكىل قىلىشى، پارتىيىگە خىزمەت دوكلاتى بېرىشى لازىم. پارتىيىنىڭ مەتبۇئاتى پارتىيىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى لازىم.»

تۆتىنچى، «پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرى تەركىبىدىكى ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ تەركىبىي قىسىم پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرى تەركىبىدىكى باشقا تەركىبىي قىسىملار بىلەن ئۆلۈك ھالدا ئوخشاش بولمايدۇ.»، «مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇكى، ئەدەبىياتتا ئىشنى مېخانىك ھالدا بىر قېلىپقا سېلىشقا، ھەممىنىڭ ئوخشاش بولۇشىنى تەلەپ قىلىشقا، ئاز سانلىقنى كۆپ سانلىققا بويسۇندۇرۇشقا بولمايدۇ. مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇكى، بۇ ئىشتا شەخسلەرنىڭ ئىجادچانلىقى ۋە ياخشى كۆرۈشى مۇتلەق ھالدا كەڭ زېمىنغا ئىگە بولۇش، ئىدىيە ۋە خىيال، شەكىل ۋە مەزمۇن كەڭ زېمىنغا ئىگە بولۇش كاپالەتلەندۈرۈلۈشى كېرەك.»

### 28. ئىنسان تەبىئىتى دېگەن نېمە، ئىنسان تەبىئىتى بىلەن سىنىپىيلىكنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئىپادىسىگە قانداق قاراش كېرەك؟

جاۋاب: ھەرقانداق دەۋر ئادەملىرىدە ئوخشاشلا مەۋجۇت بولىدىغان تەبىئىي خۇسۇسىيەت ۋە سىنىپىيلىكتىن تاشقىرى، ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەتلەرنىڭ يىغىندىسى ئىنسان تەبىئىتى

دېيىلىدۇ.

XX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا «تۆت كىشىلىك گورۇھ» دەپ ئاتالغان ئەڭ سولچىل مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىرى ئەدەبىياتتىكى سىنىپىيلىكنىلا تەكىتلەپ، ئەدەبىياتتىكى ئىنسان تەبىئىتىنى ئىنكار قىلىپ، جۇڭگو ئەدەبىياتى ئۈچۈن زور بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەن. مۇشۇ ئاچچىق ساۋاقتا ئاساسەن ئەدەبىياتتىكى سىنىپىيلىك بىلەن ئىنسان تەبىئىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەك.

سىنىپىيلىك سىنىپىي جەمئىيەت ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر خىل ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىنسان تەبىئىتىنى ئىپادىلەشمۇ سىنىپىي جەمئىيەت ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر خىل ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى. چۈنكى سىنىپىي جەمئىيەتتىكى ئادەملەر ھەم سىنىپىي خۇسۇسىيەتكە، ھەم سىنىپىيلىكتىن تاشقىرى بولغان ئىنسان تەبىئىتىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ. ئادەملەردە بۇ ئىككى خىل ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەتنىڭ بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەدەبىياتنىڭمۇ ھەم سىنىپىي خاراكتېرگە، ھەم ئىنسان تەبىئىتى خاراكتېرگە ئىگە بولىدىغانلىقى بەلگىلىگەن. ئىنسان تەبىئىتى ئادەمنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ «تەبىئىي خۇسۇسىيىتى» بىلەن سىنىپىيلىكتىن تاشقىرى بولغان ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئادەمنىڭ سىنىپىيلىكتىن خالىي بولغان ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى دېگىنىمىز، ئاتا ـ بالىلىق مۇھەببىتى، ئەر ـ ئاياللىق مۇھەببىتى، يۇرت ـ ۋەتەن مۇھەببىتى، ھاياتقا مۇھەببەت، دوستلۇق، ساداقەت، ئارزۇ ـ ئارمان، گۈزەللىككە ئىنتىلىش، گۈزەللىكنى سۆيۈش قاتارلىق بارلىق ئادەملەرگە ئورتاق بولغان ۋە دائىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئادىمىي ھېسسىياتتىن ئىبارەت.

سىنىپىي جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرىدە سىنىپىي خاراكتېر بىلەن ئىنسان تەبىئىتى ئۆزئارا

گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. ئەدەبىيات ئادەم تەتقىق قىلىدىغان، ئادەمنى مەركەز قىلغان ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئاڭ شەكلى بولغاچقا، ئۇنىڭدا ئادەملەرنىڭ سىنىپىي خاراكتېرى بىلەن ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئوخشاشلا ئىپادىلىنىپ تۇرۇشى نورمال ھادىسە. بەزى ئەدەبىي ئەسەرلەردە سىنىپىيلىك روشەن ئىپادىلەنسە، بەزى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىنسان تەبىئىتى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. بەزى ئەسەرلەردە سىنىپىيلىك بىلەن ئىنسان تەبىئىتى گىرەلەشتۈرۈلۈپ ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئادەم بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى. لېكىن، بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر سىنىپىي مۇناسىۋەتكە تەڭ ئەمەس. ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئەدەبىياتنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى قىلىنىشى كېرەك. شۇڭا، ئەدەبىي ئەسەرلەردە سىنىپىيلىكنىڭ ئىپادىلىنىشىنى نوقۇل ھالدا تەكىتلەش مەنتەقىگە خىلاپ. ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى سىنىپىيلىك نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىش ۋە باھا بېرىش بىر تەرەپلىمىلىك ۋە بىمەنىلىكتۇر.

### 29. «خەلق» دېگەن ئۇقۇمنىڭ مەنىسى قانداق، ئەدەبىياتتىكى خەلقچىللىق دېگەنچۇ؟

جاۋاب: «خەلق» تارىخىي كاتېگورىيىگە مەنسۇپ ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ ھەرقايسى تارىخىي دەۋردە ئوخشاشمىغان مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ تۇرىدۇ.

خەلق — بەلگىلىك تارىخىي دەۋردە ئوبيېكتىپ ئورۇندا تۇرۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت تارىخىي مۇقەررەرلىك جەريانىدا ئورتاق مەقسەت ئۈچۈن بىرلىكتە كۆرەش قىلغان سىنىپلار، قاتلاملار ۋە شەخسلەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدۇر. شۇڭا، خەلق دېگەن ئۇقۇم سىنىپ دېگەن ئۇقۇمدىن ناھايىتى كەڭ مەنىگە ئىگە بولۇپ، مەلۇم دەۋرلەردە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپلارمۇ خەلققە مەنسۇپ بولىدۇ.

ئەدەبىياتتىكى خەلقچىللىق دېگىنىمىز، بەلگىلىك دەۋردىكى

خەلقنىڭ ئىدىيە، ھېسسىيات، ئارزۇ، غايە ۋە تۇپ مەنپەئىتىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئىنكاسىدىن ئىبارەت.

## 30. قانداق ئەسەرلەر خەلقچىللىققا ئىگە ئەسەر ھېسابلىنىدۇ؟

جاۋاب: تۆۋەندىكىدەك ئەدەبىي ئەسەرلەر خەلقچىللىق ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ:

بىرىنچى، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇھىم، ئەھمىيەتلىك تەرەپلىرى تەسۋىرلەنگەن، خەلقنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتى، ئارزۇ، غايىسى، قايغۇ، شادلىقى ۋە تۇپ مەنپەئىتى بىۋاستە تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەردۇر.

ئىككىنچى، خەلقنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش بىلەن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران گۇرۇھلارنىڭ جىنايى ھەرىكەتلىرىنى پاش قىلىش ۋە قامچىلاشنى بىرلەشتۇرۇپ تەسۋىرلىگەن ئەسەرلەر.

ئۈچىنچى، تارىختىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارمۇ دەسلەپتە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپ سۈپىتىدە قوزغىلىپ ئىنقىلاب قىلغان، ئەنە شۇنداق ئىنقىلابلارنى ئۆزىنىڭ ئەكس ئەتتۇرۇش ئوبيېكتى قىلغان ئەسەرلەر.

تۆتىنچى، ۋەتەنىنىڭ گۈزەل تاغ ـ دەريالىرىغا بولغان مۇھەببەت، تەبىئەت مەنزىرىلىرىگە بولغان مەدھىيە، كەلگۈسىگە بولغان ئىنتىلىش، كىشىلىك ھاياتتىكى مەلۇم تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئېچىپ بېرىلگەن ئەسەرلەر.

## 31. سىنىپىيلىك بىلەن خەلقچىللىقنىڭ قانداق پەرقى ۋە مۇناسىۋىتى بار؟

جاۋاب: ئەدەبىياتتىكى سىنىپىيلىك بىلەن خەلقچىللىقنىڭ ھەم ئۆزئارا مۇناسىۋىتى بار، ھەم روشەن پەرقى بار. شۇڭا، ئۇلارنىڭ

بىرسى ئارقىلىق بىرىنى ئىنكار قىلىشقا ياكى بىرىنىڭ ئورنىغا يەنە بىرىنى قويۇشقا بولمايدۇ، بولۇپمۇ سىنىپىيلىكنى خەلقچىللىقنىڭ ئورنىغا قويۇشقا بولمايدۇ. خەلق دېگەن ئۇقۇمنىڭ ھەجمى سىنىپ دېگەن ئۇقۇمنىڭ ھەجمىدىن كۆپ بولىدۇ. چۈنكى، خەلق تۈپ مەنپەئىتى ئوخشاش بولغان سىنىپلار، ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ۋە شەخسلەرنىڭ ئورتاق گەۋدىسىدىن ئىبارەت. سىنىپ بولسا بەلگىلىك دەۋردە ئىجتىمائىي ئورنى ۋە تۈپ مەنپەئىتى بىردەك بولغان كىشىلەر توپىدىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا، خەلقچىللىقنىڭ مەنىسى سىنىپىيلىكنىڭ مەنىسىدىن كەڭ بولىدۇ. بەزى تارىخىي دەۋرلەردە خەلق تەركىبىدىكى يېتەكچى سىنىپ ياكى گۇرۇھنىڭ ئەدەبىياتى ئۆز سىنىپىغا ۋەكىللىك قىلىپلا قالماستىن، بەلكى شۇ تارىخىي دەۋردىكى پۈتۈن خەلقنىڭ مەنپەئىتىگىمۇ ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سىنىپنىڭ مەنپەئىتى بىلەن خەلقنىڭ مەنپەئىتى بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ، سىنىپىيلىك بىلەن خەلقچىللىق ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتتە بولىدۇ.

### 32. خەلقچىللىقنى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاشنىڭ ئۆلچىمى سۈپىتىدە تەكىتلەشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

جاۋاب: خەلقچىللىقنى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاشنىڭ ئۆلچىمى سۈپىتىدە تەكىتلەشنىڭ ئۈچ تۈرلۈك ئەھمىيىتى بار. بىرىنچى، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى تېما ۋە مەزمۇن جەھەتتىن كەڭ ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىش. ئىككىنچى، ھەرخىل ئۇسلۇبتىكى يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىلھام بېرىش. ئۈچىنچى، قەدىمكى ۋە چەت ئەل ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ ئېسىل مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش.

تېما ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۈگۈنكى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ ھەممىسى تېما ۋە مەزمۇن جەھەتتە پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ سىنىپىي خاراكتېرىنى ئىپادىلەۋەرمەيدۇ. يەنى پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ سىياسىي خاھىشىنى بىۋاستە

گەۋدىلەندۈرۈۋەرمەيدۇ. بىراق بۇنداق ئەسەرلەردە كىشىلىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرى، ھەرخىل شەيئى، ھادىسىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، كىشىلەرنى ئىلغار، گۈزەل تۇرمۇش تەجرىبىلىرى بىلەن تەربىيىلەش، ئۇلارنى ھەرخىل شەيئى، ھادىسىلەر ھەققىدە تونۇشقا ئىگە قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. بەزى ئەسەرلەردە ۋەتەننىڭ گۈزەل تاغ ـ دەريالىرى، تەبىئەت مەنزىرىلىرى تەسۋىرلىنىپ سەنئەتكارنىڭ گۈزەللىك غايىسى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، گۈزەللىككە مەدھىيە ئوقۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنى گۈزەل مۇھىت ئىچىگە باشلاپ، ئۇلارنىڭ گۈزەللىك تۇيغۇسىنى چېنىقتۇرۇپ، بەدىئىي جەھەتتىن زوقلاندۇرۇپ، ئۇلاردا يۈكسەك روھىي كەيپىيات، ساغلام مىجەز ـ خاراكتېرنى يېتىلدۈرىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەر روشەن سىنىپىيلىككە ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، گۈزەللىكتىن بەھرىمەن قىلىشتا يەنىلا ئېھتىياجلىق ياخشى ئەسەرلەر. شۇڭا، بۇنداق ئەسەرلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ خەلققە تاپشۇرۇشتا خەلقچىللىقنى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاشنىڭ ئىدىيىۋى ئۆلچىمى قىلىش زۆرۈر.

يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەتتىكى كونكرېت ئەھۋالىدىن قارىغاندا، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات يازغۇچىلارنىڭ پرولېتارىيات مەيدانىدا تۇرۇپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىنى تەلەپ قىلىسىمۇ، لېكىن يازغۇچىلارنىڭ سىياسىي ئېڭى، ئىدىيىۋى قارىشى، بەدىئىي قىزىقىشى، ئىجادىيەت ئۇيى، ئىپادىلەش قابىلىيىتى ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ھەرقايسى يازغۇچى ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي قىزىقىشى ئاساسىدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ھەرتەرەپلىمە ئەكس ئەتتۈرۈشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى روشەن سىنىپىيلىككە ئىگە بولمىسىمۇ، يەنىلا خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئىستىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسىلا خەلقچىللىققا ئىگە ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ. بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىش، ھەرخىل ئىدىيىۋى قاراش ۋە ھەرخىل ئۇسلۇبتىكى يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ئىلھام بېرىش

ۋە ئۇنى توغرا باھالاش ئۇچۇن خەلقچىللىقنى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاشنىڭ ئىدىيىۋى ئۆلچىمى قىلىش زۆرۈر.

قەدىمكى ۋە چەت ئەلنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتىن ئېيتقاندا، قەدىمكى ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئىچىدە خەلقىمىزنى مول تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە ئىگە قىلىدىغان، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ھەر تەرەپلىمە تونۇتىدىغان، گۈزەللىــــككە، ۋەتەنپەرۋەرلىككە مەدھىيە ئوقۇلغان ئېسىل دېموكراتىك جەۋھەرلەر ئىنتايىن مول. ئۇنىڭدىن باشقا، بەدىئىي ئوبراز يارىتىش، ھەرخىل بەدىئىي ۋاستىلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىشنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك سەنئەت تەجرىبىلىرى بار. بىز خەلقچىللىقنى ئۆلچەم قىلىپ ئەنە شۇنداق نەرسىلەرگە ۋارىسلىق قىلساق، سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى گۈللەندۈرۈشكە ئىنتايىن پايدىلىق بولىدۇ.

## 33. ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رولى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئەدەبىياتنىڭ گۈزەل بەدىئىي ئوبراز ۋە بەدىئىــــي تىپلەرنى يارىتىش ئارقىلىق رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىلەرگە تۇرمۇش ھەقىقىتىنى كۆرسىتىش، يەنى كىشىلەرگە رېئاللىقتىكى ياخشى بىلەن يامانني، چىنلىق بىلەن ساختىلىقنى، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى تونۇتۇش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا بارلىق يامان، ساختا، رەزىل نەرسىلەرگە نەپرەتلىنىدىغان ۋە ئۇنى يوقىتىدىغان، بارلىق ياخشى، چىن، گۈزەل نەرسىلەرگە ئىنتىلىدىغان، ئۇنى سۆيىدىغان، قوغدايدىغان تۇيغۇ ـ تەسىراتنى پەيدا قىلـــــىپ، ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ تەرەققىياتىنـــــى ئىـــلگىـــــرى سۈرۈش ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رولى دېيىلىدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رولى تونۇتۇش رولى، تەربىيىۋى رولى ۋە ئېستېتىك رولىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 34. ئەدەبىياتنىڭ تونۇتۇش رولى نېمىگە قارىتىلغان؟

جاۋاب: مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەر روشەن، جانلىق بەدىئىي

ئوبرازلار ئارقىلىق تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى چىنلىق بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ ئىپادىلەپ، بەلگىلىك تارىخىي دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، جەمئىيەت كەيپىياتى، ئۆرپ - ئادىتى قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئوخشاشمىغان سىنىپ، ئوخشاشمىغان مىللەت، ئوخشاشمىغان قاتلام كىشىلىرىنىڭ روھىي قىياپىتىنى، ئىچكى دۇنياسىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەرخىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەرخىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. شۇ ئارقىلىق كىتابخانلارغا تارىخ، رېئاللىق، جەمئىيەت ۋە كىشىلىك ھاياتتىكى ھەرخىل ئادەم، ۋەقە، ھادىسىلەرنى تونۇتىدۇ.

ئەدەبىيات تىل سەنئىتى، شۇڭا ئۇنىڭدا ھەرخىل پېرسوناژ ھەم ۋەقەلەرنى ئىنچىكە، تەپسىلىي تەسۋىرلەشكە تامامەن مۇمكىن بولغاچقا، ئۇ ئىجتىمائىي رېئاللىقنى كىتابخانلارغا كەڭ ۋە چوڭقۇر تونۇتالايدۇ.

## 35. ئەدەبىياتنىڭ تەربىيىۋى رولى نېمىگە قارىتىلغان؟

جاۋاب: ئىنسانلار دۇنيانى كۆزىتىش، تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىش، دۇنيانى ئۆز غايىسى بويىچە ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. جۇملىدىن يازغۇچىلارنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى كۆزىتىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشمۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىش، غايىسىدىكىدەك گۈزەل ئىجتىمائىي تۇرمۇش بەرپا قىلىش ئۈچۈندۇر. ھەرقانداق يازغۇچى رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرگەندە، ھېچقانداق مەقسەتسىز ھالدا «ساپ ئوبيېكتىپ» ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ. يازغۇچى مەيلى ئاڭلىق تونۇسۇن ياكى تونىمىسۇن ئۇلارنىڭ تېما تاللاش، ئوبراز يارىتىش، تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەريانى مۇقەررەر ھالدا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشقا بولغان باھاسىنى، ھەقىقەت يولىدىكى ئىزدىنىشىنى، مۇھەببەت - نەپرىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالماي قالمايدۇ. شۇڭا، يازغۇچى ئۆز ئەسەرلىرىدە باي، ھەقىقىي، گۈزەل تۇرمۇش كارتىنىسىنى

تەسۋىرلەش ئارقىلىق، كىتابخانىلارنى گۈزەل مەنىۋى مۇھىت بىلەن بەدىئىي لەززەتكە ئىگە قىلىپلا قالماي، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى كىتابخانلارغا بۇنداق مۇرەككەپ، چىگىش بەدىئىي تۇرمۇش كارتىنىسى ئارقىلىق نېمىنىڭ ياخشى، گۈزەل، ھەقىقىي؛ نېمىنىڭ يامان، ساختا، رەزىل ئىكەنلىكىنى؛ نېمىنىڭ مۇقەررەرلىككە، مەدھىيىلەشكە تېگىشلىك؛ نېمىنى ئىنكار قىلىشقا ۋە تەنقىدلەشكە تېگىشلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەت، قەيسەر ئىرادە، ساغلام كەيپىيات، يۈكسەك ئۈمىدۋارلىق جەھەتتە تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشى، تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدۇ. مانا بۇ ئەدەبىياتنىڭ ئىدىيە، ئەخلاقىي جەھەتتىكى تەربىيىۋى رولىدىن ئىبارەت.

## 36. ئەدەبىياتنىڭ ئېستېتىك رولى نېمىگە قارىتىلغان؟

جاۋاب: كىتابخانلار ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا، ئالدى بىلەن ئۇلاردا مەنىۋى جەھەتتىن خۇشاللىنىش، قانائەتلىنىش ياكى ھەسرەتلىنىش، غەزەپلىنىشتەك ھېسسىيات پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل خۇشاللىنىش، قانائەتلىنىش ياكى ھەسرەتلىنىش ۋە غەزەپلىنىش جەريانى روھىي كەيپىيات ۋە ئىچكى تۇيغۇدىكى ئىدىيىۋى تەسرات ۋە ئارام ئېلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئەدەبىياتنىڭ ئېستېتىك رولى ياكى مەنىۋى گۈزەللىك بەخش ئېتىش رولى دېيىلىدۇ.

تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىجتىمائىيەتتە زور مىقداردىكى گۈزەل شەيئىلەر بىلەن رەزىل، سەت شەيئىلەر بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. يازغۇچى - سەنئەتكار ئەنە شۇ خىل رەزىللىك ۋە گۈزەللىكلەرگە قارىتا ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىك نۇقتىئىنەزىرى ئاساسىدا تاللاش، پىششىقلاش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئەسلىدىكى گۈزەللىكتىن تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ غايىۋى گۈزەللىك يارىتىپ چىقىدۇ. كىشىلەر بۇنداق ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا ئەلۋەتتە تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ

غايىۋى گۈزەللىك تۇيغۇسىغا چۆمىدۇ ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسىدىن تېخىمۇ زور خۇشاللىق ۋە قانائەت ھاسىل قىلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەر كىشىلەرنىڭ گۈزەللىكنى تونۇش، گۈزەللىككە ئىنتىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ، ساغلام گۈزەللىك قارىشىنى يېتىلدۈرۈش ۋە جارى قىلدۇرۇشتا زور رول ئوينايدۇ. بۇ، ئەدەبىياتنىڭ ئېستېتىك رولى (گۈزەللىك تەربىيىسى رولى) دىن ئىبارەت.

**37. ئەدەبىياتنىڭ تونۇتۇش رولى، تەربىيىلەش رولى ۋە ئېستېتىك رولىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟**

جاۋاب: ئەدەبىياتنىڭ ئۈچ خىل رولى بىرى ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ۋە تولۇقلايدىغان ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە. ئەدەبىياتنىڭ ئىدىيىۋى تەربىيە رولىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىدىيە ئەسەرنىڭ جېنى. ئىدىيىۋى خاھىشى ناچار ياكى ئىدىيىۋى تەربىيە مەقسىتى ساغلام بولمىغان ئەسەرلەرنىڭ ھاياتىي قىممىتى بولمايدۇ. ئەدەبىياتنىڭ تەربىيىۋى رولىمۇ ئۇنىڭ تونۇتۇش رولى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. چۈنكى، ئوقۇرمەن ئەدەبىي ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى (ياخشى ـ يامانلىقى ياكى گۈزەل ـ رەزىللىكىنى) تونۇغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭدىن بەلگىلىك ئىدىيىۋى تەربىيىگە ئىگە بولالايدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغان ۋاقىتتىكى روھىي كەيپىياتى سىياسىي، پەلسەپىۋى ماقالىلەرنى ئوقۇغان ۋاقىتتىكىگە ئوخشاشمايدۇ. گەرچە ئوقۇرمەن دەسلەپتە كۆپ ھاللاردا ئارام ئېلىش ۋە مەلۇم ئىجتىمائىي بىلىمگە ئىگە بولۇشنى مەقسەت قىلسىمۇ، لېكىن ئەسەرنى ئوقۇش جەريانىدا پېرسوناژ، ۋەقەلەرگە قىزىقىپ، ھېسسىيات جەھەتتىن ئېستېتىك تەسىراتقا ئىگە بولۇپ، تەبىئىي ھالدا ئەسەردىكى بەدىئىي گۈزەللىكتىن لەززەتلىنىش، تەكرار تەسەۋۋۇر قىلىش جەريانىدا ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش ھەققىدە مەلۇم تونۇشقا ھەمدە ئىدىيىۋى تەربىيىگە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، گۈزەل بەدىئىي ئوبرازلار ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە قاتتىق جەلىپ

قىلىپ، ئۇلارنى خۇددى شۇ مۇھىت ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك، شۇ پېرسوناژلار بىلەن بىللە پائالىيەت قىلىۋاتقاندەك تەسىراتقا ئىگە قىلىپ، ئىدىيە ـ ھېسسىيات جەھەتتە تەربىيىگە ئىگە قىلىنىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىياتنىڭ تونۇتۇش رولى ۋە ئىدىيىۋى تەربىيە رولى ئېستېتىك رولى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. ئېستېتىك رولى (گۈزەللىكتىن زوقلاندۇرۇش رولى) ئاجىز ئەسەرنىڭ تەربىيىۋى رولى يۇكسەك بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. بۇ ئۈچ تەرەپنى زىچ بىرلەشتۈرۈشمۇ ئانچە ئوڭاي ئەمەس. شۇڭا، بەزى ئەسەرلەرنىڭ تونۇتۇش رولى كۈچلۈك بولسا، بەزى ئەسەرلەرنىڭ ئېستېتىك رولى كۈچلۈك بولۇشى مۇمكىن.

# Ⅲ باب ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىي ئامىللىرى

## 1. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: بەلگىلىك دۇنيا قاراش ۋە ئىجادىيەت ئۇيغا ئاساسەن بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى دېيىلىدۇ.

## 2. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى قايسى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىر ـ بىرىگە زىچ باغلانغان ئوبيېكتىپ تەرەپ بىلەن سۇبيېكتىپ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئوبيېكتىپ تەرەپ دېگىنىمىز، يازغۇچىنىڭ تاللىشى، تاۋلىشىدىن ئۆتكەن، ئەسەر مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدىغان كونكرېت تۇرمۇش ماتېرىياللىرىغا قارىتىلغان.

سۇبيېكتىپ تەرەپ دېگىنىمىز، يازغۇچىنىڭ ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان ئىجتىمائىي تۇرمۇش ماتېرىياللىرىغا قارىتا تونۇشى، باھاسى، يەنى ئەسەرگە سىڭدۈرۈلگەن ئىدىيىۋى ھېسسىياتىغا قارىتىلغان.

## 3. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى قايسى ئامىللاردىن تەركىب تاپىدۇ؟

جاۋاب: ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى تېما، باش تېما، سيۇژېت،

پېرسوناژ، شارائىت قاتارلىق ئامىللاردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ.

### 4. تېما دېگەن نېمە؟

جاۋاب: بەلگىلىك ئىجادىيەت ئوبيى ئاستىدا تۇرمۇشتىن تاللىۋېلىنغان ھەمدە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، مەلۇم ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى شەكىللەندۇرۇپ، باش تېمىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللار تېما دېيىلىدۇ. تېما خام ماتېرىياللار ئىچىدىن تاللىنىدۇ.

### 5. خام ماتېرىيال دېگەن نېمە؟

جاۋاب: مەلۇم ئەسەرنىڭ تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلىنغان، ياكى يازغۇچى تەرىپىدىن رەتلەنمىگەن، تاللانمىغان ئىپتىدائىي تۇرمۇش ماتېرىياللىرى خام ماتېرىيال دېيىلىدۇ. خام ماتېرىيال بىۋاستە خام ماتېرىيال، ۋاستىلىك خام ماتېرىيال دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. يازغۇچى بىۋاستە كۆرگەن، ئاڭلىغان ياكى ئۆزى بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى ئارقىلىق ئېرىشكەن خام ماتېرىيال بىۋاستە خام ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. باشقىلاردىن ئاڭلىغان ياكى ماتېرىيال (ھۆججەت، ئاخبارات، تارىخىي خاتىرىلەر) ئارقىلىق ئېرىشكەن ماتېرىيال ۋاستىلىك خام ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

### 6. لىرىك ۋە ئېپىك خاراكتېردىكى ئەسەرلەرنىڭ تېمىلىرى قانداق ئامىللاردىن تەشكىللىنىدۇ؟

جاۋاب: ھەرخىل خاراكتېردىكى ئەسەرلەرنىڭ تېمىغا بولغان تەلىپى ئوخشاش بولمىغاچقا ئۇلارنىڭ تېمىلىرى ئوخشاشمىغان ئامىللاردىن تەركىب تاپىدۇ.

لىرىك ئەسەرلەردە كۆپىنچە يازغۇچىنىڭ مەلۇم تۇرمۇش پاكىتلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئىدىيە، ھېس - تۇيغۇلىرىنى مەركەزلىك ئىپادىلەش ئاساس قىلىنغاچقا، بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ تېمىلىرى كۆپ ھاللاردا تۇرمۇشنىڭ مەلۇم پارچىلىرىنى، تەبىئەت

ھادىسىلىرى ۋە مەنزىرىلىرىنى ئۈزۈپ ئېلىپ، ئۇنىڭغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ئىخچام، مەركەزلىك، گەۋدىلىك تەسۋىرلەشلەرگە كۈچلۈك ھېسسىيات سىڭدۈرۈلۈش ئارقىلىق تەشكىللىنىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ تېمىلىرى ئېپىك ئەسەرلەر تېمىلىرىدەك باي، مۇرەككەپ، ئەتراپلىق بولۇپ كەتمەي، بەلكى ئاددىيراق، مەكەزلىكرەك كېلىدۇ.

ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ تېمىلىرى ئادەتتە كونكرېت پېرسوناژ، كونكرېت ۋەقە، كونكرېت شارائىت تەسۋىرى ئارقىلىق تەشكىللىنىدۇ. بۇ خىل ئەسەرلەردە مۇكەممەل پېرسوناژلار خاراكتېرىنى سۈرەتلەش مەركىزىي ۋەزىپە قىلىنىپ، پېرسوناژلار ئوبرازى كونكرېت شارائىت ئىچىگە قويۇلۇپ تەسۋىرلىنىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكەت - پائالىيەتلىرى مەلۇم ئىزچىللىققا ئىگە ھېكايە سيۇژېتى ئاساسىدا قانات يايدۇرۇلىدۇ. شۇڭا ئېپىك ئەسەرنىڭ تېمىلىرى بىر قەدەر مول بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

## 7. تېمىلارنىڭ شەكىللىنىشى قانداق شەرتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ؟

جاۋاب: تېمىنىڭ شەكىللىنىشى ئىككى تۈرلۈك شەرتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. بىرى، يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، يەنى يازغۇچى ئۆزى بىۋاستە كۆرگەن، ئاڭلىغان، ئۆگەنگەن، چۈشەنگەن تۇرمۇش ماتېرىياللىرى ئاساسىدا شەكىللەندۈرەلەيدۇ. كۆرمىگەن، ئاڭلىمىغان ياكى ئۆگەنمىگەن، چۈشەنمىگەن تۇرمۇش ماتېرىياللىرىدىن تېما شەكىللەندۈرەلمەيدۇ. يەنە بىرى، تېمىنىڭ شەكىللىنىشى يازغۇچىنىڭ مەيدانى، دۇنيا قارىشىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. يەنى يازغۇچى ئۆزى تەۋە قاتلامنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئۆز خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدىغان، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان تۇرمۇش دېتاللىرىدىن تېما تاللايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغانلىرىنى شاللاپ تاشلايدۇ. شۇڭا، يازغۇچى ئىلغار، ياخشى تېمىلارنى تاللاش

ئۈچۈن ئىككى شەرتنى هازىرلىشى كېرەك. بىرى، تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، تۇرمۇشنى توغرا كۆزىتىشى، ئۆگىنىشى، مول تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. يەنە بىرى، دىئالېكتىكا ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراشنى تىكلىشى، ئۇنى رېئاللىقنى كۆزىتىشنىڭ يېتەكچىسى قىلىشى لازىم.

## 8. تېما تاللاشتا قايسى نۇقتىلارغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك؟

جاۋاب: بىرىنچى، تېمىنىڭ كۆپ خىللىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. تېمىنىڭ كۆپ خىللىقىنى تەكىتلەش ئۈچ خىل ئاساسقا ئىگە. (1) تۇرمۇش خىلمۇخىل، مۇرەككەپلىككە ئىگە. (2) هەرخىل كەسىپ، هەرخىل ياش، هەرخىل قىزىقىشتىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەدەبىياتقا قويغان تەلىپى كۆپ خىل. (3) يازغۇچىلارنىڭ دۇنيا قارىشى، ئىجادىيەت ئۇيى، سەرگۈزەشتىسى، قىزىقىشى، بەدىئىي ئۇسلۇبى كۆپ خىل. شۇڭلاشقا، تېمىنىڭ كۆپ خىللىقى تەكىتلىنىدۇ.

ئىككىنچى، تېما تاللاشتا يۇقىرى - تۆۋەن، ئاددىي ۋە مۇرەككەپ، ئاساس ۋە ئاساس بولمىغان، جىددىي ۋە جىددىي بولمىغان تەركىبلەر بولۇش لازىم. بۇنداق بولغاندا، رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇش تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئۈچىنچى، تېما تاللاش هەرخىل كىشىلەرنىڭ بەدىئىي تەلىپىنى چىقىش قىلىش لازىم. ئەدەبىيات بىر مۇقام، بىر خىل قېلىپتىكى تېمىلار بىلەن چەكلەنمەي، هەرخىل كىشىلەرنىڭ ئارزۇ - تەلىپى ئاساسىدا تېما تاللاپ ئۇنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرگەندە، كەڭ خەلقنى تەربىيىلەش، خەلقنىڭ گۈزەللىك تەلىپىنى قاندۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

## 9. باش تېما دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى بەدىئىي ئۇسۇلدا تەسۋىرلەش

ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مەركىزىي ئىدىيە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ باش تېمىسى دېيىلىدۇ. باش تېما ئەدەبىي ئەسەرنىڭ جېنى ياكى يادروسى بولۇپ، ئۇ پۈتۈن ئەسەرنىڭ بارلىق ئامىللىرىنى تەشكىللىگۈچى ۋە ئۇلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرغۇچى ھالقا. ئادەتتىكى ئەسەرلەردە بىرلا باش تېما بولىدۇ. چوڭ ھەجىملىك ئەسەرلەردە باش تېمىدىن باشقا بىر قانچە قوشۇمچە باش تېمىلارمۇ بولىدۇ.

## 10. باش تېما بىلەن تېمىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟

جاۋاب: تېما بىلەن باش تېما ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك. باش تېما ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈپ مەسىلە بولسا، تېما باش تېمىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تاللىنىۋېلىنغان ۋە تەشكىللەنگەن كونكرېت ماتېرىيال. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى مۇنداق: (1) باش تېما تېمىلارنى تاللاش ۋە تەشكىللەشكە قوماندانلىق قىلىدۇ. تېما بولسا باش تېمىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. (2) باش تېما بولۇپ، ئۇنى كونكرېت گەۋدىلەندۈرىدىغان تېمىلار بولمىسا، باش تېمىنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولمايدۇ. ئەگەر تېمىلار بولۇپ، بۇ تېمىلار باش تېمىنىڭ ئېھتىياجىغا بويسۇنمىغان بولسا، ئۇنداق تېمىلار گەۋدىسىز، چۇۋالچاق ماتېرىيال دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. (3) تېما بىر قەدەر كەڭ، جانلىق، روشەن كونكرېتلاشتۇرۇلغان ماتېرىيال. باش تېما بولسا كونكرېتلاشتۇرۇلغان ماتېرىياللار ئاساسىدا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئابستراكت خۇلاسە.

## 11. باش تېما قانداق شەكىللىنىدۇ؟

جاۋاب: باش تېمىنىڭ شەكىللىنىشىنى گوركىي ئوتتۇرىغا قويغان: «باش تېما — ئاپتورنىڭ تەجرىبىسىدىن تۇغۇلىدىغان، تۇرمۇش ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر خىل غايە» بۇنىڭدىن چۈشىنىشكە بولىدۇكى، باش تېما يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىش، ئۆگىنىش، چۈشىنىشى جەريانىدا بەزى شەيئىلەر ئۇنىڭ قەلبىدە ھاياجان قوزغاپ، ئىدىيىسىدە ئويلىنىش پەيدا قىلىپ، مۇقىملاشقا

ئېنىق پىكىرگە كەلتۈرىدۇ. ئەنە شۇ ئېنىق پىكىر باش تېمىدۇر.

## 12. باش تېما قانداق ئىپادىلىنىدۇ؟

جاۋاب: ھەرخىل خاراكتېردىكى ئەسەرلەرنىڭ باش تېمىسى ئوخشاشمىغان ۋاستىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىلمىي ماقالە، سىياسىي، نەزەرىيىۋى ئەسەرلەردە ئاساسەن ئابستراكت تەپەككۇر قوللىنىلغانلىقتىن، بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ باش تېمىسى مۇئەللىپنىڭ ئابستراكت مۇلاھىزىلىرى، يەنى ئۇقۇم، ھۆكۈم، ئەقلىي خۇلاسىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

ئېپىك خاراكتېرلىك (بايان خاراكتېرلىك) ئەسەرلەرنىڭ باش تېمىسى ئاساسەن پېرسوناژ، ۋەقە، شارائىت قاتارلىقلارنىڭ ئورگانىك بىرلىكى ئاساسىدا مەيدانغا چىققان كونكرېت بەدىئىي ئوبرازلار تەسۋىرى ئارقىلىق تەبىئىي ئىپادىلىنىدۇ.

لىرىك خاراكتېرلىك ئەسەرلەردە تۇرمۇش تەسىراتى، يۇكسەك بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن چىن، سەمىمىي، قىزغىن ئىدىيىۋى ھېسسىياتقا ئىگە بولغان لىرىك پېرسوناژ ۋە مەنىۋى مۇھىت تەسۋىرىگە سىڭدۈرۈپ ئىپادىلىنىدۇ.

## 13. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ پېرسوناژلىرى دېگەن نېمە، نېمە ئۈچۈن ئەدەبىي ئەسەرلەردە پېرسوناژ مەركىزىي ئورۇنغا قويۇلىدۇ؟

جاۋاب: ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن ئادەم ۋە ئادەم خاراكتېرىگە ئىگە قىلىنغان شەيئىلەر ئەدەبىي ئەسەرنىڭ پېرسوناژلىرى دېيىلىدۇ.

ئەدەبىيات بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان بەدىئىي ئوبراز پېرسوناژ ئوبرازى، ۋەقە ئوبرازى ۋە شارائىت ئوبرازىنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇلار ئىچىدە پېرسوناژ ئوبرازى ئاساس ياكى يادرو ھېسابلىنىدۇ. ۋەقە، شارائىت ئوبرازلىرى پېرسوناژ ئوبرازىنى

گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن، چۆچەك قاتارلىق ژانىرلاردا تەسۋىرلەنگەن ھايۋانات، ئۇچار قانات قاتارلىقلارمۇ ئادەم خاراكتېرىگە ئىگە قىلىنىپ تەسۋىرلەنگەن. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە سىمۋول قىلىنغان. مەنزىرە تەسۋىرلەنگەن ياكى جانسىز شەيئىلەر تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەرمۇ گەرچە ئادەمگە مۇناسىۋەتسىزدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شۇ خىل شەيئىلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش مەقسەت قىلىنىدۇ.

«ئەدەبىيات — ئادەم ھەققىدىكى پەن». ئۇنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى ئادەمنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈش. ئەدەبىياتتىكى پېرسوناژ رېئاللىقتىكى ئادەملەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئەدەبىياتتا قوللانغان بارلىق ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنىڭ ھەممىسى پېرسوناژ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر. شۇڭا، پېرسوناژلار ئوبرازى ئەدەبىي ئەسەرلەردە مەركىزىي ئورۇنغا قويۇلىدۇ.

## 14. سيۇژېت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قاتار تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى ياكى بۇ خىل تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرىنىڭ ئۆزگىرىش، تەرەققىيات جەريانى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ سيۇژېتى دېيىلىدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، باش - ئاخىرى بولغان ۋەقەلىكلەر سىستېمىسى سيۇژېت دەپ ئاتىلىدۇ. سيۇژېت بايان خاراكتېرلىك ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى، زىددىيەت - توقۇنۇشلىرى جەريانىدىكى كونكرېت ۋەقەلىكلەرنىڭ يىغىندىسى. شۇنداقلا پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىش جەريانىنى ئىچىپ بېرىشنىڭ ۋاسىتىسى.

## 15. سيۇژىت بىلەن پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟

جاۋاب: سيۇژىت بىلەن پېرسوناژلار خاراكتېرى سيۇژىت تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدۇ. قانداق خاراكتېر بولسا شۇنداق ھەرىكەت ـ پائالىيەت، [illegible] شۇنداق سيۇژىتنىڭ بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. يەنى سيۇژىت پېرسوناژلار خاراكتېرىغا ئەگىشىپ بارلىققا كېلىدۇ. پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىشى، تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ.

ئىككىنچى، سيۇژىت ئۆز نۆۋىتىدە پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. پېرسوناژلار خاراكتېرى سيۇژىت ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر سيۇژىت پېرسوناژ خاراكتېرىدىن چەتنەپ كېتىدىكەن ياكى پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ تەرەققىيات مەنتەقىسىگە ئۇيغۇن ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلمايدىكەن، ئۇ ھالدا ئۇنداق سيۇژىتنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايلا قالماي، بەلكى پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىشىگە بەلگىلىك ئەكس تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ.

## 16. سيۇژىتنىڭ تەركىبىي بۆلەكلىرى قايسى، ھەرقايسى بۆلەكنىڭ ئەسەردىكى رولى قانداق؟

جاۋاب: سيۇژىت باشلاش، راۋاج، كولمىناتسىيە، يېشىم قاتارلىق تۆركىبىي بۆلەكلەردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ.

باشلاش تۇگۇن (ئېكسپوزىتسىيە) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. باشلاش ئەسەردىكى ئاساسىي زىددىيەتنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسىي زىددىيەتنىڭ تۇغۇلۇشىغا باشلىغان ۋاقىتتىكى بىرىنچى ۋەقەلىك تەسۋىرلىنىدۇ. ئاساسىي قەھرىماننىڭ خاراكتېرى دەسلەپكى قەدەمدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا سيۇژىتنىڭ راۋاجىغا، پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ تەرەققىياتىغا يول ئېچىلىدۇ.

راۋاج — ئەسەر سيۇژىتنىڭ باشلىنىش قىسمىدىن كېيىنكى

زىددىيەتلەرنىڭ يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇلغان، كەسكىنلەشتۈرۈلگەن باسقۇچى. ئۇنىڭ ھەجىمى بىرقەدەر چوڭ، ئۆزگىرىشچانلىقى مۇرەككەپ، بۇ قىسمىنىڭ ئىپادىلىنىشىنىڭ قانداقلىقى پۈتكۈل ئەسەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىنتايىن مۇھىم.

كولمىناتسىيە (يۇقىرى پەللە) — ئەسەردىكى زىددىيەتلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا پېرسوناژلار تەقدىرى ھەل قىلىنىدۇ، مەركىزىي ئىدىيە گەۋدىلىنىدۇ. ئاساسىي قەھرىمانلارنىڭ خاراكتېرى تولۇق ئىپادىلىنىدۇ، زىددىيەت ـ توقۇنۇشلاردا بۇرۇلۇش بولىدۇ. كولمىناتسىيە ئادەتتە ئەسەرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

يېشىم (تۈگەللىمە) — سيۇژېتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچى بولۇپ، زىددىيەتلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلىنىشى. بۇ قىسىمدا زىددىيەت پۈتۈنلەي ھەل قىلىنىدۇ. پېرسوناژ خاراكتېرى ۋە مەركىزىي ئىدىيىنىڭ ئىپادىلىنىشى پۈتۈنلەي ئاخىرلىشىدۇ.

## 17. سيۇژېتقا تەئەللۇق بولمىغان بۆلەكلەر قايسى؟ ئۇلارنىڭ ئەسەردىكى رولى قانداق؟

جاۋاب: ئەسەرنىڭ باش تېمىسىنى روشەنلەشتۈرۈش، ۋەقە يۈز بەرگەن دەۋر شارائىتىنى چۈشەندۈرۈش، پېرسوناژلارنىڭ ئاخىرقى تەقدىرىنى ئىزاھلاش ئېھتىياجى تۇغۇلغاندا، ئەسەرگە مۇقەددىمە، خاتىمە ۋە ئاپتورنىڭ قىستۇرما مۇھاكىمىسى ياكى مەنزىرە تەسۋىرلىرى قاتارلىقلار بېرىلىشى مۇمكىن. بۇ خىل ئامىللار سيۇژېتقا تەئەللۇق بۆلەكلەر ئەمەس. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ يازغۇچىنىڭ ئەسەرنى يېزىش مەقسىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، پېرسوناژلارنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى ھەققىدە ئىزاھات بېرىش جەھەتتە بەلگىلىك رولى بار. ئەمما، سيۇژېتقا تەئەللۇق بولمىغان بۆلەكلەرنىڭ باش تېما ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى يوق. شۇڭا، بۇ خىل ئامىللار بولمىغان ئەسەرلەرمۇ رېئاللىقنىڭ مەلۇم ماھىيىتىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ

بېرەلەيدۇ.

مۇقەددىمە (پرولوگ) — ئاساسەن ۋەقە پەيدا بولغان شەرت ـ شارائىتنى تونۇشتۇرۇش، ئەسەردىكى ئاساسلىق زىددىيەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى تاپشۇرۇش، ئاپتورنىڭ مۇددىئاسىنى تونۇشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن، «ئىز» رومانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە تۆمۈر خەلپە ياشىغان دەۋر، شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي ھايات ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەمدە ئاپتورنىڭ مۇددىئاسىمۇ، ئەسەرنىڭ توپ ئىدىيىسىمۇ ئىخچام ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

خاتىمە (ئېپىلوگ) — ئاساسەن ئەسەرنىڭ يېشىمىدىن كېيىنكى ئەھۋاللار، يەنى پېرسوناژلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ھەققىدىكى ئاپتورنىڭ ئىزاھاتلىرىدىن ئىبارەت. بەزى خاتىمىلەردە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىستىقبالى ئېچىپ بېرىلىدۇ ياكى ۋەقەلەرگە باھا بېرىلىدۇ. «ئىز» رومانىنىڭ خاتىمىسى بۇنىڭ تىپىك مىسالى.

### 18. شارائىت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئەدەبىي ئەسەرلەردە پېرسوناژلارنى ئوراپ تۇرغان، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بارلىق تاشقى ئامىللارنىڭ يىغىندىسى شارائىت دېيىلىدۇ.

### 19. شارائىتنى تەسۋىرلەشتە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: شارائىتنى تەسۋىرلەشتە ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىش لازىم:

بىرىنچى، شارائىتنى پېرسوناژلار پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەش لازىم. چۈنكى، پېرسوناژ بىلەن شارائىتنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ. يەنى شارائىت پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشى، ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. پېرسوناژ

خاراكتېرىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شارائىتنى پېرسوناژلار پائالىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەش دېگىنىمىز، پېرسوناژلار پائالىيىتى ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ (ئادەمنىڭ) شارائىتنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى ھەمدە شارائىتنىڭمۇ پېرسوناژ خاراكتېرىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىپادىلەش دېمەكتۇر.

ئىككىنچى، تىپىك شارائىتنى تىپىك خاراكتېر ئارقىلىق كۆرسىتىش لازىم. چۈنكى تىپىك خاراكتېر تىپىك شارائىت ئىچىدە شەكىللىنىدۇ. شۇڭا پېرسوناژ بەلگىلىك دەۋردىكى تىپىك شەخس سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەندىلا، ئاندىن تىپىك خاراكتېرنى شەكىللەندۈرگەن تىپىك شارائىتنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. تىپىك پېرسوناژ جانلىق، كونكرېت تەسۋىرلەنمىسە تىپىك شارائىتنىمۇ كۆرسىتىپ بەرگىلى بولمايدۇ.

## 20. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شەكلى دېگەن نېمە، ئۇ قانداق ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: ئەدەبىي ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئىچكى تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ياكى ئەسەر مەزمۇنىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدىغان بارلىق ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ يىغىندىسى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شەكلى دېيىلىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شەكلى تىل، قۇرۇلما، ژانىر، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ۋە ۋاستىلىرى قاتارلىق ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەمدە شۇ ئامىللارنىڭ ئورگانىك بىرلىكى ئاساسىدا ئەدەبىي ئەسەر مەزمۇنىنى ئىپادىلەپ بەدىئىي ئوبراز يارىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئەگەر شەكلىي ئامىللار بەدىئىي ئوبراز يارىتىش ئۈچۈن ئورگانىك تەشكىللەنمىسە، ئۇنى ئەدەبىي ئەسەر دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى تىل، قۇرۇلما قاتارلىق ئامىللار باشقا ئاڭ فورمىلىرىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

## 21. ئەدەبىي تىل دېگەن نېمە؟

جاۋاب: بەلگىلىك بىر مىللەتنىڭ خەلقى ئورتاق چۈشىنىدىغان

ۋە قېلىپلاشقان، مائارىپ، مەتبۇئات، نەشرىيات، ئاخبارات قاتارلىق كەڭ ساھەلەر ئورتاق قوللىنىدىغان ئۆلچەملىك تىل ئەدەبىي تىل دەپ ئاتىلىدۇ. ئەدەبىي تىل خەلق تىلى ئاساسىدا تاللىنىپ، رەتلىنىپ قېلىپلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئەدەبىي ئەسەر تىلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**22. ئەدەبىي ئەسەر تىلى (بەدىئىي تىل) دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: خەلق تىلى ۋە ئەدەبىي تىل ئاساسىدا تاللانغان، پىششىقلانغان، پەقەت ئەدەبىي ئەسەرلەردىلا قوللىنىلىدىغان جانلىق، كونكرېت ۋە ئوبرازچانلىققا ئىگە گۈزەل تىل ئەدەبىي ئەسەر تىلى دېيىلىدۇ.

**23. ئەدەبىي ئەسەر تىلى قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟**

جاۋاب: ئەدەبىي ئەسەر تىلىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، ئەدەبىي ئەسەر تىلى ئوبرازچانلىققا ئىگە. ئەدەبىي ئەسەر تىلىنىڭ ئوبرازچانلىقى دېگىنىمىز، ئۇنىڭ ۋەقە، ھادىسىلەرنى، پېرسوناژلارنىڭ تاشقى قىياپىتى ۋە ئىچكى دۇنياسىنى، كونكرېت ۋە ئابستراكت شەيئىلەرنى ئوقۇرمەنلەر ئەينەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلىگۈدەك دەرىجىدە جانلىق، روشەن ۋە كونكرېتلاشتۇرۇپ سۈرەتلەپ بېرىشكە قارىتىلغان.

ئىككىنچى، ئەدەبىي ئەسەر تىلى ئېنىق، ئىخچام بولىدۇ. تىلنىڭ ئېنىقلىقى دېگىنىمىز، ئۇنىڭ توغرا، دەل بولۇشىغا، يەنى شۇ تىل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن شەيئىلەرنىڭ خاراكتېرى، ھالىتى ۋە تۈسىنىڭ ئەڭ دەل، ئەڭ روشەن سۈرەتلىنىشىگە قارىتىلغان. تىلنىڭ ئىخچاملىقى دېگىنىمىز، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاز سۆز ئارقىلىق كۆپ مەنىنى، قىسقا سەھىپە ئارقىلىق باي، مول تۇرمۇش مەزمۇنىنى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەپ بېرىشكە قارىتىلغان.

ئۈچىنچى، ئەدەبىي ئەسەر تىلى كۈچلۈك ھېسسىيات تۈسىگە

ئىگە بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەر ئادەتتىكى ماقالىلەردىن پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭدا بەدىئىي تىل ئارقىلىق بەدىئىي ئوبراز يارىتىلىپ، ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ئىپادىلىنىدۇ. ئاپتورنىڭ كۈچلۈك ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ئۆزى ياراتقان بەدىئىي ئوبرازغا سىڭدۈرۈلىدۇ ھەمدە بەدىئىي ئوبرازغا سىڭدۈرۈلگەن كۈچلۈك ھېسسىيات يەنىلا پېرسوناژلار تىلى ۋە ئاپتور تىلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، ئادەتتىكى ماقالىلەردە ھېسسىيات مۇھاكىمە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئەدەبىياتتا بولسا ھېسسىيات ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مۇھاكىمە ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ھېسسىياتقا قارىغاندا، ئوبراز ئارقىلىق ياكى ئەدەبىي ئەسەر تىلى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات ئىنتايىن كۈچلۈك، ئىنتايىن چوڭقۇر بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەدەبىيات كىشىلەرنى ھېسسىيات ئارقىلىق چوڭقۇر تەسىراتقا ۋە كۈچلۈك تەربىيىگە ئىگە قىلالايدۇ.

تۆتىنچى، ئەدەبىي ئەسەر تىلى مۇزىكىچانلىققا ئىگە بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەر تىلىنىڭ مۇزىكىچانلىقى دېگىنىمىز، ئەسەر تىلىنىڭ ئاھاڭدارلىقى، قىزىقارلىقى، رىتىملىق، ئېنىق، راۋان، جاراڭلىق، دولقۇنسىمان بولۇشىغا قارىتىلغان. ئەدەبىي ئەسەر تىلى ئەنە شۇنداق مۇزىكىچانلىققا ئىگە بولغاندىلا رېئاللىقنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى، ئاپتورنىڭ كۈچلۈك ھېسسىياتىنى تەسىرلىك ئىپادىلەپ، كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك تۇيغۇسىنى قوزغاتقىلى بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەر تىلىنىڭ مۇزىكىچانلىقى پروزا ئەسەرلەرگە قارىغاندا شېئىرىيەتتە تېخىمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ. چۈنكى، شېئىرلارنى نوتىغا سېلىپ ئوقۇشقا، دېكلاماتسىيە قىلىشقا بولىدۇ. شېئىر تىلىنىڭ مۇزىكىچانلىقى رىتىم، قاپىيە، ئاھاڭ بىلەن شەكىللىنىدۇ.

## 24. ئەدەبىي ئەسەر تىلى قانچىگە بۆلۈنىدۇ، ئۇلار قايسىلار؟

جاۋاب: ئەدەبىي ئەسەر تىلى ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار پېرسوناژ تىلى ۋە بايان قىلغۇچىنىڭ تىلىدىن ئىبارەت. بايان خاراكتېرلىك

ئەسەرلەردە پېرسوناژ تىلى بىلەن بايان قىلغۇچىنىڭ تىلى بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كېتىدۇ. لېكىن، بۇنىڭدا بايان قىلغۇچىنىڭ تىلى باشقۇرۇش ئورنىدا تۇرىدۇ. پېرسوناژ تىلى بولسا بايانچى تىلنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنىدۇ.

## 25. پېرسوناژ تىلى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگ ۋە مونولوگلىرىدىن تەركىب تاپقان، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى بىۋاستە ئېچىپ بېرىش رولىنى ئوينايدىغان بەدىئىي تىل پېرسوناژ تىلى دېيىلىدۇ.

## 26. پېرسوناژ تىلىغا قانداق تەلەپ قويۇلىدۇ؟

جاۋاب: پېرسوناژ تىلى پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئىپادىلەشنىڭ مۇھىم ۋاستىلىرىدىن بىرى. ئۇ بەدىئىي ئەسەرلەردە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭغا ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇش بىلەن بىللە ئومۇملاشتۇرۇش تەلىپى قويۇلىدۇ.

پېرسوناژ تىلىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى دېگىنىمىز، ئاشۇ پېرسوناژنىڭ سالاھىيىتى، يېشى، جىنسى، كەسپى، تۇرمۇش ئادىتى، مىجەز ـ خۇلقى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى قاتارلىق تەرەپلىرىگە ماس كېلىدىغان، پېرسوناژنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى روشەن ئېچىپ بېرەلەيدىغان، قىسقىسى پېرسوناژنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان، باشقىلارغا ئوخشاشمايدىغان ئالاھىدە تىل بولۇش كېرەك، دېگەنلىك.

پېرسوناژ تىلىنىڭ ئومۇملۇقى دېگىنىمىز، ئەدەبىي ئەسەردىكى پېرسوناژ تىلى تۇرمۇشتىكى مەلۇم كىشىلەرنىڭ ئېغىز تىلىنىڭ خاتىرىلەپ قويۇلۇشى ئەمەس. ئۇ پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن يازغۇچى تەرىپىدىن تاللاپ، پىششىقلاش ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلگەن تىلدۇر. شۇڭا، يالغۇز ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى پېرسوناژلار خاراكتېرىدىكى ئومۇملۇقنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئالاھىدىلىكلەرنى، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ

بىرەلەيدىغان ھالقىلارنى ئىپادىلىيەلەيدىغان ئومۇملۇققا ئىگە بولۇش كېرەك.

### 27. بايانچى تىلى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئەدەبىي ئەسەرلەردە ۋەقەلەرنى بايان قىلىش، پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەش، ھېسسىياتنى ئىپادىلەش، مەنزىرىلەرنى سۈرەتلەشتە قوللىنىلىدىغان تىل بايانچى تىلى دەپ ئاتىلىدۇ.

### 28. بايانچى تىلىنىڭ قانداق ئىپادىلەش شەكىللىرى بار؟

جاۋاب: بايانچى تىلى ھېكايە، رومان، داستان، ئوچېرك، سەھنە ئەسەرلىرىدە كۆپرەك قوللىنىلىدىغان ئاساسلىق تىل. بايانچى تىلىنىڭ ئىككى خىل ئىپادىلەش شەكلى بولۇپ، بىرى، بىرىنچى شەخس بايان شەكلى. بۇنىڭدا «مەن»، «بىز» قاتارلىق بىرىنچى شەخس ئالماشلىرى ۋاستىسى قىلىنىپ بايان قىلىنىدۇ. يەنە بىرى، ئۈچىنچى شەخس بايان شەكلى بولۇپ، بۇنىڭدا «ئۇ»، «ئۇلار» قاتارلىق ئۈچىنچى شەخس ئالماشلىرى ۋاستە قىلىنىپ بايان قىلىنىدۇ.

بىرىنچى شەخس بايان شەكلىدە ھەرخىل ئەھۋاللار بار. بەزى ئەسەرلەردە بايانچى ئەسەردىكى بىر پېرسوناژ سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ ئۆزى بىۋاستە پىكىر بايان قىلىدۇ. مەسىلەن، لۇشۈننىڭ «كىچىككىنە بىر ئىش»، سەمەت دۇگايلىنىڭ «گۈزەللىك ئىزدىمە، ئۇ سەندە» قاتارلىقلاردا شۇنداق. بەزى ئەسەرلەردە بايانچى (ئاپتور) بايان قىلىشنى ئەسەردىكى ئاساسلىق پېرسوناژغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى بىۋاستە مەيدانغا چىقمايدۇ. مەسىلەن، لۇشۈننىڭ «سەۋدايى خاتىرىسى»، تۈركىيە يازغۇچىسى رشاد نۇرىنىڭ «چالىقۇشى» رومانى قاتارلىقلار.

ئۈچىنچى، شەخس بايان شەكلىدە يېزىلغان ئەسەرلەردە بايانچى باياننى ئۈچىنچى شەخس ئالماشلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېلىپ

بارىدۇ. يەنى «ئۇ»، «ئۇلار» قاتارلىق ئالماشلار ئارقىلىق پېرسوناژلارنى سۈرەتلەيدۇ. ۋەقە، ھادىسىلەرنى، شارائىتلارنى تەسۋىرلەيدۇ. بۇ خىل بايان شەكلىدە بەزىدە بايانچى تىلى بىلەن پېرسوناژ تىلى گىرەلىشىپ كېتىدۇ. بەزىدە بايانچى (ئاپتور) بىر پېرسوناژ تىلىدىن پايدىلىنىپ ۋەقەلەرنى بايان قىلىدۇ، پېرسوناژ ۋە مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلەيدۇ. ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى مۇشۇ شەكىلدە يېزىلىدۇ.

## 29. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ كومپوزىتسىيىسى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئەسەردە ئىپادىلىنىدىغان مەركىزىي ئىدىيىنىڭ تەلىپى بويىچە بەدىئىي ئوبراز گەۋدىسىنىڭ (ئەسەر بۆلەكلىرىنىڭ) تەشكىللىنىشى ياكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ كومپوزىتسىيىسى (قۇرۇلمىسى) دېيىلىدۇ.

## 30. كومپوزىتسىيە قانداق باسقۇچلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەرقايسى باسقۇچنىڭ مەزمۇنى قانداق؟

جاۋاب: كومپوزىتسىيە لايىھىلەش (پىلانلاش)، بېكىتىش، ئورۇنلاشتۇرۇش (يېزىش) قاتارلىق كونكرېت باسقۇچلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

لايىھىلەش: بۇ باسقۇچتا ئەسەر ھەجىمىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقى، قانچە باب، قانچە بۆلەككە بۆلۈنۈپ يېزىلىدىغانلىقى، قايسىنىڭ ئاساسىي بۆلەك، قايسىنىڭ قوشۇمچە بۆلەك بولىدىغانلىقى، قايسىنىڭ ئالدىنقى ئورۇنغا، قايسىنىڭ ئاخىرىغا قويۇلۇشى كېرەكلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە دەسلەپكى لايىھە تۈزۈلىدۇ.

بېكىتىش: بۇ باسقۇچتا باش تېمىنىڭ تەلىپى بويىچە قايسى ماتېرىياللارنى يېزىش زۆرۈر، قايسى ماتېرىيالنى يېزىش ھاجەتسىز، قايسىنى تەپسىلىي يېزىش، قايسىنى قىسقارتىپ يېزىش قاتارلىق دەسلەپكى لايىھىدە ئويلاشقان پىكىرلەرگە قارىتا تېخىمۇ پىششىقلاش

ئېلىپ بېرىلىپ، رەسمىي نۇسخا بېكىتىلىدۇ. بۇ خۇددى ماشىنىچىنىڭ پىلانلىغان رەختنى كىيىم كىيگۈچىنىڭ تەلىپى بويىچە مەلۇم پاسوندا رەسمىي كېسىپ، پۇرۇچلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، رەسمىي تىكىشكە تەييارلىغىنىغا ئوخشاش باسقۇچ.

يېزىش (ئورۇنلاشتۇرۇش) باسقۇچى: بۇ باسقۇچتا بېكىتىش باسقۇچىدا بېكىتىلگىنى بويىچە ئەسەر مەزمۇنىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ھەرخىل ئامىللارنى مۇۋاپىق تەشكىللەپ، ئەسەر قۇرۇلمىسىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. يەنى ئەسەرنى رەسمىي يېزىپ پۈتكۈزىدۇ. بۇ خۇددى ماشىنىچىنىڭ ئۆلچەپ كېسىلگەن رەختنى رەسمىي تىكىپ پۈتكۈزگىنىگە ئوخشاش ئىش.

## 31. سيۇژىت بىلەن كومپوزىتسىيىنىڭ قانداق ئورتاقلىقى، قانداق پەرقى بار؟

جاۋاب: ئورتاقلىقى: سيۇژىت بىلەن كومپوزىتسىيە ئەسەر مەزمۇنىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ئىككى خىل ئامىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى مەركىزىي ئىدىيىنى ئىپادىلەش، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈش تەلىپىگە بويسۇنىدۇ، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئاساسىدا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

پەرقى: (1) ھەرقانداق ئەسەردە كومپوزىتسىيە بولىدۇ. لېكىن، ھەرقانداق ئەسەردە سيۇژىت بولۇۋەرمەيدۇ. مەسىلەن، لىرىك شېئىر، لىرىك نەسرلەردە سيۇژىت بولمايدۇ. (2) بايان خاراكتېرلىك ئەسەرلەردىكى سيۇژىتنىڭ مەزمۇنى بىلەن كومپوزىتسىيىنىڭ مەزمۇنى ئوخشاشمايدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ سيۇژىتى سيۇژىتقا تەئەللۇق بۆلەكلەردىن باشلاش، راۋاج، كولمىناتسىيە، يېشىم قاتارلىق ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، كومپوزىتسىيىسى سيۇژىتقا تەئەللۇق بۆلەكلەردىن سىرت، يەنە مۇقەددىمە، خاتىمە ۋە لىرىك چېكىنىش (قىستۇرما مۇھاكىمە) قاتارلىق سيۇژىتقا تەئەللۇق بولمىغان ئامىللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (3) سيۇژىت بولسا مەزمۇنغا تەئەللۇق ئامىل بولۇپ، ئۇ

پېرسوناژلار خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۇرۇش، باش تېمىنى ئىپادىلەشتە ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. كومپوزىتسىيە شەكىلگە تەئەللۇق ئامىل بولۇپ، ئۇ سيۇژىت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا بويسۇنىدۇ.

## 32. كومپوزىتسىيە قانداق پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىشى كېرەك؟

جاۋاب: ئەدەبىي ئەسەرنىڭ كومپوزىتسىيىسىنى تەشكىللەش مۇنداق پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىشى كېرەك:

بىرىنچى، كومپوزىتسىيە مەركىزىي ئىدىيىنى ئىپادىلەش تەلىپىگە بويسۇنۇشى لازىم. مەركىزىي ئىدىيە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ جېنى. كومپوزىتسىيىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى مەركىزىي ئىدىيىنى ئىپادىلەش، ئەگەر ئۇ ئىجادىيەت ماتېرىياللىرىنى مەركىزىي ئىدىيىنىڭ تەلىپى ئاساسىدا ھەم ئاشۇرۇۋەتمەي، ھەم يېتەرسىز قىلىپ قويماي، مۇۋاپىق، جايىدا تەشكىللەپ، مەركىزىي ئىدىيىنى توغرا، تولۇق، جانلىق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىكەن، ئۇنداق كومپوزىتسىيىنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

ئىككىنچى، كومپوزىتسىيە پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىش تەلىپىگە بويسۇنۇشى لازىم. ئېپىك ئەسەرلەردىكى مەركىزىي ئىدىيە ئاساسەن پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، بولۇپمۇ ئەسەردىكى ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكەت - پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەرلەر قۇرۇلمىسى تىپىك پېرسوناژلارنى يارىتىش ياكى تىپىك پېرسوناژلار خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۇرۇش ئېھتىياجى ئاساسىدا تەشكىللىنىشى لازىم.

ئۈچىنچى، كومپوزىتسىيە ھەرخىل ژانىرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم. ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىپادىلەيدىغان مەزمۇنى، قوللانغان تىلى، ئىپادىلەش شەكلى، ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنىڭ ئوخشاشماسلىقى تۇپەيلىدىن، ھەرخىل تۈر - ژانىرلارغا بۆلۈنىدۇ. ھەرقايسى تۈر - ژانىرلار

ئۆزلىرىگە خاس ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ۋە ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، ئۆزلىرىگە خاس ئوبراز يارىتىش شەكلى ئارقىلىق رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنداق ئىكەن ئۇلارنىڭ كومپوزىتسىيىسىمۇ ئوخشاش قېلىپ ياكى ئوخشاش ئۆلچەمدە بولمايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ كومپوزىتسىيىسى ھەرقايسى ژانىرلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدىلىكىگە ماس ھالدا تەشكىللىنىشى لازىم.

تۆتىنچى، كومپوزىتسىيە بىرلىككە كەلگەن، مۇكەممەل بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلۇشى لازىم. مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك، مەيلى ئېپىك، مەيلى لىرىك ئەسەرلەر بولسۇن، ھەممىسىنىڭ كومپوزىتسىيىسى مۇكەممەل بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلانغان بولۇشى لازىم. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئەسەرنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرى بىر - بىرىگە زىچ باغلىنىشى، ئاساسىي قىسىملار بىلەن قوشۇمچە قىسىملار پەرقلىنىپ تۇرۇشى، پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر رېئال تۇرمۇشنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئاساسىدا قانات يايدۇرۇلۇشى، پېرسوناژ، ۋەقە، شارائىت، مەنزىرە تەسۋىرى ۋە قىستۇرما بايانلارنىڭ نىسبىتى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئەسەرنىڭ باش - ئاخىرى ماسلاشقان، پىكىرلەرنىڭ مەنتەقىلىقى كۈچلۈك بولۇشى لازىم.

### 33. ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئوبراز يارىتىش ۋە ئەسەر مەزمۇنىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىدىغان ھەرخىل پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ يىغىندىسى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى دېيىلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە قوللىنىدىغان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئاساسەن تەسۋىر، بايان، لىرىكا، مۇھاكىمە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

### 34. تەسۋىر دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تىل ئارقىلىق پېرسوناژ، ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنىڭ

شەكلى، ھالىتى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى كونكرېت، جانلىق، ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بېرىدىغان ئىپادىلەش ئۇسۇلى تەسۋىر دېيىلىدۇ. تەسۋىر پېرسوناژلار تەسۋىرى ۋە شارائىت تەسۋىرى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## 35. پېرسوناژلار تەسۋىرى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئالاھىدىلىكلىرىنى كونكرېت، جانلىق سۈرەتلەش پېرسوناژلار تەسۋىرى دەپ ئاتىلىدۇ. پېرسوناژلار تەسۋىرى ئۆز ئىچىدىن پورترېت تەسۋىرى، ھەرىكەت تەسۋىرى، تىل تەسۋىرى، پسىخىك تەسۋىر، ئومۇملاشتۇرۇپ تەسۋىرلەش قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

## 36. پورترېت تەسۋىر دېگەن نېمە؟

جاۋاب: پېرسوناژلارنىڭ چىراي ـ شەكلى، بوي ـ تۇرقى، كىيىنىشى، قىياپىتى، جىسمانىي قۇرۇلۇشى قاتارلىق تاشقى ئالاھىدىلىكلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈش پورترېت تەسۋىرى دەپ ئاتىلىدۇ. پورترېت تەسۋىرى قىياپەت تەسۋىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## 37. ھەرىكەت تەسۋىرى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: پېرسوناژلارنىڭ جىسمانىي ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرىنى كونكرېت، جانلىق تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلى ھەرىكەت تەسۋىرى دېيىلىدۇ.

## 38. تىل تەسۋىرى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگ ۋە مونولوگلىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇش جەريانىنى كونكرېت، جانلىق، ھېسسىياتلىق تەسۋىرلەپ، خاراكتېر يارىتىش ئۇسۇلى تىل تەسۋىرى دېيىلىدۇ.

**39. پسخىك تەسۋىر (روھىي ھالەت تەسۋىرى) دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالىتى (چىراي ئىپادىسى ۋە قىياپەت ئۆزگىرىشى) ۋە پسخىك ھەرىكىتىنى (ئوي - خىيالىنى) چوڭقۇر، ئىنچىكە تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلى پسخىك تەسۋىر دېيىلىدۇ.

**40. ئومۇملاشتۇرۇپ تەسۋىرلەش دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: پېرسوناژلارنىڭ تاشقى قىياپىتى، ئىچكى دۇنياسى، ھەرىكەت - پائالىيىتى ۋە گەپ - سۆز، يۈرۈش - تۇرۇشلىرى ھەققىدە قىسقا، ئەمما ئومۇمىيۈزلۈك تەسۋىرلەش ئېلىپ بېرىش ئومۇملاشتۇرۇپ تەسۋىرلەش دېيىلىدۇ.

**41. شارائىت تەسۋىرى دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: ئەدەبىي ئەسەرلەردە پېرسوناژلارنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ ھەرىكەت - پائالىيەتلىرىنى مۇھىم ئارقا كۆرۈنۈش بىلەن تەمىنلەيدىغان ياكى پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش ۋە ئۆزگىرىشىگە تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت تەسۋىرى شارائىت تەسۋىرى دېيىلىدۇ. شارائىت تەسۋىرى كونكرېت تۇرمۇش شارائىت تەسۋىرى ۋە ئىجتىمائىي شارائىت تەسۋىرى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**42. كونكرېت تۇرمۇش شارائىت تەسۋىرى دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: پېرسوناژلار خاراكتېرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، پېرسوناژلار پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ماكان، زامان، ئورۇن، جايلار ھەمدە ئۇلارنى داۋاملىق ئوراپ تۇرىدىغان تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئېلىپ بېرىلىدىغان كونكرېت سۈرەتلەش كونكرېت تۇرمۇش شارائىت تەسۋىرى دېيىلىدۇ.

## 43. ئىجتىمائىي شارائىت تەسۋىرى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: پېرسوناژلارنىڭ بەلگىلىك دەۋر، سىنىپ، مىللەت ياكى جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى، يەنى پېرسوناژلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمى، قانۇن ـ ئىنتىزامى، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئىدىيىۋى كەيپىياتى قاتارلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدىكى كونكرېت تەسۋىر ئىجتىمائىي شارائىت تەسۋىرى دېيىلىدۇ.

## 44. شارائىت تەسۋىرى ئەدەبىي ئەسەرلەردە قانداق رول ئوينايدۇ؟

جاۋاب: ئەدەبىي ئەسەرلەردە كونكرېت تۇرمۇش شارائىتى بىلەن ئىجتىمائىي شارائىت ئۆزئارا گىرەلەشتۇرۇلۇپ تەسۋىرلىنىدۇ. شارائىت تەسۋىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى رولى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى روشەنلەشتۇرۇش ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى گەۋدىلەندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

ئىككىنچى، شارائىت تەسۋىرى ئارقىلىق يەر ـ جايلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك تۈسى، تۇرمۇش مەنزىرىسى ۋە تۇرمۇش كەيپىياتى روشەن كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

ئۈچىنچى، مۇھىت ـ شارائىت تەسۋىرى سيۇژېت تەرەققىياتىغا زېمىن ھازىرلايدۇ ۋە سيۇژېت تەرەققىياتىنى راۋاجلاندۇرىدۇ.

## 45. بايان دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژ، ۋەقە، شارائىت ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە تونۇشتۇرۇش ۋە چۈشەندۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان ئىپادىلەش ئۇسۇلى بايان دېيىلىدۇ.

## 46. بايان بىلەن تەسۋىرنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە پەرقى قانداق؟

جاۋاب: بايان بىلەن تەسۋىرنىڭ مۇناسىۋىتى: ئېپىك ئەسەرلەردە

بايان بىلەن تەسۋىر گىرەلەشتۇرۇلۇپ قوللىنىلىدۇ. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بەدىئىي ئىپادىلەش كۈچى جەھەتتىن ئېيتقاندا، بايان تەسۋىرنىڭ ياردەمچى ۋاسىتىسى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بەدىئىي مۇكەممەللىك نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بايان چوقۇم ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ، ئەسەرنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى ئامىللارنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ تەشكىللەيدۇ، ئەسەردە تەسۋىرلىنىۋاتقان تۈرلۈك ئەھۋاللارنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەگەر ئېپىك ئەسەرلەردە تەسۋىرلەشكىلا ئەھمىيەت بېرىلىپ، بايانغا سەل قارالسا، ئۇ چاغدا ئەسەرنىڭ بەدىئىي مۇكەممەللىكىگە تەسىر يېتىدۇ.

پەرقى: بايان پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرنى تونۇشتۇرۇش، سيۇژېت تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى تەشكىللەش، ھەرقايسى مەزمۇنلارنى ئۆزئارا باغلاپ، بىر پۈتۈن بەدىئىي گەۋدە قىلىپ چىقىشنىڭ ۋاسىتىسى قىلىنسا، تەسۋىر پېرسوناژ، ۋەقە، شارائىتلارغا كونكرېت، جانلىق، ئوبرازلىق سۈرەتلەش ئېلىپ بېرىشنىڭ ۋاسىتىسى قىلىنىدۇ. باياندا ئابستراكت تەپەككۇر ئۇسۇلى ئاساس قىلىنىپ پىكىر يۈرگۈزۈلسە، تەسۋىردە ئوبرازلىق تەپەككۇر ئاساس قىلىنىپ پىكىر يۈرگۈزۈلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەردىكى بايان ئاساسەن ئوڭ بايان (رەتلىك بايان)، تەتۈر بايان (قايتۇرما بايان) ۋە قىستۇرما بايانلارغا بۆلۈنىدۇ.

### 47. ئوڭ بايان دېگەن نېمە؟

جاۋاب: شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى (شەيئىلەر تەرەققىياتىدىكى ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى) بويىچە پېرسوناژ، ۋەقە - ھادىسىلەر ھەققىدە تونۇشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش ئوڭ بايان دېيىلىدۇ.

### 48. تەتۈر بايان دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئالدى بىلەن ۋەقە - ھادىسىنىڭ ئەڭ جىددىي قىسمى ياكى بىرەر ئىشنىڭ نەتىجىسىنى بايان قىلىپ، ئاندىن ئارقىغا

چېكىنىپ ئاشۇ ۋەقە - ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇش جەريانىنى ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە بايان قىلىش تەتۈر بايان دېيىلىدۇ.

### 49. قىستۇرما بايان دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئاساسلىق بايان جەريانىدا پېرسوناژ، ۋەقە ياكى تۈپ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك كىچىك تەپسىلاتلارنى ئىزاھلاش ئېھتىياجى تۇغۇلغاندا، ئاساسىي بايانلار ئوتتۇرىسىغا قىستۇرۇپ ئۆتىدىغان بايان قىستۇرما بايان دېيىلىدۇ.

### 50. لىرىكا دېگەن نېمە؟

جاۋاب: يازغۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ھاسىل قىلغان تۇيغۇ - تەسىراتىنىڭ (ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنىڭ) ئەدەبىيات - سەنئەتتە ئىپادىلىنىشى لىرىكا دېيىلىدۇ.
لىرىكا ۋاسىتىلىك لىرىكا ۋە بىۋاسىتە لىرىكا دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 51. ۋاسىتىلىك لىرىكا دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئۆز تىلى ئارقىلىق بىۋاسىتە ئىپادىلىمەستىن، بەلكى ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ تىلى ۋە ھەرىكەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى ۋاسىتىلىك لىرىكا دەپ ئاتىلىدۇ. ۋاسىتىلىك لىرىكا ئېپىك ئەسەرلەردە كۆپرەك ئىپادىلىنىدۇ.

### 52. بىۋاسىتە لىرىكا دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئۆز تىلى ئارقىلىق توغرىدىن - توغرا بىۋاسىتە ئىپادىلىشى بىۋاسىتە لىرىكا دېيىلىدۇ.
بىۋاسىتە لىرىكا لىرىك خاراكتېردىكى ئەسەرلەردە كۆپ ئىپادىلىنىدۇ.

## 53. مۇھاكىمە دېگەن نېمە، ئۇ قانچە خىل بولىدۇ؟

جاۋاب: ئاپتورنىڭ ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان شەيئىلەر مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئابستراكت تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق مەلۇم بىر خىل نۇقتىئىنەزەر ياكى بىر خىل ئەقلىي خۇلاسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇھاكىمە دېيىلىدۇ.

مۇھاكىمە سىياسىي لىرىكىلىق شېئىرلار، پەلسەپىۋى شېئىرلار، فېلىيەتون، ھېكايە، رومان قاتارلىق ژانىرلاردا خېلى كۆپ قوللىنىلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى مۇھاكىمە ۋاسىتىلىك مۇھاكىمە ھەم بىۋاسىتە مۇھاكىمىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. شەيئى ۋە ھادىسىلەر ھەققىدە ئاپتور تىلى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان مۇھاكىمە بىۋاسىتە مۇھاكىمە ھېسابلىنىدۇ. شەيئى ۋە ھادىسىلەر ھەققىدە ئەسەردىكى پېرسوناژ تىلى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان مۇھاكىمە ۋاسىتىلىك مۇھاكىمە ھېسابلىنىدۇ.

## 54. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟

جاۋاب: مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت باراۋەرلىك مۇناسىۋىتى ئەمەس. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى بىرىنچىدىن، مەزمۇن شەكىلنى بەلگىلەيدۇ ھەم يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. ئىككىنچىدىن، شەكىل نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولۇپ، مەزمۇنغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

مەزمۇننىڭ شەكىلنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى ئىككى جەھەتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

(1) ئىجادىيەت جەريانىدىن قارىغاندا، يازغۇچى ئالدى بىلەن تۇرمۇشنى كۆزىتىش، ئۆگىنىش جەريانىدا مول تۇرمۇش جۇغلانمىسىغا ئىگە بولىدۇ ھەمدە ئەنە شۇ تۇرمۇش ماتېرىياللىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ چوڭقۇر ئىدىيىۋى تەسىراتقا ئىگە بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ھېلىقى تۇرمۇش ماتېرىياللىرى

ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئىدىيىۋى تەسىراتقا تايىنىپ بەلگىلىك ئوبرازنىڭ تەخمىنىي شەكلى بارلىققا كېلىدۇ. ئەنە شۇ تۇرمۇش ماتېرىياللىرى ۋە ئىدىيىۋى تەسىرات ئاساسىدا شەكىللەنگەن بەدىئىي ئوبرازنىڭ تەخمىنىي شەكلى يازماقچى بولغان يازغۇچى مانا شۇ مەزمۇننى تەشكىل قىلىدىغان بەدىئىي ئوبرازنىڭ تەخمىنىي شەكلىنىڭ ئېھتىياجىغا باب كېلىدىغان بەدىئىي ئىپادىلەش شەكلى ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلايدۇ ياكى بەلگىلىك شەكىلنى تاللاشقا كىرىشىدۇ.

(2) ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى تۇرمۇش مەزمۇنىنى ئاساس قىلىدۇ. تۇرمۇش مەزمۇنى تەرەققىي قىلسا، ئەدەبىيات ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەزمۇنمۇ تەرەققىي قىلىدۇ، ئۆزگىرىدۇ. ئەدەبىيات ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەزمۇن ئۆزگەرسە ئۇنىڭغا ماس ھالدا مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان بەدىئىي شەكىلمۇ ئۆزگىرىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ. يۇقىرىقىلار مەزمۇننىڭ شەكىلنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

شەكىلنىڭ نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىككى جەھەتتىن كۆرۈشكە بولىدۇ.

1) ئوخشاش ياكى ئوخشاشراق مەزمۇنلارنى ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر بىلەن ئىپادىلەشكە بولغىنىدەك، ئوخشاش ياكى ئوخشاشراق شەكىللەر بىلەن ئوخشاشمىغان مەزمۇنلارنى ئىپادىلەشكە بولىدۇ.

2) ئەدەبىي ئەسەرلەر شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى بەزى ھاللاردا مەزمۇننىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتىدىن ئارقىدا قالىدۇ، يەنى يېڭى مەزمۇنلارنى كونا شەكىللەر بىلەن ئىپادىلەپ تۇرىدىغان ئەھۋاللار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ.

شەكىلنىڭ مەزمۇنغا قارىتا تەسىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شەكىل مەزمۇنغا ھەم ئاكتىپ، ھەم پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئەگەر شەكىل مەزمۇنغا ماس كېلىدىغان مۇكەممەل شەكىل بولسا مەزمۇننى تولۇق، چوڭقۇر ئىپادىلەشكە ئاكتىپ ياردەم بېرىدۇ. ئەگەر بەدىئىي شەكىل مەزمۇنغا ماس كەلمەيدىغان شەكىل بولۇپ قالسا، ئۇ ھالدا مەزمۇننىڭ ئىپادىلىنىشى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ، مەزمۇننىڭ مۇكەممەللىكى، گۈزەللىكى بۇزۇلىدۇ.

# IV باب ئەدەبىياتنىڭ تۈرلىرى ۋە ژانىرلىرى

## 1. ئەدەبىياتنى تۈرلەرگە بۆلۈشنىڭ قانداق ئۇسۇللىرى بار، ھەرقايسى ئۇسۇلنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈشتىكى پرىنسىپى نېمە؟

جاۋاب: ئىنسانىيەت ئەدەبىيات تارىخىدا خىلمۇخىل ئەدەبىي ژانىرلار مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، كىشىلەر ئۇلارنى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ھەرخىل تۈرلەرگە ئايرىپ تەتقىق قىلىشقان ۋە قوللانغان. ئەدەبىي ژانىرلارنى تۈرلەرگە ئايرىشتا ئاساسەن ئۈچ خىل ئۇسۇل قوللىنىلغان.

بىرىنچى، ئىككىگە بۆلۈش ئۇسۇلى. بۇ ئۇسۇلدا بارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر تىل جەھەتتىكى ئوخشاشماسلىقلىرىغا ئاساسەن نەزمىي (پوئېزىيە) ۋە نەسرىي (پروزا) ئەسەرلەر دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلغان. نەزمىي ئەسەرلەر دېگەندە، تىلدا بەلگىلىك رىتىم، قاپىيە، ۋەزىن بولغان ئەسەرلەر كۆزدە تۇتۇلغان. يەنى ھەرقانداق شەكىلدىكى شېئىرىي ئەسەرلەر كۆزدە تۇتۇلغان. نەسرىي ئەسەرلەر دېگەندە، تىلدا بەلگىلىك رىتىم، قاپىيە، ۋەزىن بولمىغان ئەسەرلەر، يەنى شېئىرىي ئەسەرلەردىن باشقا ئەسەرلەر كۆزدە تۇتۇلغان.

ئىككىنچى، ئۈچكە بۆلۈش ئۇسۇلى. بۇ ئۇسۇل ئارىستوتېل تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەدەبىي ئەسەرلەر مەزمۇنىنى ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئوخشاشماسلىقىقا ئاساسەن ئېپىك ئەسەرلەر، لىرىك ئەسەرلەر، سەھنە ئەسەرلىرى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنگەن. ئېپىك ئەسەرلەر دېگەندە، كونكرېت پېرسوناژ، مۇكەممەل ھېكايە سيۇژېتى تەسۋىرلەنگەن ئېپىك داستان، ئېپىك نەسر، مەسەل، چۆچەك، ھېكايە، رومان خاراكتېرلىك ئەسەرلەر كۆزدە تۇتۇلغان. لىرىك ئەسەرلەر دېگەندە، ئاپتورنىڭ رېئاللىققا بولغان

كۆچلۈك ئىدىيىۋى ھېسسىياتى بىۋاستە ئىپادىلىنىپ، تۇرمۇش ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان لىرىك شېئىر، لىرىك نەسرلەر كۆزدە تۇتۇلغان. سەھنە ئەسەرلىرى دېگەندە، كونكرېت پېرسوناژلارنىڭ سۆز، ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق سەھنە ئوبرازى يارىتىلىپ تۇرمۇش ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان تراگېدىيە، كومېدىيە، دراما قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلغان.

ئۈچىنچى، تۆتكە بۆلۈش ئۇسۇلى. بۇ ئۇسۇلدا ھەرخىل ژانىرلىق ئەسەرلەرنىڭ ئوبراز يارىتىش شەكلى ۋە ئۇسۇلى، تىل، كومپوزىتسىيە ۋە ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى قوللىنىش جەھەتتىكى پەرقلەرگە ئاساسەن بارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر شېئىرىيەت، پروزا، سەھنە ئەسەرلىرى، نەسر ئەسەرلەر دەپ تۆت تۈرگە ئايرىلغان. ھازىر بەزى مۇتەخەسسىسلەر كىنو سېنارىيىسىنى يەنە بىر تۈر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ. بۇمۇ تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك بىر خىل ژانىر.

**2. تۆتكە بۆلۈش ئۇسۇلىدىكى ھەرقايسى تۈرلەر قايسى ژانىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟**

جاۋاب: تۆتكە بۆلۈش ئۇسۇلىدىكى شېئىرىيەت بولسا قەسىدە، مەرسىيە، ھەجۋىي شېئىرلار ۋە مۇھەببەت قوشاقلىرى قاتارلىق لىرىك شېئىرلارنى، قەھرىمانلار ھەققىدە قوشاق، تارىخىي داستان (ئېپوس)، داستان (پوئېما)، باللادا، مەسەل، شېئىرىي دراما، شېئىرىي رومان قاتارلىق ئېپىك شېئىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پروزا بولسا ھېكايە، پوۋېست، رومان قاتارلىق ژانىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سەھنە ئەسەرلىرى بولسا تراگېدىيە، كومېدىيە، تراگېككومېدىيە (دراما) قاتارلىق ژانىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نەسر بولسا ئەدەبىي ئاخبارات، فېلىيەتون، تەرجىمىھال ئەدەبىياتى، زىيارەت خاتىرىسى، ئەدەبىي ئەسلىمە، تەزكىرە ئەدەبىياتى قاتارلىق ژانىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 3. شېئىرىيەت قانداق ئەدەبىي تۈر؟

جاۋاب: شېئىرىيەت — بەدىئىي تەسەۋۋۇرغا باي، رىتىملىك، ھېسسىياتلىق، ئوبرازلىق، قاپىيىلىك نەپىس شېئىرىي تىل ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇش يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان گۈزەل بەدىئىي تۈر. «شېئىر» دېگەن ئاتالغۇنىڭ لۇغەت مەنىسى «سەزمەك»، «تۇيماق»، «ھېس قىلماق»، «كۈيلىمەك» دېگەنلەردىن ئىبارەت.

## 4. شېئىرىيەت قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

جاۋاب: شېئىرىيەتتە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەر بولىدۇ:

بىرىنچى، شېئىرىيەتتە رېئاللىق يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى رېئاللىقنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن شېئىرىيەتنىڭ مەركەزلەشتۈرۈش ھەم ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرى باشقا تۈردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ گەۋدىلىك، تېخىمۇ يۈكسەك بولىدۇ.

ئىككىنچى، شېئىرىيەتتە ھېسسىيات ئىنتايىن كۈچلۈك، تەسەۋۋۇر ئىنتايىن مول بولىدۇ. ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەرلەردە يازغۇچى مول تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن شېئىرلاردىكى تەسەۋۋۇر ۋە ھېسسىيات باشقا تۈردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرگە قارىغاندا، ئىنتايىن مول ۋە كۈچلۈك بولىدۇ. ھېسسىيات شېئىرىيەتنىڭ تۈپ ئاساسى، ئۇنىڭدا تۇرمۇش تەسىراتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ھەقىقىي، سەمىمىي ھېسسىيات بولمايدىكەن، ئۇنداق شېئىرلارنىڭ ھاياتىي كۈچى بولمايدۇ.

ئۈچىنچى، شېئىرلارنىڭ تىلى ئېنىق، ئىخچام، ئاھاڭدار ۋە مۇزىكىچانلىققا ئىگە بولىدۇ. شېئىر تىلىنىڭ ئېنىق، ئىخچاملىقى دېگىنىمىز، ئەڭ توغرا، ئەڭ ئېنىق، ئەڭ قىسقا، ئەڭ پىششىق

سۆز ـ جۈملىلەر ئارقىلىق كۈچلۈك ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ۋە مول ئىدىيىۋى مەزمۇننى چوڭقۇر ۋە مۇپەسسەل ئەكس ئەتتۈرۈش دېگەنلىك. شېئىر تىلىدىكى ئاھاڭدارلىق دېگىنىمىز، تاۋۇشلارنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا، ئېغىر ـ يەڭگىل رىتىمى، تاۋۇشلار ۋە تاۋۇشلار بىرىكمىسى ئارىلىقىدىكى تەبىئىي توختاشلاردىن شەكىللەنگەن ۋەزىن، تۇراقلارغا قارىتىلغان. مانا شۇنداق ئاھاڭدارلىق ئارقىلىق تەشكىللەنگەن قاپىيە بولسا شېئىرنىڭ مۇزىكىچانلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

### 5. شېئىرلارنى تۈرلەرگە بۆلۈشنىڭ قانداق ئۇسۇللىرى بار؟

جاۋاب: شېئىرلارنى تۈرلەرگە بۆلۈشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى بار. بىرىنچى خىل ئۇسۇلى: شېئىرىي ئەسەرلەر مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، لىرىك شېئىرلار ۋە ئېپىك شېئىرلار دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ.

ئىككىنچى خىل ئۇسۇلى: بارلىق شېئىرىي ئەسەرلەر ئىپادىلەش شەكلى، قۇرۇلمىسى ۋە تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ۋەزىنلىك شېئىرلار، چاچما شېئىرلار، ۋە نەسرىي شېئىرلار دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ.

### 6. لىرىك شېئىر دېگەن نېمە؟

جاۋاب: شائىرنىڭ رېئاللىقتىن ھاسىل قىلغان ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى يۈكسەك تەسەۋۋۇر بىلەن يۇغۇرۇپ، گۈزەل شېئىرىي ئوبراز يارىتىش ئارقىلىق رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان شېئىرىي شەكىل لىرىك شېئىر دېيىلىدۇ.

### 7. لىرىك شېئىرلار قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

جاۋاب: بىرىنچى، لىرىك شېئىرلار، شائىرنىڭ ئۆزى تەسۋىرلىگەن ئوبيېكتقا بولغان تونۇشى، پوزىتسىيىسى، ئىدىيىۋى

ھېسسىياتى بىۋاستە ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن ئادەم، ۋەقە، شارائىتلارغا كونكرېت تەسۋىرلەش ئېلىپ بېرىلمايدۇ.

ئىككىنچى، لىرىك شېئىرلاردا شائىرنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى گۈزەللىك غايىسى ئىپادىلىنىش ئارقىلىق رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكتىن، ئۇنىڭدا ئاساسەن لىرىك پېرسوناژ بولىدۇ. بۇ لىرىك پېرسوناژلار ئادەتتە شائىرنىڭ ئۆزىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

لىرىك شېئىرلار شائىر ئىپادىلىگەن ھېسسىيات خاراكتېرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن قەسىدە، مەرسىيە، مۇھەببەت قوشاقلىرى، ھەجۋىي شېئىرلارغا بۆلۈنىدۇ.

### 8. قەسىدە قانداق ژانىر؟

جاۋاب: قەسىدە مەدھىيە شېئىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل شېئىر شەكلى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىيات ئىچىدە بەلگىلىك سالماقنى ئىگىلەيدۇ. قەسىدىدە خەلقنىڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرى، ئىجتىمائى تۇرمۇشتىكى زور ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەر، بەلگىلىك تارىخىي دەۋردىكى خەلق قەھرىمانلىرى، مەشھۇر شەخسلەر ماختىلىدۇ ۋە مەدھىيىلىنىدۇ. بەزى قەسىدىلەردە ۋەتەننىڭ گۈزەل تاغ ـ دەريالىرى ياكى شائىر قەلبىدە مۇقەددەس ھېسابلانغان شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەر تەنتەنە بىلەن كۈيلىنىدۇ.

### 9. مەرسىيە قانداق ژانىر؟

جاۋاب: مەرسىيە (ئېلىگىيە) بۇ ماتەم كۈيى ياكى تەزىيە شېئىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەرسىيە ئاساسەن قايغۇ ـ ھەسرەتنى ئىپادىلەيدىغان بىر خىل شېئىر شەكلى. ئۇنىڭدا ئاساسەن شائىر ئۆزى ئىززەتلىگەن ۋە ئەقىدە قىلغان كىشىلەرنىڭ ماماتىغا بولغان چەكسىز قايغۇسى ۋە تەزىيىسىنى لىرىك مۇلاھىزىلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ. مەرسىيە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنىۋى شەكىللەردىن بىرى. «دىۋان لۇغەت تۈرك» تىكى ئالىپ ئەرتۇڭا (ئاپراسىياپ) غا بېغىشلانغان نەزمىلەر مەرسىيە قوشاقلىرىنىڭ نەمۇنىسىدۇر.

## 10. مۇھەببەت قوشاقلىرى قانداق ژانىر؟

جاۋاب: مۇھەببەت قوشاقلىرى (مۇھەببەت لىرىكىلىرى) دا ئاساسەن ئىشق ـ مۇھەببەت كۈيلىنىدۇ. مۇھەببەت قوشاقلىرى رېئال تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك تۇيغۇسىنى قوزغاپ، ئۇلاردا ساغلام، ئالىيجاناپ ئەخلاقىي ـ پەزىلەتنى، پاك مۇھەببەت قارىشىنى يېتىلدۈرىدۇ.

## 11. ھەجۋىي شېئىر قانداق ژانىر؟

جاۋاب: ھەجۋىي شېئىرلار رېئاللىقتىكى ناچار ئادەملەر، يامان ئىشلارنى پاش قىلىش، تەنقىدلەشنى مەقسەت قىلىدىغان بىر خىل شېئىرىي ژانىر. ھەجۋىي شېئىرلار ئادەتتە «ساتىرا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ھەجۋىي شېئىرلار كۈچلۈك خاھىشچانلىققا ئىگە. ئۇنىڭ جەڭگىۋارلىقى، قاراتمىلىقى كۈچلۈك. ھەجۋىي شېئىرلاردا يالغۇز ئەكسىيەتچى، قالاق شەيئى، ھادىسىلەر پاش قىلىنىپ، قامچىلىنىپلا قالماي، بەلكى خەلق ئىچىدىكى كەيپىيات ۋە ناتوغرا ئىستىللار، خاھىشلارنى تەنقىدلەش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىجابىي جەھەتتىن تەربىيىلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. ئەخمەتشاھ قارا قاشنىڭ «ئات ھەققىدە مۇخەممەس»، تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «ئەمدى مەن قانداق قىلاي» قاتارلىق شېئىرلار مۇنەۋۋەر ھەجۋىي شېئىرلاردۇر.

## 12. لىرىك شېئىرلار مەزمۇن خاراكتېرىگە قاراپ قانچىگە بۆلۈنىدۇ، ئۇلار قايسىلار؟

جاۋاب: لىرىك شېئىرلار ئىپادىلەنگەن مەزمۇن خاراكتېرىگە قاراپ سىياسىي لىرىكا، ئېنتىم لىرىكا، پېيزاژ لىرىكىسىدىن ئىبارەت ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.

سىياسىي لىرىكا ئاساسەن چوڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تېما قىلغان ھالدا شائىر ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان [illegible] گۇرۇھنىڭ مەنپەئەتى چىقىش قىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىدىيىسى ۋە كۆزقارىشىنى

ئىپادىلەيدىغان شېئىرلارغا قارىتىلغان.

ئىنتىم لىرىكا (شەخسىي لىرىكا) بولسا بىۋاسىتە ھالدا شائىرنىڭ ئىچكى دۇنياسى ياكى قەلبىنىڭ دولقۇنلۇق ئىنكاسى بولۇپ، ئۇ شائىرنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان تۈرلۈك ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان شېئىرلاردۇر.

پىزاژ لىرىكىسى بولسا تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق شائىر ئۆزىنىڭ تەبىئەت گۈزەللىكىگە بولغان ئىنتىلىش، ئۇنىڭدىن سۆيۈنۈش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان شېئىرلاردۇر.

## 13. ئېپىك شېئىر دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ژانىرلارغا بۆلۈنىدۇ؟

جاۋاب: پېرسوناژلار خاراكتېرى، مۇكەممەل ھېكايە سيۇژىتى ۋە مەنزىرە، شارائىت قاتارلىقلارغا كونكرېت تەسۋىرلەش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان شېئىرلار ئېپىك شېئىر دەپ ئاتىلىدۇ. ئېپىك شېئىرلار مەزمۇن خاراكتېرى ۋە ھەجىمىگە قاراپ قەھرىمانلار ھەققىدە قوشاق، تارىخىي داستان (ئېپوس)، داستان (پوئېما)، باللادا، مەسەل، شېئىرىي دراما، شېئىرىي رومان قاتارلىق ژانىرلارغا بۆلۈنىدۇ.

## 14. قەھرىمانلار ھەققىدە قوشاق قانداق ژانىر؟

جاۋاب: قەھرىمانلار ھەققىدە قوشاق ئاساسەن بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە تارىخىي ۋەقەلەر ۋە خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ شانلىق تۆھپىلىرى شېئىرىي يول بىلەن ئىپادىلىنىدىغان شېئىرىي ژانىردۇر. مەسىلەن، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان نۇزۇگۇم، سادىر پالۋان، تۆمۈر خەلپە، سېيىت نوچى ھەققىدىكى قوشاقلار قەھرىمانلار ھەققىدىكى قوشاقلار جۈملىسىگە كىرىدۇ.

## 15. تارىخىي داستان قانداق ژانىر؟

جاۋاب: بىر پۈتۈن تارىخىي دەۋرنى مۇكەممەل ھېكايە سيۇژىتى

ئارقىلىق تەپسىلىي تەسۋىرلەپ بېرەلەيدىغان چوڭ تىپتىكى شېئىرىي ژانىر تارىخىي داستان (ئېپوس) ياكى قىسسە دەپ ئاتىلىدۇ. تارىخىي داستانلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان تۇرمۇش مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ ۋە ئەتراپلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر پۈتۈن تارىخىي دەۋر ياكى بىرقانچە دەۋرگە مەنسۇپ بولغان سىياسىي، دىنىي، ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى قاراشلارغا باغلىنىشلىق بولغان زور ئىجتىمائىي ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ «ئوغۇزنامە»، قىرغىزلارنىڭ «ماناس»، موڭغۇللارنىڭ «جاڭغىرنامە»، زاڭزۇلارنىڭ «گېسسارنامە»، فىرانسۇزلارنىڭ «رۇللان ناخشىسى»، ھىندىلارنىڭ «ماخابخاراتا»، «رامانايا» داستانلىرى، گرېكلارنىڭ «ئېلىئادا»، «ئۇدېسسا» داستانلىرى مەشھۇر تارىخىي داستانلار ھېسابلىنىدۇ.

## 16. داستان قانداق ژانىر؟

جاۋاب: داستان (پوئېما) — كونكرېت پېرسوناژ ھەم ۋەقەلەرگە قارىتا تەسۋىرلەش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق بەلگىلىك تارىخىي دەۋردىكى شەخسلەرنىڭ تىپىك خاراكتېرىنى يارىتىپ چىقىدىغان، مۇكەممەل ھېكايە سيۇژېتىغا ئىگە بولغان چوڭراق ھەجىمدىكى شېئىرىي ژانىردىن ئىبارەت. داستانلار ھەم لىرىك شېئىرلارنىڭ، ھەم ئېپىك شېئىرلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە بىرلەشتۈرگەچكە، ئادەتتە ئۇنى لىرو - ئېپىك ژانىر دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، موللا بىلالنىڭ «نۇزۇگۇم»، نىزارىنىڭ «رابىئە - سەئىدىن»، خىرقىتىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە»، نىمشېھىتنىڭ «پەرھاد - شېرىن»، گېتېنىڭ «فائۇست»، پۇشكىننىڭ «سىگانلار»، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «قەشقەر كېچىسى» قاتارلىقلار داستانلارنىڭ نەمۇنىلىرىدۇر.

## 17. باللادا قانداق ئەدەبىي ژانىر؟

جاۋاب: باللادا — يۈكسەك بەدىئىي تەسەۋۋۇر، فانتازىيىلىك شەكىل ئارقىلىق مۇكەممەل غايىۋى پېرسوناژ ھەم ۋەقەلەر ئوبرازىنى

يارىتىپ، شائىرنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىق ھەققىدىكى غايىۋى ئىزدىنىشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بىر خىل شېئىرىي ژانىردۇر. باللادا ھەجىم جەھەتتىن داستاندىن كىچىكرەك بولۇپ، تارىخىي قەھرىمانلار ھەققىدىمۇ، شائىرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى يېڭى شەيئىلەر ھەققىدىمۇ يېزىلىدۇ. ئۇنىڭغا تېيىپجاننىڭ «ئىگىلىك سۇ»، بۇغدا ئابدۇللانىڭ «ئاينىڭ كىچىك مېھمىنى» قاتارلىقلار مىسال بولالايدۇ.

## 18. مەسەل قانداق ئەدەبىي ژانىر؟

جاۋاب: مەسەل — ئەقلىيە خاراكتېرلىك كىچىك ھېكايىلارنى شېئىرىي شەكىل بىلەن ئىپادىلەيدىغان بىر خىل شېئىرىي ژانىردۇر. ئۇنىڭدا ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلار، جانلىق، جانسىز شەيئىلەر ئادەم خاراكتېرىگە ئىگە قىلىنىپ تەسۋىرلىنىپ، بۇ ئارقىلىق بىرەر ئىبرەتلىك ئىجتىمائىي تېما يورۇتۇپ بېرىلىپ، كىشىلەرنى مەلۇم ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەيدۇ. مەسەلنىڭ سىمۋوللۇق خاراكتېرى كۈچلۈك، ئۇنىڭغا رۇس شائىرى كېرلوفنىڭ «بۆرە بىلەن قوزىچاق»، زۇنۇن قادىرنىڭ «قوشچى بىلەن چاشقان» قاتارلىق مەسەللىرى مىسال بولالايدۇ.

## 19. شېئىرىي دراما قانداق ئەدەبىي ژانىر؟

جاۋاب: شېئىرىي دراما — ھەم دراماتورگىيىنىڭ، ھەم شېئىرىيەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن چوڭ تىپتىكى شېئىرىي ژانىردۇر. ئۇنىڭدا دراما ئەسەرىگە ئوخشاش دراماتىك توقۇنۇش ياكى دراماتىك ۋەقەلەر تەسۋىرلىنىدۇ. پېرسوناژلار دىئالوگلىرى شېئىرىيەتتىكىدەك كۈچلۈك ھېسسىياتچانلىققا ئىگە بولىدۇ. ئەسەردىكى پېرسوناژ تەسۋىرى، ۋەقە تەرەققىياتى، مۇھىت ـ شارائىت، قىسقىسى ئەسەر مەزمۇنى پۈتۈنلەي شېئىرىي تىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭغا گومورونىڭ «ئىلاھىيەنىڭ قايتا دۇنياغا كېلىشى»، ماياكوۋسكىينىڭ «دىنىي كۆلكىلىك ئويۇن» قاتارلىقلار مىسال بولالايدۇ.

**20. شېئىرىي رومان قانداق ئەدەبىي ژانىر؟**

جاۋاب: شېئىرىي رومان — ھەم رومانچىلىق، ھەم شېئىرىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈپ قوللىنىلىشى ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدىغان چوڭ ھەجىملىك شېئىرىي ژانىردۇر. ئۇنىڭغا رومانلارغا ئوخشاش پېرسوناژ، ۋەقە، شارائىتلارغا تەپسىلىي، ئىنچىكە تەسۋىرلەش ئېلىپ بېرىلىدۇ ھەمدە بەلگىلىك تارىخىي دەۋردىكى زور ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنى كۆپلىگەن پېرسوناژلارنىڭ مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلىرى بىلەن تەسۋىرلەپ، رېئاللىقنىڭ ماھىيىتى ئېچىپ بېرىلىدۇ. لېكىن، بۇ خىل ژانىردا يەنىلا پۈتۈن مەزمۇن شېئىر شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭغا ماۋۇت زايىتىنىڭ «گۈلمېھروي» ناملىق شېئىرىي رومانى مىسال بولالايدۇ.

**21. ۋەزىنلىك شېئىر دېگەن نېمە، ئۇلار قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟**

جاۋاب: بەلگىلىك ۋەزىن تەرتىپى ۋە شېئىرىي قائىدىلەرگە ئاساسەن يېزىلغان شېئىرلار ۋەزىنلىك شېئىر دەپ ئاتىلىدۇ.

«ۋەزىن» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى «ئۆلچەم»، «تارازا» دېگەن بولۇپ، شېئىردىكى سۆزلەرنى مۇئەييەن ئاھاڭغا سالىدىغان قېلىپ ياكى ئۆلچەم دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا ۋەزىنلىك شېئىرلارنىڭ ھەربىر قاتلام، كۇپلېت ۋە مىسرالىرى بەلگىلىك ئۆلچەملىك، تۇراقلىرى ئېنىق ۋە رەتلىك، رىتمى كۈچلۈك بولىدۇ. ۋەزىنلىك شېئىرلار ۋەزىن خاراكتېرى بىلەن ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىرلار ۋە بارماق ۋەزىنلىك شېئىرلار دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ.

**22. بارماق ۋەزىنلىك شېئىر دېگەن نېمە، قايسى خىلغا ئايرىلىدۇ؟**

جاۋاب: بىر خىل مىقداردىكى بوغۇملارنىڭ بىر قاتار

تەكرارلىنىشى ئارقىلىق شېئىرىي رىتىم ھاسىل قىلىدىغان، مىسرالاردىكى بوغۇملارنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە ئاساسلىنىپ شېئىرىي سىستېما ھاسىل قىلىدىغان شېئىرلار بارماق ۋەزىنلىك شېئىر دېيىلىدۇ. بارماق ۋەزىندە سۆز پۈتۈنلۈكى ئاساسىدا تۇراقلارغا ئايرىلىدۇ. (سۆز پارچىلانمايدۇ) . بارماق ۋەزىنلىك شېئىرلارنىڭ ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان شەكلى 4 بوغۇمدىن 16 بوغۇمغىچە بولىدۇ. بارماق ۋەزىنلىك شېئىرلارنىڭ بوغۇم سانى تەڭ بولۇۋەرمەيدۇ. شۇڭا، بارماق ۋەزىنلىك شېئىرلار تەڭ بوغۇملۇق بارماق ۋەزىنلىك شېئىرلار ۋە ئارىلاش بوغۇملۇق بارماق ۋەزىنلىك شېئىرلار دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ.

تەڭ بوغۇملۇق بارماق ۋەزىنلىك شېئىرلار دېگىنىمىز، ھەرقايسى مىسرالاردىكى بوغۇملار سانى ئوخشاش بولغان شېئىرلار تەڭ بوغۇملۇق بارماق ۋەزىنلىك شېئىر دېيىلىدۇ. بۇنداق شېئىرلارنىڭ مىسرالاردىكى بوغۇملار سانى ئادەتتە 4 بوغۇمدىن 16 بوغۇمغىچە بولىدۇ.

ئارىلاش بوغۇملۇق بارماق ۋەزىنلىك شېئىرلار دېگىنىمىز، ئۇزۇن ـ قىسقا مىسرالار ئارىلىشىپ كەلگەن، يەنى مىسرالاردىكى بوغۇم سانى ئاز ـ كۆپلۈكتە پەرقلىنىدىغان شېئىرلار ئارىلاش بوغۇملۇق بارماق ۋەزىن دەپ ئاتىلىدۇ.

## 23. ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىر دېگەن نېمە؟

جاۋاب: شېئىر مىسرالىرىدىكى ئوچۇق (سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان) ۋە يېپىق (ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان) بوغۇملارنىڭ مەلۇم تەرتىپتە ئالمىشىپ كېلىپ رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىقنى شەكىللەندۈرىدىغان شېئىرىي سىستېما ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىرلار دېيىلىدۇ. «ئارۇز» دېگەن سۆز ئەرەبچە ئاتالغۇ بولۇپ، لۇغەت مەنىسى «ئەن» ، «كەڭلىك» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىستېمال مەنىسى «ئۆلچەم» ياكى «قېلىپ» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسى بىلەن ئوخشاش. ئارۇز

ۋەزىندىكى شېئىرىي رىتىم ئوچۇق (ئۇرغۇلۇق) ياكى يېپىق (ئۇرغۇسىز) تاۋۇشلارنىڭ مەلۇم تەرتىپتە ئالمىشىشى ۋە تەكرارلىنىشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. ئارۇز ۋەزنىدە 30 دىن ئارتۇق ۋەزىن تۈرى بار. بۇلارنىڭ ھەربىرى مەخسۇس بىر ئەرەبچە سۆز بىلەن باراۋەر كېلىدۇ.

## 24. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ۋەزىنلىك شېئىرلار قانداق ژانىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ۋەزىنلىك شېئىرلار مىسرا تۈزۈلۈشى ۋە قاپىيىلىنىش تەرتىپى قاتارلىقلارنىڭ ئوخشاشماسلىقى ئاساسىدا شەكىللەنگەن مەسنەۋى، غەزەل، مۇسەللەس، مۇرەببە، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇسەببە، مۇسەممەن، مۇتەسسە، تەرجىبەند، مۇستەھزاد، مۇۋەششەھ، مۇساۋىيات تەرپەيىن، مۇھتەمىلات، رۇبائىي، مۇئەمما، قىتئە قاتارلىق ژانىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 25. چاچما شېئىر دېگەن نېمە، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق؟

جاۋاب: شائىر ھېسسىياتىنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىشتەك دولقۇنسىمان تەرتىپى بويىچە مىسرا، كۇپلېتلارغا ئايرىش ئارقىلىق چىن، سەمىمىي ھېسسىياتنى چوڭقۇر، ئەركىن ئىپادىلىيەلەيدىغان شېئىرىي ژانىر چاچما شېئىر (ئەركىن شېئىر) دەپ ئاتىلىدۇ. چاچما شېئىرلار مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، چاچما شېئىرلار ۋەزىنلىك شېئىرلاردەك تۇراقلىق، ئۆلچەملىك مىسرا، كۇپلېتلارغا بۆلۈنمىسىمۇ بولىدۇ. شۇڭا، مىسرالاردىكى بوغۇم سانى، كۇپلېتلاردىكى مىسرا سانى چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ.

ئىككىنچى، چاچما شېئىرلاردا ۋەزىنلىك شېئىرلار ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك تۇراق، ۋەزىن، قاپىيە قاتارلىق شېئىرىي

ئۆلچەملەرگە ئەمەل قىلىش تەلەپ قىلىنمايدۇ. شۇڭا، شېئىر مىسرالىرىدا قاپىيە، ۋەزىن بولسىمۇ، بولمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

ئۈچىنچى، چاچما شېئىرلار ۋەزىنلىك شېئىرلارنىڭ قائىدە پرىنسىپلىرىغا بېقىنىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا پىكىرنىڭ مەنتەقە ئىزچىللىقى كۈچلۈك، ھەربىر شېئىرىي بۆلەكلەر روشەن رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىققا ئىگە تەشكىللىنىپ، شائىرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى چوڭقۇر، تولۇق ئىچىپ بېرىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

## 26. نەسرىي شېئىر دېگەن نېمە، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق؟

جاۋاب: ھەم نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ، ھەم شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ بەدىئىي ئوبراز يارىتىپ، رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر خىل ژانىر نەسرىي شېئىر دەپ ئاتىلىدۇ. نەسرىي شېئىرلار مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

بىرىنچى، مەزمۇن جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇنىڭدا خۇددى لىرىك شېئىرلاردەك يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئەڭ چوڭقۇر ۋە كۈچلۈك ئىپادىلەيدۇ.

ئىككىنچى، شەكىل جەھەتتىن ئالغاندا، نەسرىي شەكىل بىلەن شېئىرىي تىل قوللىنىش ئارقىلىق شائىرنىڭ ئۆزى تەسۋىرلىگەن شەيئىگە نىسبەتەن ھېس - تۇيغۇسىنى ۋە مۇھەببەت - نەپرىتىنى يىغىنچاق ئوبرازلىق ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئۇ ۋەزىنلىك شېئىر ۋە ئەركىن شېئىرلاردەك تىزما شەكىلدە يېزىلماستىن، بەلكى نەسرىي ئەسەرلەردەك چاچما شەكىلدە يېزىلىدۇ.

ئۈچىنچى، نەسرىي شېئىرلاردا خۇددى لىرىك شېئىرلاردەك لىرىكىدىن ئىبارەت ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئاساس قىلىنغاچقا، شائىرنىڭ كۈچلۈك لىرىكىسىنى ئىپادىلەشكە ئەڭ باب كېلىدىغان شېئىرىي تىل قوللىنىلىدۇ.

تۆتىنچى، نەسرىي شېئىرلار پروزا ئەسەرلەردەك كونكرېت پېرسوناژ، شارائىت تەسۋىرلەش تەلىپىنىڭ، شېئىرىي ئەسەرلەردەك

مىسرا، كۇپلېت، ۋەزىن، قاپىيە قاتارلىق شېئىرىي ئۆلچەملەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغاچقا، شائىر ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئەڭ ئەركىن، ئەڭ راۋان، ئەڭ تېز، ئەڭ روشەن ئىپادىلىيەلەيدۇ.

## 27. پروزا قانداق ئەدەبىي تۈر؟

جاۋاب: پروزا — پېرسوناژ، ۋەقە، سيۇژېت، مۇھىت ـ شارائىت قاتارلىقلارغا كونكرېت، ئىنچىكە تەسۋىرلەش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي رېئاللىقنى چوڭقۇر، ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۇرىدىغان بىر خىل ئەدەبىي تۈر. «پروزا» دېگەن سۆز لاتىن تىلىدىكى «Prosa» دېگەن سۆزدىن تىلىمىزغا كىرگەن بولۇپ، ئەرەب تىلىدىكى «نەسر» سۆزى بىلەن مەنىسى ئوخشاش. ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى «قاپىيىسىز»، «چاچما»، «تۈز بايان» دېگەندىن ئىبارەت.

## 28. پروزا ئەسەرلەرنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى قانداق؟

جاۋاب: بىرىنچى، پروزا ئەسەرلەردە كونكرېت پېرسوناژلار ئوبرازى ھەرتەرەپلىمە، ئىنچىكىلىك بىلەن جانلىق تەسۋىرلىنىدۇ. پروزا ئەسەرلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان مەركىزىي ئىدىيىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىشى ئاساسەن پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىتا جانلىق، كونكرېت تەسۋىرلەش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ.

ئىككىنچى، پروزا ئەسەرلەردە مۇھىت ـ شارائىت كونكرېت تەسۋىرلىنىدۇ. مۇھىت ـ شارائىت كونكرېت پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش ۋە ئۆزگىرىش جەريانىنى بەلگىلەيدىغان ئوبيېكتىپ شەرت. شۇڭا، پروزا ئەسەرلەردە ئەنە شۇ خاراكتېرنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش زېمىنى بولغان تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتلار تولۇق، كونكرېت تەسۋىرلىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، پروزا ئەسەرلەرنىڭ سىغىمچانلىقىنى كېڭەيتىشكىمۇ، قۇرۇلمىسىنى مۇرەككەپ ھەم كۆپ قاتلاملىق

قىلىشقىمۇ بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭدا تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ مۇرەككەپ ھەم كۆپ قاتلاملىق ھېكايە سيۇژىتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى تېخىمۇ روشەن ئېچىپ بەرگىلى بولىدۇ.

تۆتىنچى، پروزا ئەسەرلەرنىڭ تىلى ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. پروزا ئەسەرلەرنىڭ تىل ئىشلىتىش ئۇسۇلى باشقا ئەدەبىي تۈرلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. شېئىرلاردا، بولۇپمۇ لىرىك شېئىرلاردا لىرىك پېرسوناژ تىلى ئارقىلىق ھېسسىيات ئىپادىلىنىدۇ ۋە باش تېما گەۋدىلىنىدۇ. دراماتورگىيىدە بولسا يەنىلا پېرسوناژ تىلى ئارقىلىق خاراكتېر يارىتىلىدۇ. لېكىن، پروزا ئەسەرلەر ھەم بايانچى تىلى ھەم پېرسوناژ تىلىدىن ئەركىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانلىقتىن، باشقا تۆردىكى ئەسەرلەرگە قارىغاندا ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ مۇرەككەپلىكىنى، خىلمۇ خىللىقىنى تېخىمۇ روشەن ۋە ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ.

## 29. پروزا ئەسەرلەرنى تۈرلەرگە ئايرىشنىڭ قانداق ئۇسۇللىرى بار؟

جاۋاب: پروزا ئەسەرلەرنى تۈرلەرگە ئايرىشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى بار:

بىرىنچى خىل ئايرىش ئۇسۇلىدا ئەسەر تېمىسىنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن تارىخىي تېمىدىكى پروزا ئەسەرلەر ۋە ھەرخىل ئىجتىمائىي تېمىدىكى پروزا ئەسەرلەر دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. تارىخىي تېمىدىكى پروزا ئەسەرلەرگە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز»، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «سۇتۇق بۇغراخان» دەك ئەسەرلەر مىسال بولالايدۇ. ئىجتىمائىي تېمىدىكى پروزا ئەسەرلەرگە زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش»، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قۇم باسقان شەھەر»، ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» دەك ئەسەرلەر مىسال بولالايدۇ.

ئىككىنچى خىل ئايرىش ئۇسۇلىدا پروزا ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇن

قاتلىمى، ھەجىمى ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسلىنىپ ھېكايە، پوۋېست، رومان قاتارلىق ئۈچ خىل ژانىرغا بۆلۈنىدۇ.

## 30. رومان قانداق ئەدەبىي ژانىر، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق؟

جاۋاب: ھەجىم جەھەتتىن بىرقەدەر چوڭ، كەڭ ۋە مۇرەككەپ ھېكايە سيۇژىتى تەسۋىرلىنىدىغان، ھەرخىل تىپىك پېرسوناژلار خاراكتېرى يارىتىلىپ، بەلگىلىك تارىخىي دەۋردىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان چوڭ تىپتىكى بايان خاراكتېرلىك ئەسەر رومان دېيىلىدۇ. ئۇ تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، روماننىڭ ھەجىمى چوڭ بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدا بەلگىلىك ئىجتىمائىي، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقەلەر، ھەرخىل خاراكتېردىكى پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ زىددىيەتلەر تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق، بەلگىلىك دەۋردىكى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ماھىيىتى مەركەزلىك ئېچىپ بېرىلىدۇ ھەمدە شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ كۆرسىتىلىدۇ.

ئىككىنچى، روماندا تىپىك شارائىتتىكى تىپىك خاراكتېرلار يارىتىلىدۇ. مۇكەممەل پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىشتا، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىدىغان شارائىتنى، يەنى پېرسوناژلار بىلەن جەمئىيەتتىكى ھەرخىل سىياسىي، ئىجتىمائىي كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشلار ئاساسىدا شەكىللەنگەن مۇرەككەپ ۋە مۇكەممەل ھېكايە سيۇژىتلىرى بايان قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، روماندا كۆپ خىل خاراكتېرلىك كۆپلىگەن پېرسوناژلار خاراكتېرى تەسۋىرلىنىدۇ، يەنى ئۇنىڭدا ھەم ئىجابىي پېرسوناژ، ھەم سەلبىي پېرسوناژ، ھەم ئاساسلىق پېرسوناژ، ھەم

قوشۇمچە پېرسوناژنىڭ خاراكتېر تەرەققىياتى روشەن گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. پېرسوناژلار سان جەھەتتىن كۆپ، پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلار مۇرەككەپ، ئىپادىلىنىدىغان ئىجتىمائىي مەزمۇنلار بىرقەدەر باي ۋە رەڭگارەڭ بولىدۇ. شۇڭا، رومانلارنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ سىيۇژېت تەرەققىياتىغا ئاساسەن باب، بۆلۈملەرگە ياكى قىسىملارغا بۆلۈنىدۇ.

**31. پوۋېست قانداق ئەدەبىي ژانىر، ئۇنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى قانداق؟**

جاۋاب: پوۋېست ھەجىم جەھەتتىن روماندىن كىچىكرەك، ھېكايىدىن چوڭراق بولغان، مەلۇم جەمئىيەتنىڭ ئايرىم تارىخىي باسقۇچىدىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى، يەنى جەمئىيەتنىڭ مەلۇم جەھەتتىكى ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بايان خاراكتېرلىك ئەدەبىي ژانىر.

پوۋېست ھەجىم جەھەتتىن روماندىن كىچىكرەك بولغاچقا پېرسوناژلار سانىمۇ رومانىدىكىدەك كۆپ ئەمەس، قۇرۇلما ۋە سىيۇژېتلىرىمۇ مۇرەككەپ ۋە كۆپ قاتلاملىق ئەمەس. ئەمما، ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلار ھېكايىدىن كۆپرەك، سىيۇژېتلارمۇ ھېكايىدىن مولراق، مۇرەككەپرەك، ئىپادىلەيدىغان ئىدىيىۋى مەزمۇنلارمۇ ھېكايىدىن كەڭرەك، تەپسىلىيرەك بولىدۇ.

**32. ھېكايە قانداق ئەدەبىي ژانىر، تۈپ ئالاھىدىلىكى قانداق؟**

جاۋاب: ھېكايە — سەھىپىسى قىسقا، قۇرۇلمىسى ئىخچام، سىيۇژېتى بىرقەدەر ئاددىي، رېئاللىقنى تېز ۋە مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرىدىغان بايان خاراكتېرلىك ئەدەبىي ژانىر. ئۇنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكلىرى مۇنداق:

بىرىنچى، ھېكايىلار ئادەتتە رېئال تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك مەلۇم تۇرمۇش كۆرۈنۈشى ياكى رېئاللىقنىڭ مەلۇم

دېتالى

ماھىيەتلىك تەرىپىنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈشنى مەزمۇن قىلىدۇ.

ئىككىنچى، ھېكايىلاردا پېرسوناژلار ئوبرازى رومان، پوۋېستلاردەك كۆپ بولماي، بەلكى بىر نەچچىلا بولىدۇ. پېرسوناژلار خاراكتېرىمۇ رومان، پوۋېستلاردەك ئىنچىكە ۋە تەپسىلىي تەسۋىرلىنىپ كەتمەيدۇ. پېرسوناژلارنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى مەركەزلىك تەسۋىرلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، ھېكايىلارنىڭ سيۇژېتى ئاددىي، قۇرۇلمىسى ئىخچام بولىدۇ. ئۇنىڭدا پېرسوناژلارخاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىش جەريانلىرى نىسبەتەن مەركەزلىك، شارائىت ۋە كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ ئىخچام تەسۋىرلىنىدۇ.

## 33. سەھنە ئەسەرلىرى قانداق ئەدەبىي تۈر، ئۇلار قانداق ئېھتىياج ئاساسىدا يېزىلىدۇ؟

جاۋاب: سەھنە ئەسەرلىرى — پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال-لاشقان تىلى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكەت - پائالىيەتلىرى ئاساسىدا قانات يايدۇرۇلغان كەسكىن دراماتىك توقۇنۇشلار ئارقىلىق سەھنە ئوبرازى يارىتىلىپ، رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان بىر خىل ئەدەبىي تۈردۇر.

سەھنە ئەسەرلىرى ئالاھىدە بىر خىل ئەدەبىي تۈر بولۇپ، ئۇ ئادەتتە كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئېھتىياجى ئاساسىدا يېزىلماستىن، بەلكى تىياتىر سەنئىتىنىڭ سەھنە ئوبرازى يارىتىش ئېھتىياجى ئاساسىدا يېزىلىدۇ. شۇڭا، دراماتورگلار سەھنە ئەسىرى يازغاندا كىتابخانلارنىڭ ئوقۇشىنى نەزەردە تۇتماي، بەلكى تىياتىر سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە سەھنە ئوبرازى يارىتىش ئېھتىياجى ئاساسىدا سيۇژېتلارنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، پېرسوناژلار تىلىنى ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرىدۇ، قۇرۇلمىنى تەشكىللەيدۇ. سەھنە ئەسەرلىرى بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن سەھنە

ئەسىرى يېزىشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان تىياتىر سەنئىتى ۋە ئۇنىڭ توپ ئالاھىدىلىكى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇشقا توغرا كېلىدۇ.

### 34. تىياتىر قانداق سەنئەت؟ ئۇنىڭ توپ ئالاھىدىلىكى قانداق؟

جاۋاب: تىياتىر — ئەدەبىيات، ناخشا، مۇزىكا، ئۇسسۇل، گۈزەل سەنئەت قاتارلىق سەنئەت شەكىللىرىدىكى ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ زىچ بىرلەشتۈرۈلۈشى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن، بەدىئىي ئوبرازلار ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن توقۇنۇشلار ئارقىلىق رېئاللىقنىڭ مەلۇم ماھىيىتىنى بىۋاسىتە كۆرسىتىپ بېرىدىغان سەھنە سەنئىتىدۇر. تىياتىرنىڭ توپ ئالاھىدىلىكلىرى مۇنداق:

بىرىنچى، تىياتىر بىۋاسىتە كۆرسىتىشچانلىققا ئىگە. تىياتىر سەنئىتى پەقەت ئارتىسلارنىڭ سەھنىدە رول ئېلىشى ئارقىلىق سەھنە ئوبرازى يارىتىپ، تاماشىبىنلارنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىپ، ئىجتىمائىي رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان بىر خىل سەنئەت شەكلى. تىياتىردا يارىتىلغان ئوبرازلار بىۋاسىتە كۆرسىتىشچانلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ بىۋاسىتە كۆرسىتىشچانلىقى پەقەت ئارتىسلارنىڭ سەھنىدىكى كونكرېت، جانلىق، ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت - پائالىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئال تىلى ئارقىلىق تاماشىبىنلار ئالدىدا بىۋاسىتە، روشەن، كونكرېت گەۋدىلىنىدۇ.

ئىككىنچى، تىياتىر سەنئىتى ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە. تىياتىردا ھەرخىل سەنئەت شەكىللىرىنىڭ ئىپادىلەش ئامىللىرى زىچ ئومۇملاشتۇرۇلۇش ئاساسىدا سەھنە ئوبرازى يارىتىلىدۇ. يەنى ئەدەبىيات، رەسساملىق، نەققاشلىق، ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكا، گىرىمچىلىك، سۈنتچىلىك قاتارلىق سەنئەت ئامىللىرى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئاشۇ خىل سەنئەت شەكىللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى سەھنە ئوبرازى يارىتىشتا بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ. شۇڭا، تىياتىر سەنئىتىنى ئۇنىۋېرسال سەنئەت دېيىشكە بولىدۇ.

ئۈچىنچى، تىياتىر سەنئىتى كوللېكتىپچانلىققا ئىگە. تىياتىرنىڭ ئۇنىۋېرساللىق خاراكتېرى ئۇنىڭ كوللېكتىپچانلىقىنى بەلگىلىگەن. ھەرقانداق بىر تىياتىرنىڭ سەھنىدە ئوينىلىپ مۇكەممەل سەھنە ئوبرازلىرىنى يارىتالىشى يالغۇز بىر ئادەم بىلەنلا ئىشقا ئاشمايدۇ. بەلكى نۇرغۇن سەنئەتكارلارنىڭ ئورتاق ھەمكارلىقى ۋە زىچ ماسلىشىشى ئارقىلىق ئاندىن ئىشقا ئاشىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال تىياتىر سەنئىتىنىڭ كوللېكتىپچانلىقىنى شەكىللەندۈرگەن.

## 35. سەھنە ئەسەرلىرى قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

جاۋاب: سەھنە ئەسەرلىرى ئادەتتە سەھنە كىتابى ياكى سەھنە سۆزى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى تىياتىر سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. ئۇلار:

بىرىنچى، سەھنە ئەسەرلىرىدە دراماتىك توقۇنۇش ئىنتايىن كۈچلۈك ۋە كەسكىن بولىدۇ. سەھنە ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلار چەكلىك ئورۇن، ۋاقىت ۋە شارائىتتا ھەرىكەت قىلىدىغان پېرسوناژلار، شۇڭا ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىشتا رومان، داستانلاردىكىدەك كەڭ ۋە مۇرەككەپ سيۇژېتلارنى ئورۇنلاشتۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ئاشۇ چەكلىك ئورۇن، ۋاقىت، شارائىتتا قانات يايدۇرۇلىدىغان توقۇنۇشلار يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلۈشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا سەھنە ئەسىرىدىكى دراماتىك توقۇنۇشنى كەسكىن، كۈچلۈك ئىپادىلىگىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، سەھنە ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلار تىلى يۈكسەك دەرىجىدە ئىندىۋىدۇئاللاشقان بولىدۇ. سەھنە ئەسەرلىرى تىياتىر سەنئىتىنىڭ، يەنى ئارتىسلارنىڭ سەھنىدە رول ئېلىشىنىڭ ئالاھىدە ئۆلچەملىرىگە ئۇيغۇنلىشىش ئېھتىياجى ئاساسىدا يېزىلغاچقا، ئۇنىڭدا پېرسوناژلار خاراكتېرى، سيۇژېت تەرەققىياتى، مەنزىرە - شارائىت قاتارلىقلار رومان، داستانلارغا ئوخشاش ئاپتور تىلى ئارقىلىق بىۋاسىتە تەسۋىرلەنمەيدۇ. ئۇنىڭدا پېرسوناژلار خاراكتېرى، سيۇژېت تەرەققىياتى پەقەت پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللاشقان تىلى ۋە

جانلىق ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، سەھنە ئەسەرلىرى كومپوزىتسىيە جەھەتتىن پەردە ـ كۆرۈنۈشلەرگە ئايرىلىدۇ. پەردە ـ كۆرۈنۈشلەرگە ئايرىش سيۇژىت تەرەققىياتىنىڭ چوڭ ـ كىچىك باسقۇچلىرىنى ئاساس قىلىدۇ. سەھنە ئەسەرلىرىدىكى پەردە ئىككى خىل مەنىگە ئىگە. بىرى، ھەربىر پەردە سيۇژىتنىڭ چوڭ بىر باسقۇچى بولۇپ، بۇ چوڭ باسقۇچ سيۇژىت تەرەققىياتىدىكى بىر نەچچە كىچىك باسقۇچنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۆرۈنۈش سيۇژىت تەرەققىياتىدىكى كىچىك باسقۇچ بولۇپ، بەزى ئەسەرلەردىكى بىر پەردىنىڭ ئىچىدە بىر نەچچە كۆرۈنۈش بولىدۇ. پەردىنىڭ يەنە بىر مەنىسى، بەزى سەھنە ئەسەرلىرىدە پەردە كۆرۈنۈشكە تەڭ بولۇپ، قانچە كۆرۈنۈش بولسا شۇنچە قېتىم پەردە يېپىلىدۇ.

## 36. سەھنە ئەسەرلىرىنى ژانىرلارغا ئايرىشنىڭ قانداق ئۇسۇللىرى بار؟

جاۋاب: سەھنە ئەسەرلىرىنى ژانىرلارغا ئايرىشنىڭ ئاساسلىق ئۈچ خىل ئۇسۇلى بار.

بىرىنچى، سەھنە ئەسەرلىرى مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ دراما، تراگېدىيە، كومېدىيە قاتارلىق ژانىرلارغا بۆلۈنىدۇ.

ئىككىنچى، سەھنە ئەسەرلىرى ئىپادىلەش ۋاستىسى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن دراما، ئوپېرا (ناخشا ئاساسلىق ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلىنىدۇ)، ئۇسسۇللۇق دراما (بالېت تىياتىرى)، ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق دراملارغا بۆلۈنىدۇ.

ئۈچىنچى، سەھنە ئەسەرلىرى تۈزۈلۈش شەكلى جەھەتتىن (قۇرۇلما جەھەتتىن) بىر پەردىلىك دراما، كۆپ پەردىلىك دراملارغا بۆلۈنىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، سەھنە ئەسەرلىرىنى تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن شېئىرىي دراما ۋە نەسرىي دراما دەپ

بۆلۇشكە بولىدۇ.

### 37. دراما قانداق ئەدەبىي ژانىر؟ ئۇنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكى قانداق؟

جاۋاب: دراما — ھەم تراگېدىيىلىك ئامىللارنى، ھەم كومېدىيىلىك ئامىللارنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ ئىپادىلەيدىغان بىر خىل سەھنە ئەسىرىدۇر. شۇڭا ئادەتتە تراگېككومېدىيە دېيىلىدۇ.

ئۇنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكى مۇنداق:

بىرىنچى، تراگېدىيىدە زىددىيەت ئاساسەن ھەل بولمىغان بىلەن، درامىلاردا زىددىيەت ھەل قىلىنىدۇ. تراگېدىيىلەردە خۇشاللىق ياكى ئىجابىي قەھرىماننىڭ غەلىبىسى ئىپادىلەنمەيدۇ. بىراق درامىلاردا باشتا قايغۇ ـ ئەلەم، ئاخىرىدا خۇشاللىق ياكى غەلىبە تەنتەنىسى ئىپادىلىنىدۇ. گۈزەللىك رەزىللىك ئۈستىدىن، ياخشىلىق يامانلىق ئۈستىدىن، چىنلىق ساختىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. دېمەك، درامىلاردا دەسلەپ تراگېدىيە (قايغۇ ـ ئەلەم)، ئاخىرىدا كومېدىيە (خۇشاللىق) ئىپادىلىنىدۇ.

ئىككىنچى، درامىلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان كۆپىنچە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي كۈچلەر بىلەن قالاق، ئەكسىيەتچى، رەزىل كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى تىنىمسىز كۈرەش ۋە توقۇنۇشلاردۇر. ئۇنىڭدا گەۋدىلەندۈرۈلىدىغان ھەقىقىي قەھرىمانلار خۇددى خېمەنگە ئوخشاش يېڭى، ئىلغار، ئادالەتچىلەرگە ۋەكىللىك قىلىپ، دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي سۆز ـ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ.

### 38. تراگېدىيە قانداق ئەدەبىي ژانىر؟ قەدىمكى تراگېدىيىلەرنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكى قانداق؟

جاۋاب: تراگېدىيە — چىن ئىنسانلار قەلبىدە سۆيۈملۈك، مۇقەددەس ھېسابلانغان شەيئىلەرنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق كىشىلەر قەلبىدە قايغۇ ـ ئەلەم ۋە ئېچىنىش

تۇيغۇسى قوزغايدىغان بىر خىل سەھنە ئەسىرى ژانىرىدۇر. ئېنگېلس تراگېدىيىنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «تراگېدىيىدىكى زىددىيەت ـ توقۇنۇش بولسا تارىخنىڭ مۇقەررەر تەلىپى بىلەن بۇ تەلەپنىڭ ئەشقا ئېشىشىغا مۇمكىن بولمايدىغانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتىن ئىبارەت.» بۇ بايانغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى تراگېدىيىلەرنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكىنى مۇنداق ئومۇملاشتۇرۇشقا بولىدۇ: تراگېدىيىلەردە يېڭىپ بولمايدىغان بىر خىل زىددىيەت ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى قەھرىمانلارنىڭ تەقدىرى دائىم مەغلۇپ بولۇش بىلەن ياكى پاجىئەلىك ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشىپ، كىشىلەردە بىر خىل ئېچىنىش ۋە قايغۇ ـ ھەسرەت كەيپىياتى پەيدا قىلىدۇ.

## 39. كومېدىيە قانداق ئەدەبىي ژانىر، ئۇنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى قانداق؟

جاۋاب: كومېدىيە — بىر خىل ھەزىل قىلىش (قىزىقچىلىق قىلىش) شەكلىنى قوللىنىپ، رېئاللىقتىكى ھەرخىل ساختا، يامان، رەزىل نەرسىلەر ۋە كىشىلەر خاراكتېرىدىكى ناچار ئىللەتلەر مەسخىرە، تەنقىد قىلىنىدىغان، رېئاللىقتىكى قالاق، يىرگىنچلىك شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى پاش قىلىنىپ، ئىنكار قىلىنىدىغان بىر خىل سەھنە ئەسىرى ژانىرىدۇر. ئۇنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى مۇنداق:

بىرىنچى، كومېدىيىلەردە ھەجۋى قىلىش، مەسخىرە قىلىش ئاساسلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا يازغۇچى كۆچەيتىش، مۇبالىغە، ئوخشىتىش قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، رېئاللىقتىكى قالاق، ساختا شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ئېچىپ تاشلىنىدۇ. شەخسلەر خاراكتېرىدىكى ناچار، چاكىنا خاھىش ۋە ناتوغرا ھەرىكەتلەر تەنقىدلىنىدۇ، مەسخىرە قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى، كومېدىيىدە قىزىقچىلىق قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنى كۈلدۈرۈش مۇھىم ئىپادىلەش ۋاستىسىدۇر. كۆپ

ھاللاردا ئۈشتۈمتۈت يۈز بەرگەن ياكى كۈتۈلمىگەن ۋەقەلەر، ۋاقىتلىق چۈشەنمەسلىكلەر ئاجايىپ قىزىقارلىق تەسۋىرلىنىپ، كۈلكە ۋە خۇشاللىق ئىچىدە كىشىلەرنى تەربىيىلەش مەقسەت قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، كومېدىيىدە قالاق، ناچار، ساختا نەرسىلەر تەنقىدلىنىپلا قالماي، بەلكى توغرىلىق، چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك قاتارلىقلارمۇ قىزىقارلىق، كۈلكىلىك ئوخشىتىش، مۇبالىغە قاتارلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ ۋە ماختىلىدۇ.

## 40. كومېدىيىنىڭ قانداق تۈرلىرى بار؟

جاۋاب: كومېدىيىلەر ھەجۋى قىلىش ئوبيېكتىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن يۇمۇرىستىك كومېدىيە ۋە ساتىرىك كومېدىيە دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ.

يۇمۇرىستىك كومېدىيىلەردە «كۈلدۈرۈش» ئاساس قىلىنىپ، كىشىلەردىكى ناچار ئىللەتلەر ياخشى نىيەتتە تەنقىدلىنىدۇ. كىشىلەردىكى بولمىغۇر قىلىق ۋە چاكىنا ئىدىيىۋى قاراشلارنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن مۇبالىغىدىن پايدىلىنىپ، شۇ خىل كىشىلەردىكى ئوبيېكتىپ تۇرمۇشنىڭ تەرەققىيات مەنتىقىسىگە ئۇيغۇنلاشمىغان، ناچار ھەرىكەت ۋە خاتا ئىدىيىۋى قاراشلارنى ئوبرازلىق ھالدا كۆرسىتىپ تەنقىدلەيدۇ. بۇنىڭدا تەنقىد ئوبيېكتىغا ھېسداشلىق پوزىتسىيىسى تۇتۇلىدۇ.

ساتىرىك كومېدىيىدە رېئال تۇرمۇشتىكى چىرىك، قالاق ئەكسىيەتچى شەيئىلەرنىڭ ساختا ماھىيىتى قىزىقارلىق ئېچىپ بېرىلىپلا قالماي، بەلكى شۇ خىل شەيئى، ھادىسىلەر كۈچلۈك ھەجۋىي قامچا بىلەن قامچىلىنىدۇ. ئۇنىڭغا نەپرەت بىلدۈرۈلىدۇ، شۇنداقلا ئۇزۇل - كېسىل ئىنكار قىلىنىدۇ.

## 41. درامىنىڭ ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى قانداق؟

جاۋاب: دراما سەھنە ئەسەرلىرى ئىچىدىكى ئاساسلىق

ژانىرلارنىڭ بىرى. ئۇ كومېدىيە، تراگېدىيە، ئوپېرا، ئۇسسۇللۇق دراممىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش شەكلىگە ئىگە. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنداق:

بىرىنچى، درامىدا ئاساسەن پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگ ۋە مونولوگلىرى ۋە ئاشۇ مونولوگ دىئالوگلارغا زىچ ماس كەلگەن پېرسوناژلار ھەرىكىتى مۇھىم ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى، درامىنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلەش ۋاستىسى دىئالوگ، مونولوگلاردىن ئىبارەت بولغاچقا، پېرسوناژ تىلى ھېسابلىنىدىغان ئاشۇ دىئالوگ ۋە مونولوگلار خەلق ئوڭاي چۈشىنەلەيدىغان، قېلىپلاشقان ئەدەبىي تىل بولۇشى، شۇنداقلا پېرسوناژلار خاراكتېرىگە ماس كېلىدىغان ئىندىۋىدۇئاللاشقان تىل بولۇشى لازىمكى، ھەرگىز چۈشىنىكسىز، مۇجمەل، ئۇزۇن ۋە مەنىسىز تىل بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

## 42. ئوپېرا قانداق ئەدەبىي ژانىر، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق؟

جاۋاب: ئوپېرا مۇزىكا تەڭكەش قىلىنغان ناخشىلار ئاساسلىق ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلىنىدىغان بىر خىل سەھنە ئەسىرى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى مۇنداق:

بىرىنچى، ئوپېرانىڭ سەھنە كىتابىدا ناخشا تېكىستلىرى ئاساسلىق ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلىنىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگ، مونولوگلىرى قوشۇمچە ئورۇندا تۇرۇپ، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتە ياردەمچىلىك رول ئوينايدۇ.

ئىككىنچى، ئوپېرانىڭ سەھنە كىتابىدىكى ناخشا تېكىستلىرى پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ۋە ئەسەر مەزمۇنىنى ئىپادىلەشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى بولغاچقا، ئاشۇ ناخشا تېكىستلىرى مەنە جەھەتتىن چوڭقۇر، ھېسسىيات جەھەتتىن كۈچلۈك بولۇشى، رىتىمى جاراڭلىق، قاپىيىلىرى توق، ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك تىللارنى قوللانغان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، ئوپېرانىڭ سەھنە كىتابى دراما، تراگېدىيىلەرگە نىسبەتەن ئىخچامراق بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ سىيۇژىتى يىغىنچاق، سۆز، جۈملىلەر قىسقا، ئېنىق، پىششىق بولىدۇ. سۆز ـ جۈملىلەر ئادەتتە ناخشا تېكىستلىرى ئارىلىقىدا قىستۇرما سۆز شەكلىدە بېرىلىدۇ.

**43. ئۇسسۇللۇق دراما (بالېت) قانداق سەنئەت؟**

جاۋاب: ئۇسسۇللۇق دراما، ئۇسسۇل، مۇزىكا، دراما تىل توقۇنۇش قاتارلىق ئامىللار بىرلەشتۈرۈلۈپ، بەلگىلىك ئىدىيىۋى مەنە ئىپادىلىنىدىغان بىر خىل سەھنە سەنئىتى. ئۇسسۇللۇق درامىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ئۇسسۇل بىلەن مۇزىكىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى ئارقىلىق بەلگىلىك ۋەقە ـ سىيۇژېت قانات يايدۇرۇلغانلىقتىن، ئۇنىڭدا تىل سەنئىتىگە تەئەللۇق بولغان سەھنە كىتابى بولمايدۇ. ئۇنىڭدا پەقەت ئۇسسۇل، مۇزىكا سەنئىتىگە تەئەللۇق بولغان ئۇسسۇل كىتابى ياكى مۇزىكا ئەسىرى بولىدۇ. شۇڭا، ئۇسسۇللۇق دراما بۇ جەھەتتە باشقا سەھنە ئەسەرلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ.

**44. ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق دراما قانداق ئەدەبىي ژانىر؟**

جاۋاب: ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق دراما ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكا قاتارلىق سەنئەت شەكىللىرىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى ئاساسىدا سەھنە ئوبرازى يارىتىلىدىغان بىر خىل سەھنە ئەسىرى ژانىرىدۇر. ئۇنىڭدا ھەم ئوپېرانىڭ، ھەم ئۇسسۇللۇق درامىنىڭ ئامىللىرى ئۆزئارا بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. ناخشا، ئۇسسۇل ۋە ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلىنغان مۇزىكا ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ سەھنە ئوبرازى يارىتىلىپ، بەلگىلىك ئىدىيىۋى مەزمۇن ئىپادىلىنىدۇ.

**45. بىر پەردىلىك سەھنە ئەسىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق؟**

جاۋاب: بىر پەردىلىك سەھنە ئەسىرى ھەجىم جەھەتتىن

كىچىكرەك، سيۇژېت جەھەتتىن ئاددىراق بولىدۇ. پېرسوناژلارمۇ بىر قانچە بولىدۇ. ئۇنىڭدا ھېكايىلارغا ئوخشاش بىرەر تۇرمۇش كارتىنىسى مەركەزلىك تەسۋىرلىنىپ، بەلگىلىك باش تېما ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

بىر پەردىلىك سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ھەجمى كىچىك بولسىمۇ، قۇرۇلمىسى زىچ. ھېكايە سيۇژىتى ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن مۇكەممەل بولىدۇ. ئۇنىڭدىمۇ ۋەقەنىڭ پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىش، ھەل قىلىنىش جەريانلىرى بولىدۇ. بۇ جەريانلارنىڭ ھەممىسى بەلگىلىك ئورۇن، بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە ئىپادىلىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

## 46. كۆپ پەردىلىك سەھنە ئەسىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق؟

جاۋاب: كۆپ پەردىلىك سەھنە ئەسىرىنىڭئالاھىدىلىكلىرى مۇنداق: بىرىنچى، كۆپ پەردىلىك سەھنە ئەسەرلىرى ھەجىم جەھەتتىن چوڭ، سىغىمچانلىقى زور بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭدا كۆپلىگەن پېرسوناژلارنى سۈرەتلىگىلى، مول، مۇرەككەپ ھېكايە سيۇژىتلىرىنى قانات يايدۇرغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، مەزمۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ھەجمى بىر قەدەر چوڭ، سىغىمچانلىقى زور بولغانلىقتىن مول، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىلەرنى مول تۇرمۇش بىلىمى ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ئۈچىنچى، قۇرۇلما جەھەتتىن پەردە ـ كۆرۈنۈشلەرگە ئاجرىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلغانلىقتىن ۋاقىت، ئورۇن جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئالماشتۇرۇپ كۆرسىتىشكە، سەھنىدە كۆرسىتىشكە، ئەپسىز بولغانلىرىنى سەھنە سىرتىغا قالدۇرۇشقا بولىدۇ. ئەكس ئەتتۈرۈش دائىرىسى كەڭ، ۋاقىت جەريانى ئۇزاق، ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلاردا يۈز بەرگەن مۇرەككەپ ۋەقەلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ ئەكس ئەتتۈرۈش توغرا كەلگەندە، ئۇلارنى سيۇژىتنىڭ باشلىنىش،

راۋاج، كولمىناتسىيە، يېشىم قاتارلىق تەرتىپى ئاساسىدا پەردە، كۆرۈنۈشلەرگە ئاجرىتىپ ئەكس ئەتتۈرۈشكە تامامەن بولىدۇ.

### 47. نەسر قانداق ئەدەبىي تۈر، ئۇ قانداق ژانىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: نەسر — شېئىرىيەت، پروزا، سەھنە ئەسەرلىرىگە تەۋە بولمىغان ژانىرلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەم لىرىك، ھەم ئېپىك، ھەم دراماتىك ئامىللارنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئەڭ جانلىق، ئەڭ ئەركىن بولغان بىر خىل ئەدەبىي تۈردۇر.

نەسر تۈرىگە كىرىدىغان ژانىرلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى فېلىيەتون، ئوچېرك، ئاخبارات ئەدەبىياتى، لىرىك نەسر، تەزكىرە ئەدەبىياتى، ساياھەت خاتىرىسى، پارچە خاتىرىلەر، ئەدەبىي ئەسلىمە، تەرجىمىھال ئەدەبىياتى، مەسەل، لەتىپە، يۇمۇر، چاقچاق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### 48. نەسرىي ئەسەرلەر قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

جاۋاب: نەسرىي ئەسەرلەر تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ ماتېرىيال تاللاش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ. نەسرىي ئەسەرلەر بۇ جەھەتتە ۋاقىت، ئورۇن چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. مەزمۇنىنىڭ ئاددىي ياكى مۇرەككەپ بولۇشى، تېمىسىنىڭ زور بولۇشى ياكى كىچىك ئىشلاردىن بولۇشى، قەدىمكى زامان ياكى ھازىرقى زامان تېمىسى بولۇشى، مۇھەببەت تېمىسى ياكى سانائەت تېمىسى بولۇشى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇنىڭدا ئادەملەرنى يېزىشقىمۇ، ھادىسىلەرنى يېزىشقىمۇ، ئوبيېكتىپ دۇنيانى يېزىشقىمۇ، سۇبيېكتىپ دۇنيانى تەسۋىرلەشكىمۇ بولىدۇ.

ئىككىنچى، نەسرىي ئەسەرلەر كومپوزىتسىيە جەھەتتىن ئەركىن ۋە جانلىق بولىدۇ. ئۇنىڭدا پروزا ئەسەرلەردەك مۇكەممەل ھېكايە سيۇژىتى بولۇش، شېئىرىي ئەسەرلىرىگە ئوخشاش ۋەزىن، تۇراق، قاپىيە قاتارلىق ئۆلچەملەرگە ئەمەل قىلىش، سەھنە ئەسەرلىرىگە

ئوخشاش كەسكىن دراماتىك توقۇنۇشنىڭ بولۇشى تەلەپ قىلىنمايدۇ. شۇڭا، نەسرنىڭ كومپوزىتسىيىسى كۆپ چەكلىمىگە ئۇچرىمىغاچقا ئەركىن ھەم جانلىق بولىدۇ.

ئۈچىنچى، نەسرىي ئەسەردە قوللىنىدىغان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى كۆپ خىل بولىدۇ. نەسرىي ئەسەرلەردە تەسۋىر، بايان، مۇھاكىمە، لىرىكا قاتارلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپلا قالماي، بەلكى ئوخشىتىش، مۇبالىغە، سىمۋول، جانلاندۇرۇش، سىلىشتۇرۇش، تەڭلەشتۇرۇش، كىنايە قاتارلىق ھەرخىل ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەردىنمۇ ئەركىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

تۆتىنچى، نەسرىي ئەسەرلەر كۈچلۈك لىرىكچانلىققا ۋە ئوبرازچانلىققا ئىگە. لىرىكچانلىق بىلەن ئوبرازچانلىق نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ جېنى. پروزا ئەسەرلەر كونكرېت پېرسوناژلار ۋە مۇرەككەپ سيۇژېتلار تەسۋىرى ئارقىلىق، سەھنە ئەسەرلىرى كەسكىن، دراماتىك توقۇنۇشلار ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلسا، نەسرىي ئەسەرلەر كۈچلۈك لىرىكچانلىق ۋە ئوبرازچانلىق ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى جەلب قىلىدۇ. لىرىكچانلىق لىرىك نەسرلەردە تېخىمۇ كۈچلۈك بولۇپ، يازغۇچىنىڭ لىرىك ھېسسىياتى شېئىرىي تىل بىلەن ئوبرازلاشتۇرۇلىدۇ. ئېپىك نەسرلەردىمۇ ۋاقىت ھەم پېرسوناژلار تەسۋىرى بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇ تەسۋىرلەر ئىچىگە يازغۇچىنىڭ لىرىك ھېسسىياتى چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ.

## 49. نەسرىي ئەسەرلەر قانداق ژانىرلارغا بۆلۈنىدۇ؟

جاۋاب: نەسرىي ئەسەرلەرنى ژانىرلارغا بولۇشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇلى ئىككى خىل. بىرى، مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىككە ئاساسەن نەسرىي ئەسەرلەر لىرىك نەسر، ئېپىك نەسر، مۇھاكىمىلىك نەسرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

يەنە بىرى، ئىپادىلەش شەكلىگە ئاساسەن نەسرىي ئەسەرلەر

ئاخبارات ئەدەبىياتى، فېليەتون، تەرجىمىھال ئەدەبىياتى، ساياھەت خاتىرىسى (زىيارەت خاتىرىسى)، ئەدەبىي ئەسلىمە، تەزكىرە ئەدەبىياتى... قاتارلىق ژانىرلارغا بۆلۈنىدۇ.

## 50. لىرىك نەسر دېگەن نېمە، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق؟

جاۋاب: يۈكسەك دەرىجىدىكى لىرىك ھېسسىيات مەركەزلىك ھەم چوڭقۇر ئىپادىلىنىدىغان نەسرلەر لىرىك نەسر دېيىلىدۇ. ئۇ تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، لىرىك نەسرلەردە يازغۇچىنىڭ رېئاللىقتىن ھاسىل قىلغان تۇيغۇ ـ تەسىراتلىرىنى ئوتتەك قىزغىن كەيپىياتتا ئىپادىلەش ئاساس قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى، لىرىك نەسرلەردە لىرىك ھېسسىياتنى ئىنتايىن چوڭقۇر ئىپادىلەش ئاساس قىلىنغاچقا، بۇ خىل نەسرلەر كىشىلەرگە ئاجايىپ گۈزەل شېئىرىي كەيپىيات بېغىشلايدۇ. كىشىلەر قەلبىدە ئېھتىخارلىق تۇيغۇسى ۋە ئۈمىدۋارلىق ئۇرغۇتىدۇ.

ئۈچىنچى، لىرىك نەسرلەردە سىمۋول، ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇشقا ئوخشاش تەسۋىرىي ۋاستىلەر قوللىنىلغانلىقتىن، ئۇنىڭ تىلى گويا شېئىرىي تىلغا ئوخشاش كۈچلۈك ئوبرازچانلىققا ۋە مۇزىكىچانلىققا ئىگە بولىدۇ.

## 51. ئېپىك نەسر دېگەن نېمە، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق؟

جاۋاب: كونكرېت پېرسوناژلار تەسۋىرى ھەم ۋەقەلەر بايانى ئارقىلىق رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان نەسر ئېپىك نەسر دېيىلىدۇ. ئېپىك نەسرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنداق:

بىرىنچى، ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك بولغان مۇھىم ۋەقەلەر كونكرېت پېرسوناژلار پائالىيىتى ئارقىلىق تەسۋىرلىنىپ، رېئاللىقنىڭ مەلۇم ماھىيىتى ئېچىپ بېرىلىدۇ.

ئىككىنچى، ئېپىك نەسرلەردىكى ۋەقەلەر بايانى ھېكايە، رومانلاردەك تەپسىلىي، مۇكەممەل تەسۋىرلەنمىسىمۇ، لېكىن ئەنە شۇ پېرسوناژ ھەم ۋەقە تەسۋىرى ئارقىلىق بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

ئۈچىنچى، ئېپىك نەسرلەردىكى پېرسوناژ ھەم ۋەقەلەر تەسۋىرىگە لىرىكا بىلەن مۇھاكىمە تەبىئىي سىڭدۈرۈلۈپ ئىپادىلىنىدۇ.

### 52. مۇھاكىمىلىك نەسر دېگەن نېمە، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق؟

جاۋاب: بايان بىلەن مۇھاكىمىنى ئاساسلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى قىلىدىغان نەسرلەر مۇھاكىمىلىك نەسر دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنداق:

بىرىنچى، مۇھاكىمىلىك نەسرلەردە مەلۇم تىپىك ۋەقە ياكى تىپىك ئادەم بايان قىلىنىپ، ئۇ يا مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ، ماختىلىدۇ، ياكى مەسخىرە قىلىنىدۇ، قامچىلىنىدۇ.

ئىككىنچى، مۇھاكىمىلىك نەسرلەردە ئەدەبىي خاراكتېر بولىدۇ. يەنى ئۇنىڭدا تەسۋىر، بايان، لىرىكا قاتارلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى ھەمدە ئوخشىتىش، كىنايە، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنى كىرىشتۈرۈپ قوللىنىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي رېئاللىق ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

ئۈچىنچى، مۇھاكىمىلىك نەسرلەردە مەنتەقە مۇھاكىمە خاراكتېرى بولىدۇ. يەنى ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژ، ۋەقە - ھادىسىلەر ھەققىدە تەھلىل - تەنقىق ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇلار ئۈستىدە بەلگىلىك باھا، پوزىتسىيە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

### 53. ئاخبارات ئەدەبىياتى قانداق ژانىر، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق؟

جاۋاب: ئاخبارات ئەدەبىياتى يازغۇچىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش

ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا، تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلارنى بەدىئىي ئۇسۇلدا ئۆز ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بىر خىل ئەدەبىي ژانىردۇر. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنداق:

بىرىنچى، ئاخبارات ئەدەبىياتى خەۋەرچانلىقتا ئىگە. ئۇنىڭدا رېئال تۇرمۇشتىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان يېڭى شەيئى ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى تېزلىك بىلەن خەۋەر قىلىپ، دەۋر روھىنى كۈچلۈك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى، ئاخبارات ئەدەبىياتى ھەقىقىيلىقتا ئىگە. ئۇنىڭدا خەۋەر قىلىنغان ئادەم، ۋەقەلەر ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولغان تىپىك ئادەم، تىپىك ۋەقەلەر بولۇشى، يالغان بولۇپ قالماسلىقى، ئۇنىڭ دوپپىسى بۇنىڭغا كىيدۈرۈلۈپ قويۇلماسلىقى، بەدىئىي توقۇلما ئارقىلىق رېئاللىقتا مەۋجۇت بولمىغان شەخس ۋە ۋەقەلەر سۈنئىي ھالدا ياساپ چىقىلماسلىقى كېرەك.

ئۈچىنچى، ئاخبارات ئەدەبىياتى ئەدەبىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭدا ھەقىقىي ئادەم، ئىشلار ئاساسىدا تاللاش، شاللاش ئېلىپ بېرىپ، شۇ ئاساستا ھەرخىل بەدىئىي ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن بەلگىلىك تىپىك ئوبرازنى يارىتىدۇ. بۇ خىل تىپىك ئوبراز ھېكايىلاردىكىدەك بەدىئىي توقۇلما ۋە بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئادەم ۋە ئىشلارغا قارىتا توغرا تاللاش ۋە شۇ ماتېرىياللارنى مۇۋاپىق تەشكىللەش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. مانا بۇ ئاخباراتنىكى تىپ بىلەن بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى تىپنىڭ كونكرېت پەرقى.

تۆتىنچى، ئاخبارات ئەدەبىياتى ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتە پروزا ئەسەرگە قارىغاندا ئەركىن بولىدۇ. ئاخبارات ئەدەبىياتىدىكى پېرسوناژ، شارائىت تەسۋىرى ھېكايە، پوۋېستلارغا ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، لېكىن تۈپ خۇسۇسىيەت جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. يەنى ھېكايىلاردا مۇكەممەل ھېكايە سيۇژىتى بولىدۇ. ئەمما، ئاخبارات ئەدەبىياتىدا مۇكەممەل ھېكايە سيۇژىتى بولۇش تەلەپ قىلىنمايدۇ. ئۇنىڭدا سيۇژىت لىنىيىسى باش تېما ئارقىلىق بىر - بىرىگە

چېتىلىدىغان پارچە ھېكايىلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

### 53. فېلىيەتون قانداق ژانىر، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق؟

جاۋاب: ھەم ئەدەبىي خاراكتېرگە، ھەم سىياسىي مۇھاكىمىلىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان بىر خىل نەسر فېلىيەتون دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنداق:

بىرىنچى، فېلىيەتون قۇرۇلما جەھەتتىن ئىخچام، قىسقا، جانلىق، تىل جەھەتتىن ئۆتكۈر ۋە ئوبرازلىق بولىدۇ. ئۇنىڭدا رېئال پاكىتلارغا تايىنىپ، ئوخشىتىش، كىنايە قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، خۇددى خەنجەر ۋە نەيزىگە ئوخشاش دۈشمەننىڭ ئەجەللىك يېرىگە تېگىدۇ. بارلىق قالاق، چىرىك كۈچلەرنىڭ ساختا ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلايدۇ.

ئىككىنچى، فېلىيەتونلار ساتىرىك ۋە يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭدا مەسخىرە ۋە ھەجۋى قىلىش ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭدا ھەجۋىنى قالايمىقان ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ھەجۋىينى ئوبيېكتلارغا قاراپ پەرقلەندۈرۈش لازىم، چۈنكى فېلىيەتوننىڭ دۈشمەنگە قارىتىلىدىغىنى، ئىتتىپاقچىلارغا قارىتىلىدىغىنى، ئۆزىمىزگە قارىتىلىدىغىنى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەربىرىگە تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە ئوخشاش بولمايدۇ.»[1]

### 54. ساياھەت خاتىرىسى قانداق ژانىر؟

جاۋاب: ئاپتورنىڭ مەلۇم ۋاقىت، مەلۇم ئورۇندا كۆرگەن ياكى ئاڭلىغانلىرىنى خاتىرە شەكلىدە تەسۋىرلەپ بېرىدىغان، ھەقىقىيلىقى كۈچلۈك بولغان بىر خىل نەسرىي ژانىر ساياھەت خاتىرىسى (زىيارەت خاتىرىسى) دىن ئىبارەت. ئۇنىڭ تۆپ ئالاھىدىلىكى مۇنداق:

بىرىنچى، ساياھەت خاتىرىسىدە ئاپتورنىڭ ئۆزى كۆرگەن

---

① ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى Ⅱ توم 149 ـ بەت ئۇيغۇرچە نەشرى.

رايونلاردىكى كىشىلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، تۇرمۇش شەكلى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، تارىخىي ئاسارئەتىقىلىرى، ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتلىرى، پەن ـ مەدەنىيەت يېڭىلىقلىرى قاتارلىقلار جانلىق، تەسىرلىك تەسۋىرلىنىدۇ.

ئىككىنچى، ئاپتورنىڭ ئۆزى كۆرگەن رايونلارنىڭ يەر تۈزۈلۈشلىرى، گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىلىرى، تەبىئەتنىڭ ئاجايىباتلىرى تەسۋىرلىنىدۇ.

## 55. تەرجىمىھال ئەدەبىياتى قانداق ژانىر؟

جاۋاب: تەرجىمىھال ئەدەبىياتى مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىش تارىخىنى بەدىئىي ئۇسۇلدا بايان قىلىپ بېرىدىغان بىر خىل نەسرىي ژانىردۇر. ئۇنىڭدا مەلۇم مەشھۇر شەخسنىڭ پۈتۈن ئۆمۈرلۈك تارىخىنى يېزىشقىمۇ ياكى پۈتۈن ئۆمرىنىڭ بىر قىسمىنى يېزىشقىمۇ، بىر ئادەمنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىسىنى يېزىشقىمۇ، بىر نەچچە ئادەملەرنىڭ تارىخىنى بىرلەشتۈرۈپ يېزىشقىمۇ بولىدۇ. تەرجىمىھال ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي قىممىتى ئىنتايىن زور. ئۇنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى ھەقىقىيلىق. شۇڭا، ئۇنىڭدا خالىغانچە مۇبالىغە قىلىشقا ياكى توقۇلما قىلىشقا بولمايدۇ.

## 56. تەزكىرە ئەدەبىياتى قانداق ژانىر؟

جاۋاب: يەر ـ جايلارنىڭ، مەشھۇر ئاسارئەتىقىلەرنىڭ، گۈزەل باغچىلارنىڭ، مازار ـ ئىبادەتخانىلار، مەكتەپ ۋە مۇزېيلارنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تەرەققىيات تارىخىنى بەدىئىي ئۇسۇلدا ئىپادىلەيدىغان نەسرىي ژانىرنى تەزكىرە ئەدەبىياتى دەيمىز.

تەزكىرە ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي چىنلىق خاراكتېرى بىلەن ئەدەبىي خاراكتېرى تەرجىمىھال ئەدەبىياتى بىلەن ئوخشىشىدۇ. لېكىن ئىپادىلەيدىغان مەزمۇنىدىن ئېيتقاندا، تەرجىمىھال ئەدەبىياتى ئادەملەرنى يېزىشنى ئاساس قىلسا، تەزكىرە ئەدەبىياتى ئادەملەرنىڭ پائالىيەت سورۇنىنى يېزىشنى ئاساس قىلىدۇ.

## 57. كىنو قانداق سەنئەت شەكلى؟

جاۋاب: «كىنو» دېگەن ئاتالغۇ گرېك تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇرچە «قىمىرلاش»، «مىدىرلاش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

كىنو سەنئىتى لېنتىغا ئېلىنغان سۈرەتلىك كۆرۈنۈشلەرگە كۈچلۈك ئېلېكتر نۇرى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، ئۇنى ئېكراندا كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر خىل ئۇنىۋېرسال سەنئەت شەكلى. كىنو ھەرخىل سەنئەت ئامىللىرى بىلەن يۇقىرى پەن - تېخنىكىنىڭ زىچ بىرلەشتۈرۈلۈشىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

## 58. كىنو سەنئىتى قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

جاۋاب: كىنو سەنئىتى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، كىنو ئاممىۋىلىقى ئەڭ كۈچلۈك سەنئەت. چۈنكى ئۇنى مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك، مەيلى ساۋاتلىق، مەيلى ساۋاتسىز، مەيلى تىلىنى (كىنونىڭ تىلىنى) بىلىدىغان ياكى بىلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى، يەنى كۆرۈش سەزگۈسىگە ئىگە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كۆرەلەيدۇ. تىياتىرمۇ كىنوغا ئوخشاش ئۇنىۋېرسال سەنئەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى كۆپەيتىش ھەم خالىغان ۋاقىت، خالىغان جايلارغا يۆتكەپ قويۇشتا كىنوغا ئوخشاش زور ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە ئەمەس. ئەمما، كىنو بۇ جەھەتتە زور چەكلىمىلەرگە ئۇچرىمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئاممىۋىلىقى ناھايىتى زور بولىدۇ.

ئىككىنچى، كىنو ئۇنىۋېرساللىقى كۈچلۈك سەنئەت. ئۇ ئەدەبىيات، ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكا، گۈزەل سەنئەت ۋە ھۈنەر - سەنئەتلەرنىڭ ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنى ئۆزئارا ئومۇملاشتۇرغاندىن باشقا، يەنە پەن - تېخنىكا ئامىللىرىنىمۇ ئۆزئارا زىچ بىرلەشتۈرۈدىغان سەنئەت. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۇنىۋېرساللىقى تىياتىر سەنئىتىدىنمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.

ئۈچىنچى، كىنو سەنئىتى يۈكسەك دەرىجىدىكى چىنلىققا ئىگە. چىنلىق ئەدەبىياتنىڭمۇ تۈپ ئالاھىدىلىكى ياكى تۈپ ئىپادىلەش تەلىپى بولسىمۇ، لېكىن كىنو تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىدىكى چىنلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. كىنو بىر نەچچە سائەت ئىچىدە كۆرۈپ بولىدىغان، بىر نەچچە مىڭ ئادەم بىرلا ۋاقىتتا كۆرىدىغان سەنئەت. شۇڭا ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ۋەقە ـ ھادىسىلەر شەيئىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىيات مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولمىسا بولمايدۇ. شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتى چىنلىق بىلەن ئىپادىلەنمىسە بولمايدۇ. ئەگەر ئازراقلا سۈنئىيلىك ياكى چىنلىققا خىلاپ كۆرۈنۈشلەر بولىدىكەن، كىنونىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى، سەنئەت قىممىتى زور تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

تۆتىنچى، كىنو ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش ئىپادىلەش ۋاستىسى ۋە ئىپادىلەش قانۇنىيىتىگە ئىگە. ئۇنىڭدىكى ئەڭ ئاساسلىق ئىپادىلەش ۋاستىسى «كۆرۈنۈش»تىن ئىبارەت. بىر كىنو نۇرغۇن كۆرۈنۈشلەردىن تەركىب تاپىدۇ. ھەربىر كۆرۈنۈش باش تېما ئېھتىياجىغا بويسۇنىدۇ.

بەشىنچى، كىنونىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى بەدىئىي قۇراشتۇرۇش ياكى مونتاژ قىلىشتىن ئىبارەت. مونتاژ قىلىش دېگىنىمىز، كىنودىكى ھەربىر كۆرۈنۈشلەرنى باش تېمىنىڭ ئېھتىياجى ئاساسىدا مۇۋاپىق تەشكىللەشتىن ئىبارەت. مونتاژ قىلغاندا توقۇنۇشلارنى مەركەزلەشتۈرگىلى، پېرسوناژلار ئوبرازىنى تېخىمۇ ياخشى گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ.

### 59. كىنو سېنارىيىسى يېزىشقا قانداق تەلەپ قويۇلىدۇ؟

جاۋاب: كىنو سېنارىيىسى تىل سەنئىتىگە مەنسۇپ بىر خىل ژانىر بولۇپ، ئۇ باشقا ئەدەبىيات ژانىرلىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كىنو سەنئىتىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن يېزىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ كىنو سەنئىتىنىڭ ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق يېزىلىشى لازىم. كىنو سېنارىيىسى يېزىشقا مۇنداق تەلەپلەر

قويۇلىدۇ:

بىرىنچى، كىنودىكى ئوبرازلار كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق يارىتىلىدۇ. كىنودىكى ئوبرازلار كىشىلەرنىڭ كۆرۈش سەزگۈسى ئارقىلىق ئىگىلەنگەچكە، كىنودىكى ھەربىر كۆرۈنۈشلەر جانلىق، روشەن، كونكرېت تەسۋىرلىنىشى كېرەك. شۇڭا سېنارىيە يازغۇچى تېگىشلىك بولمىغان ئابستراكت بايانلارنى قىسقارتىشى لازىم.

ئىككىنچى، كىنو سېنارىيىسىدە پېرسوناژلار ھەرىكىتى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىشى لازىم. چۈنكى پېرسوناژ ھېسسىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەر، پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ تەرەققىياتى ھەرىكەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، كىنودا ۋەقەلەر كونكرېت ھەرىكەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا كىنو سېنارىيىسىدىكى دىئالوگ ۋە مونولوگلار چوڭقۇر مەنىلىك، ئىخچام تەسۋىرلىنىشى، ھەرىكەت كۆپ، گەپ ئاز، ئەمما ساز بولۇشى لازىم.

تۆتىنچى، كىنو سېنارىيىسىدە كومپوزىتسىيە ئىخچام، سيۇژېت مۇكەممەل تەشكىللىنىشى لازىم. كىنو ۋاقىت چەكلىمىسىگە ئىگە بولغاچقا، كىنو سېنارىيىسىدىكى پېرسوناژلار، ۋەقەلەر يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلۈشى، باش ـ ئاخىرى زىچ ماسلاشقان بولۇشى، باشلىنىشى ئالاھىدە، يېشىمى تەبىئىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى كېرەك.

# V باب ئىجادىيەت ئۇسۇلى، بەدىئىي ئۇسلۇب، ئەدەبىي ئېقىم

**1. ئىجادىيەت ئۇسۇلى دېگەن نېمە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارىخىدا قانداق ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى بارلىققا كەلگەن؟**

جاۋاب: يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشنى تونۇشىدىن تارتىپ تاكى بەدىئىي ئوبراز يارىتىپ، تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشكىچە بولغان جەريانلارنىڭ ھەممىسىدە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك تۈپ پرىنسىپ ۋە ئۇسۇللارنىڭ يىغىندىسى ئىجادىيەت ئۇسۇلى دېيىلىدۇ.

يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئەمەل قىلىدىغان پرىنسىپ ۋە ئۇسۇللىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقى سەۋەبلىك ئىنسانلار ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارىخىدا رېئالىزم، رومانتىزم، ناتۇرالىزم، كلاسسىزم، سىمۋولىزم، كەلگۈسىزم، مودېرنىزم (ھازىرقى زامانچىلار)، سۇررېئالىزم (رېئاللىقتىن ھالقىغۇچىلار)، ئەسكىتىزم (گۈزەللىك قوغلاشقۇچىلار)، دېكادىنتىلىق (چۈشكۈنلۈكنى قوغلاشقۇچىلار)… قاتارلىق ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى مەيدانغا كەلگەن.

**2. ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلەش ئۇسۇلى قانداق پەرقلىنىدۇ؟**

جاۋاب: ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىر ـ بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. ئىجادىيەت ئۇسۇلى ناھايىتى كەڭ چۈشەنچە بولۇپ، ئۇ يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتىگە باشتىن ـ ئاخىر يېتەكچىلىك قىلىدىغان تۈپ پرىنسىپ بولۇپ، تۇرمۇش بىلەن سەنئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىش، رېئاللىقنى قايسى خىل يول بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش، بەدىئىي ئوبرازلارنى قايسى خىل

شەكىلدە يارىتىش قاتارلىق مەسىلىلەردە باشقۇرۇش رولىغا، دەۋرچانلىق ھەم سىنىپىيلىك خاراكتېرگە ئىگە.

ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولسا بەدىئىي ئوبراز يارىتىشتا تىلنى قانداق قوللىنىش، كومپوزىتسىيىنى قانداق تەشكىللەش، پېرسوناژ، شارائىتلارنى قانداق تەسۋىرلەش، ۋەقەلەرنى قانداق بايان قىلىش، لىرىكىنى بەدىئىي ئوبرازنىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرىگە قانداق تەبىئىي سىڭدۈرۈش، ئىستىلىستىك ۋاستىلەردىن قانداق پايدىلىنىش، قىسقىسى بەدىئىي ئوبرازنى قانداق قىلىپ گۈزەل ھەم مۇكەممەل يارىتىشقا مۇناسىۋەتلىك بەدىئىي ماھارەت مەسىلىسىدىن ئىبارەت. ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى قويۇق ۋارىسچانلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇ دەۋر ھەم سىنىپىي چەكلىمىلەرگە ئۇچرىمايدۇ.

### 3. ئىجادىيەت ئۇسۇلى قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

جاۋاب: ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە:

بىرىنچى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئىجتىمائىيلىققا، دەۋرچانلىققا ئىگە. چۈنكى، ھەرقانداق بىر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى بەلگىلىك ئىجتىمائىي رېئاللىق ۋە بەلگىلىك پەلسەپىۋى مەنبە ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. ئوخشاشمىغان دەۋر، ئوخشاشمىغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئاستىدا ئوخشاشمىغان ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى شەكىللىنىدۇ.

ئىككىنچى، ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى ئەمەلىيەتچانلىققا ۋە ۋارىسچانلىققا ئىگە. ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەمەلىيىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى، ساۋاقلىرىنى ئۆگىنىش، يەكۈنلەش، توپلانغان تەجرىبىلەرنى قايتا ـ قايتا ئەمەلىيەتتە سىناق قىلىش ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. شۇنداقلا ھەرقايسى دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنىڭ ياخشى ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش، تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلىش، نۇقسانلارنى ئۆزگەرتىش، كەم تەرەپلەرنى تولۇقلاش

ئاساسىدا تەرەققىي قىلىدۇ، مۇكەممەللىشىدۇ.

ئۈچىنچى، ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە. ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشى ياكى تەرەققىياتىنى ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەر كۈرىشى، قارىمۇقارشى ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى، شۇنداقلا ھەرخىل ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنىڭ بىر - بىرىگە بولغان تەسىرى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## 4. رېئالىزم دېگەن نېمە، بۇ ئاتالغۇنى تۇنجى قېتىم كىم ئوتتۇرىغا قويغان؟

جاۋاب: «رېئالىزم» دېگەن ئاتالغۇ «ئەمەلىيەتكە يېقىن»، «ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، رېئال تۇرمۇشنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى بويىچە بەدىئىي ئوبراز يارىتىش ئارقىلىق ۋەقە، ھادىسىلەرنى پەردازسىز، ھەققىي ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇللىرى ۋە پرىنسىپلىرىنىڭ يىغىندىسى رېئالىزم دېيىلىدۇ.

«رېئالىزم» دېگەن ئاتالغۇنى تۇنجى قېتىم گېرمانىيىلىك فىردرىخ شىللېر 1795 - يىلى «ساددا شېئىر ۋە ھەسرەتلىك شېئىر» دېگەن ماقالىسىدە ئوتتۇرىغا قويغان.

## 5. رېئالىزمچىلىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى قانداق تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن؟

جاۋاب: رېئالىزمچىلىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئۆز تەرەققىياتىدا ئۈچ باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەن:

بىرىنچى، ساددا رېئالىزم. بۇ ئاساسەن ئىپتىدائىي جەمئىيەت ۋە قۇللۇق جەمئىيەت ئەدەبىياتىدا ئىپادىلەنگەن رېئالىزمچىلىق روھ ۋە رېئالىزملىق ئامىللارغا قارىتىلغان. ساددا رېئالىزمنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا ئادەملەرنىڭ ئەمگەك، تۇرمۇش، تەبىئەت ۋە ئۆز دۈشمەنلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت، كۈرەشلىرى

ئاددىي ھەم ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئىككىنچى، مۇكەممەل، پىشقان رېئالىزم. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانلارنى فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئېلىپ كىردى. فېئوداللىق ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى رېئالىزملىق خاھىش تەرەققىي قىلىپ مىلادىيە ئوتتۇرا ئەسىرگە كەلگەندە مۇكەممەل، پىشقان رېئالىزملىق ئەسەرلەر كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى. بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن رېئالىزملىق ئەسەرلەردە كىشى قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدىغان رېئالىستىك بەدىئىي ئوبرازلار يارىتىلىپ، مۇكەممەل، قايىل قىلارلىق ھېكايە سيۇژىتلىرى تەسۋىرلىنىپ، رېئاللىق چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلدى. بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ قۇرۇلمىلىرى زىچ، پۇختا، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ۋە ۋاسىتىلىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان. بۇ دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن دانتىنىڭ «تەڭرى كومېدىيىسى»، سىرۋتېسنىڭ «دونكىخوت»، شېكسپىرنىڭ دراممىلىرى مۇكەممەل، پىشقان رېئالىزملىق ئەسەرلەردۇر.

ئۈچىنچى، تەنقىدىي رېئالىزم. فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، فېئوداللىق تۈزۈم چىرىكلەشتى، فېئودااللار ئۆز ئەيش - ئىشرىتى ئۈچۈن خەلقنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە تالان - تاراج قىلدى. بۇ مەزگىلدە ئىسلاھات ئىدىيىسىگە ئىگە بىر قىسىم ئىلغار پىكىرلىك يازغۇچى - شائىرلار خەلققە ھېسداشلىق قىلىپ، جەمئىيەتتىكى رەزىللىكلەرنى، ئادەملەردىكى يامان ئىللەتلەرنى پاش قىلدى، قامچىلىدى. مەسىلەن، نەۋائىي «پەرھاد - شېرىن» داستانىدا خۇسراۋ ئوبرازى ئارقىلىق زالىم، ئاچكۆز، قارانىيەت، تاجاۋۇزچى پادىشاھلارنى شەپقەتسىز قامچىلىسا، ھېيلىگەر موماي ئوبرازى ئارقىلىق ساختىپەزلىك بىلەن كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىدىغان رەزىللىكلەرنى قاتتىق قامچىلايدۇ. XIX ئەسىرگە كەلگەندە تەنقىدىي رېئالىزم گۈللىنىپ، ياۋروپادا بىر تۈركۈم تەنقىدىي رېئالىزملىق يازغۇچىلار مەيدانغا كېلىپ، كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن جەبىر - زۇلمى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى.

## 6. رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى قانداق؟

جاۋاب: بىرىنچى، يۇكسەك دەرىجىدىكى چىنلىقنى ئىپادىلەيدۇ. چىنلىقنى ئىپادىلەش رېئالىزمنى باشقا ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىدىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدىغان ئاساسلىق بەلگە. چۈنكى، رېئالىزم رېئاللىقنى ئەسلىي قىياپىتى بويىچە تەسۋىرلەپ، رېئال چىنلىقنى گەۋدىلەندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يەردىكى ئەسلىي قىياپەت ياكى رېئال چىنلىق يازغۇچىنىڭ باي، مۇرەككەپ، ئوبيېكتىپ تۇرمۇش ماتېرىياللىرىغا قارىتا رېئاللىقنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش، پىششىقلاش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلگەن بەدىئىي قىياپەت ياكى بەدىئىي چىنلىقنى كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچى، يۇكسەك دەرىجىدە تىپىكلەشتۈرىدۇ. تىپىكلەشتۈرۈش بەدىئىي ئوبراز يارىتىشتىكى ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە، شۇڭا رېئالىزمدا يازغۇچىلار تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى چىڭ تۇتۇپ تىپىكلەشتۈرۈپ، تىپىك شارائىتتا ھەرىكەت قىلىدىغان تىپىك پېرسوناژلار خاراكتېرىنى كونكرېت تەسۋىرلەپ، ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىقتا ۋە يۇكسەك ئومۇملۇقتا ئىگە بەدىئىي ئوبراز يارىتىدۇ. بەدىئىي ئوبرازنىڭ تىپىكلىككە ئىگە بولۇش - بولماسلىقى رېئالىزم بىلەن ناتۇرالىزمنىڭ تۈپ پەرقى ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى يۇكسەك دەرىجىدىكى ئوبيېكتىپلىق، كونكرېتلىق ۋە تارىخىيلىققا ئىگە. رېئالىزمنىڭ ئوبيېكتىپلىقى دېگىنىمىز، رېئالىستىك يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئىپادىلىگەندىن سىرت، ئۇنى شەيئىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ھالدا كونكرېت تارىخىي ئاساستا تەسۋىرلىشى، شۇنداقلا يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشقا قارىتا كونكرېت تونۇشى ۋە باھاسىغا قارىتىلىدۇ. رېئالىزمنىڭ تارىخىيۋىلىكى دېيىلگەندە، رېئالىزملىق ئەسەرلەرنىڭ رېئاللىقنى

تارىخىي جەھەتتىنمۇ ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئوقۇرمەنلەرنى تارىخىي بىلىملەر بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

تۆتىنچى، رېئالىزمدا يازغۇچىنىڭ بەدىئىي غايىسى رېئالىستىك پېرسوناژ ۋە كۆرۈنۈشلەر تەسۋىرى ئارقىلىق تەبىئىي ئىپادىلىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەرقانداق يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش تەسىراتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن گۈزەللىك غايىسى بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ گۈزەللىك غايىسىنى ياكى سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنى رومانتىزملىق ئەسەرلەردىكىدەك غايىۋى شەكىللەر بىلەن ئىپادىلىمەستىن، بەلكى ئۆزى ياراتقان رېئالىستىك پېرسوناژ ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوبيېكتىپ مۇناسىۋەتلەر تەسۋىرىگە سىڭدۈرۈپ ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات ياكى گۈزەللىك غايىسى تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ئىچىگە تەبىئىي سىڭدۈرۈۋېتىلىدىغان بولسا، رېئالىزمنىڭ چىنلىقنى ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكىگە، يەنى رېئالىزمنىڭ رېئاللىقنى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن تەسۋىرلەش پرىنسىپىغا مۇخالىپ بولمايدۇ.

## 7. ناتۇرالىزم قانداق ئىجادىيەت ئۇسۇلى؟

جاۋاب: ئىنسانلارنى تەبىئىي، فىزىئولوگىيىلىك تەرەققىيات نۇقتىسىدىن كۆزىتىدىغان، ھاياتنى خۇددى سۈرەت تارتقاندەك پاكىت تەرىقىسىدە ئىپادىلەشنى، شەيئىلەرنى تاشقى كۆرۈنۈش ياكى ئۇششاق تەپسىلاتلار بويىچە ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، شەيئى، ھادىسىلەرنى ئىجتىمائىي، ئىستېتىكا جەھەتتىن كۆزىتىشكە، سەنئەتنىڭ ھادىسىدىن ماھىيەتكە، ئايرىملىقتىن ئومۇملۇققا ئۆتۈشتەك تىپىكلەشتۈرۈش پرىنسىپىغا قارشى تۇرىدىغان بىر خىل پاسسىپ ئىجادىيەت ئۇسۇلى.

## 8. رېئالىزم بىلەن ناتۇرالىزمنىڭ قانداق پەرقى بار؟

جاۋاب: ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق مۇنداق:

بىرىنچى، ناتۇرالىزم رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە تەبىئىي

پەنلەرگە ئوخشاش تەجرىبىچىلىك پوزىتسىيە بويىچە مۇئامىلە قىلىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ ئاناتومىيىلىك، فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتىنى چىڭ تۇتۇپ كۆزىتىدۇ ۋە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرىگە ئېتىبار قارايدۇ. ئايرىملىققىلا ئېتىبارسىز بېرىپ تەسۋىرلەيدۇ. شۇڭا، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ.

رېئالىزمدا چىنلىقنى تەكىتلەيدۇ. يەنى بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش، مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدىغان، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان بەدىئىي چىنلىقنى تەكىتلەيدۇ.

ئىككىنچى، ناتۇرالىزم تىپىكلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇش، پىششىقلاپ ئىشلەشتىن ۋاز كېچىپ، خۇددى ناتۇرال سانلارنى قاتارىغا تىزىپ قويغاندەك، كۆرگەن، بىلگەن ماتېرىياللارنى شۇ پېتىچە ئەينەن تەسۋىرلەيدۇ.

رېئالىزمدا بولسا يۈكسەك دەرىجىدىكى تىپىكلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تىپىك شارائىتتا ھەرىكەت قىلىدىغان پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، ناتۇرالىزمدا يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپچانلىق رولىنى، يەنى يازغۇچىلارنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىگە سىڭدۈرىدىغان سۇبيېكتىپ غايىسىنى چەتكە قاقىدۇ.

رېئالىزمدا بولسا بەدىئىي ئوبرازنى ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپنىڭ بىرلىكى دەپ قارىغاچقا، يازغۇچىنىڭ ئۆزى ياراتقان پېرسوناژ ھەم ۋەقەلەر تەسۋىرىگە ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ غايىسىنى تەبىئىي ھالدا سىڭدۈرۈپ ئىپادىلەشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

**9. رومانتىزم دېگەن نېمە، نېمە ئۈچۈن رومانتىزم XIX ئەسىردە ئاندىن بىر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولۇپ شەكىللەندى؟**

جاۋاب: باي تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ يۈكسەك غايىۋى ھېسسىياتنى

ئىپادىلەيدىغان، غايىۋى ئوبرازلارنى يارىتىپ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇللىرىنىڭ يىغىندىسى رومانتىزم دېيىلىدۇ.

XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇرژۇئازىيە قاتلىمى ئىقتىسادىي جەھەتتىن زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، فېئوداللىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ تېزلىتىش ئۈچۈن جىددىي كۈرەشكە ئاتلاندى. ئۇلار بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي كۈچىنى تېخىمۇ مۇبالىغە قىلىپ، زورايتىپ كۆرسىتىپ، مەنىۋى جەھەتتىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلپىگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان فېئودال كۈچلەرنى تىترەتمەكچى بولدى. بۇ چاغدا ياۋروپادا بىر تۈركۈم تەرەققىيپەرۋەر بۇرژۇئا يازغۇچىلىرى مەيدانغا كېلىپ، دەۋر ھەم بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ تەلپىنى ئەكس ئەتتۈردى. شۇنىڭ بىلەن رومانتىزملىق ئەسەرلەر كۆپلەپ مەيدانغا كېلىپ، فېئوداللىق تۈزۈم ۋە ئىلاھىيەتچىلىكنىڭ نوپۇزىغا قارشى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن رومانتىزم پۈتۈن ياۋروپا خاراكتېرلىك ئەدەبىيات ھەرىكىتى بولۇپ شەكىللەندى.

## 10. رومانتىزمنى خاراكتېر جەھەتتىن قانداق بۆلۈشكە بولىدۇ؟

جاۋاب: رومانتىزمنى خاراكتېرىگە ئاساسەن ئاكتىپ رومانتىزم ۋە پاسسىپ رومانتىزم دەپ ئىككىگە ئايرىشقا بولىدۇ. ئاكتىپ رومانتىزم ئىنسانلارنىڭ رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش، ئۆز غايىسىدىكىدەك گۈزەل دۇنيا قۇرۇش ئىستىكىنىڭ ئىنكاسى. گەرچە رومانتىزملىق غايە تۇرمۇشتىن يىراقتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىنسانلارنىڭ رېئال تۇرمۇش ئاساسىدا پەيدا بولغان تۇيغۇ ـ تەسىراتىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، يەنىلا ئوقۇرمەنلەرنىڭ سۇبيېكتىپ غايىسى ياكى رېئاللىق ھەققىدىكى پىسخىك پائالىيەت مەنتەقىسىگە ئۇيغۇنلىشالايدۇ. شۇڭلاشقا ئاكتىپ رومانتىزملىق ئەسەرلەر كىشىلەرنىڭ ھاياتقا بولغان ئىنتىلىش، ياشاشقا بولغان ئىرادىسىنى كۈچەيتىش، ئۆزىنىڭ كۈچ

- قۇدرىتىنى تونۇشىغا، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ. كىشىلەرنى دۇنيانى ئۆز خاھىشى بويىچە ئۆزگەرتەلەيدىغان غايەت زور روھىي قۇۋۋەتكە ئىگە قىلىدۇ.

پاسسىپ رومانتىزم بولسا زاۋاللىققا يۈز تۇتقان، رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشكە ئەمەلىي ئىقتىدارى يەتمىگەن، نادان، قالاق، قابىلىيەتسىز، تەركىدۇنياچىلار قاتلىمىنىڭ رېئاللىققا بولغان تونۇشىنىڭ ئىنكاسى. يەنى ئۇ سۇبيېكتىپ ئىدېئالىستىك قاراشنىڭ، ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك ۋە قۇرۇق خىيالپەرەسلىكنىڭ مەھسۇلى. شۇڭا، بۇنداق رومانتىزم كىشىلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ، ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، غەيرىتىنى بوشاشتۇرىدۇ، تەركىدۇنياچىلىق يولىغا باشلايدۇ. شۇ ئارقىلىق تارىخ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

## 11. ئاكتىپ رومانتىزمنىڭ ئىجادىيەت پرىنسىپى نېمە؟

جاۋاب: ئاكتىپ رومانتىزم يازغۇچىلاردىن ئىلغار دۇنيا قاراشتا تۇرۇپ، باي تەپەككۇر، دادىل مۇبالىغە، يانار تاغدەك قايناق ھېسسىيات، ئاجايىپ ۋە پەۋقۇلئاددە سيۇژېت، ئالاھىدە خاراكتېر ئارقىلىق رېئال تۇرمۇشتا ھازىرغىچە بولۇشى ناتايىن بولغان قىياسەن بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ غايىسىدىكى گۈزەل تۇرمۇش كارتىنىسىنى ئىپادىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

## 12. ئاكتىپ رومانتىزمنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق؟

جاۋاب: ئاكتىپ رومانتىزمنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى مۇنداق:

بىرىنچى، رېئاللىقتا تېخى بولمىغان، لېكىن بولۇشقا تېگىشلىك ۋە بولۇش ئېھتىمالى بولغان غايىۋى تۇرمۇش كارتىنىسى تەسۋىرلىنىپ، غايىۋى ئوبرازلار يارىتىلىدۇ. بۇنىڭدا ئاپتورنىڭ رېئاللىقنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كەتكەن كۈچلۈك ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، غايىسى ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل غايە ۋە كۈچلۈك ھېسسىيات ئوخشاشلا رېئاللىقنىڭ ئىنكاسىنىڭ

مەھسۇلى بولۇپ، يەنىلا رېئال تۇرمۇشنى ئۆزىنىڭ كېلىش مەنبەسى قىلىدۇ.

ئىككىنچى، ئاكتىپ رومانتىزمدا ھەيران قالارلىق تەسەۋۋۇر، پەۋقۇلئاددە مۇبالىغە، ئاجايىپ - غارايىپ سيۇژىت ۋە ئالاھىدە خاراكتېرلار تەسۋىرلىنىدۇ. ئوبراز سۈرەتلەش ۋاقىتدا تۇرمۇشنىڭ ئەسلى شەكلى، ۋاقىت، ئورۇن قاتارلىقلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. يارىتىلغان پېرسوناژلار خاراكتېرى ئالاھىدە بولۇپ، ئۇلار يۇكسەك ئىقتىدارلىق، مەڭگۇ يېڭىلمەس قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. قوللانغان مۇبالىغە ۋە تەسەۋۋۇر، توقۇلغان ئاجايىپ - غارايىپ سيۇژىتلار ئالاھىدە خاراكتېرلىك پېرسوناژنى گەۋدىلەندۇرۇپ، يازغۇچىنىڭ غايىسى تولۇق ئىپادىلەنگەنگە قەدەر كۆچەيتىلىدۇ.

ئۈچىنچى، ئاكتىپ رومانتىزمدا ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. بۇنىڭدا ئاپتورنىڭ غايىۋى تۇرمۇشقا بولغان قىزغىنلىقى، ئىزدىنىشى، رەزىللىككە بولغان قارشىلىقى ئالاھىدە خاراكتېرلىك پېرسوناژلار ئوبرازى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەچكە، ئەنە شۇ ئالاھىدە خاراكتېرلىك پېرسوناژلار ئۆزلىرىگە ماس كەلگۈدەك ئىنتايىن كۈچلۈك ھېسسىياتنى ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، يازغۇچى دائىم پېرسوناژلارنىڭ تىلىنى جۇشقۇن، ھاياجانلىق، دەبدەبىلىك، ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ھېسسىياتىنى پېرسوناژلار تىلى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ چوڭقۇر ئىپادىلەيدۇ.

## 13. مودېرنىزم قانداق ئىجادىيەت ئۇسۇلى؟

جاۋاب: مودېرنىزم ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات - سەنئەت قاراشلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان، يېڭىچە پەلسەپىۋى قاراش، ئەدەبىيات قارىشى ۋە ئېستېتىك قاراشلار بويىچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھازىرقى زامانچىلار ئەدەبىيات ئېقىملىرىنىڭ ئومۇمىي نامى.

مودېرنىزم XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا راۋاجلىنىشقا باشلاپ، XX ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا تازا گۈللەنگەن خەلقئارالىق ئەدەبىي ئېقىمغا ئايلانغان. ئۇ سىمۋولىزم، سۇررېئالىزم، فوتورىزم، ئاڭ ئېقىمى، رايومىر، مەۋجۇدىيەتچىلىك، بىمەنىچىلىك، ئېكسپېرسىيونىزم، دېكادېنتلىق قاتارلىق خىلمۇخىل ئەدەبىي ئېقىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مودېرنىزملىق ئەدەبىيات كۆپ خىل ئەدەبىي ئېقىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغان ئىجادىيەت ئۇسۇلى. بىر قىسىم مودېرنىزملىق ئەسەرلەردە غەرب جەمئىيىتىدىكى غەيرىي ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ غەيرىي نورمال ھالىتى، چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى ئېچىپ بېرىلگەن. كاپىتالىزمغا بولغان نارازىلىق ئىپادىلەنگەن. بەزى ئەسەرلەردە ھەرخىل ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن قوللىنىپ، مەلۇم ئىستېتىكا ساھەسىنى ئېچىپ بەرگەن. بەدىئىي ئوبراز يارىتىش، بەدىئىي شەكىل جەھەتلەردە بەزى قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى ياراتقان بولسىمۇ، لېكىن يەنە بەزى مودېرنىزملىق ئەسەرلەردە نوقۇل ھالدا شەخسىيەتچىلىكنى تەرغىب قىلىدىغان، جەمئىيەتكە قارشى خاھىشنى ئىپادىلەيدىغان، ئۆزىنى ئىپادىلەش ياكى ئۆزىنى ماختاشنى ئاساس قىلىدىغان، شەھۋانىيلىق، قاتىللىق، زوراۋانلىق قاتارلىق يامان ئىللەتلەرنى تەرغىب قىلىدىغان مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن. بۇ خىل ئەھۋاللارغا قارىتا ئىلمىي پوزىتسىيىدە تۇرۇپ، قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك تەرەپلەرنى قوبۇل قىلىشىمىز، رەت قىلىشقا تېگىشلىك تەرىپىنى رەت قىلىشىمىز لازىم.

## 14. مودېرنىزمنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق؟

جاۋاب: ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى مۇنداق:

بىرىنچى، ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتە، مودېرنىزم ئادەم بىلەن جەمئىيەت، ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن تەبىئەت ۋە ئادەم بىلەن ئۇنىڭ ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردە شەكىللەنگەن ئېغىر

ھالدىكى ياتلىشىش ۋە ياتلىشىش پەيدا قىلغان روھىي بۆلگىنىش، روھىي بۇرمىلىنىشلار، ئۇمىدسىزلىك، تەركىدۇنياچىلىق، ئىنكارچىلىق قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئىككىنچى، سەنئەت قارىشى جەھەتتە، مودېرنىزمچىلار سۇبيېكتىپنى تەكىتلەپ «ئۆز» نى ئىپادىلەيدۇ. «ئۆز» نى ئىپادىلەشنى رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن قارىمۇ قارشى قىلىپ قويىدۇ. رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە قارشى تۇرىدۇ. شەكىل دېمەك مەزمۇن دېمەكتۇر، دەپ قاراپ، بىر تەرەپلىمە ھالدا شەكىل قوغلىشىدۇ. بارلىق ئېسىل ئەنئەنىلەرنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدۇ. تۇغما ئاڭ، بىۋاستە سېزىمنى تەكىتلەپ، ئەقىل ـ ئىدراكنىڭ رولىنى ئىنكار قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە، مودېرنىزمچىلار ئوبيېكتىپ ھادىسىلەرنى بۇرمىلاپ كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنى گەۋدىلىك ئىپادىلەيدۇ. ئىدىيىنى ئوبرازلاشتۇرۇش، ئەركىن تەسەۋۋۇرنى كۆپ قوللىنىدۇ. بايان ئۇسۇلىنى قوللىنىشتا يازغۇچى بىۋاستە بايان قىلىدىغان ۋە باھا بېرىدىغان ئۇسۇل قوللانماي، بەلكى ئوبراز ئارقىلىق بېشارەت بېرىش، سىيلىشتۇرما ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈش، سىمۋول ئارقىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ.

### 15. سوتسىيالىستىك رېئالىزم دېگەن نېمە؟

جاۋاب: رېئاللىقنى چىن، تارىخىي، كونكرېت تەسۋىرلەش، رېئاللىقنى ئىنقىلاب تەرەققىياتى جەريانىدىن تەسۋىرلەش ئۇسۇللىرىنىڭ يىغىندىسى سوتسىيالىستىك رېئالىزم دېيىلىدۇ.

### 16. سوتسىيالىستىك رېئالىزمنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي، ئىدىيىۋى ئاساسى نېمە؟

جاۋاب: سوتسىيالىستىك رېئالىزم ئىلگىرىكىلەر قالدۇرۇپ كەتكەن ئەنئەنىۋى رېئالىزمنىڭ سوتسىيالىستىك دەۋردىكى

تەرەققىياتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش جەريانىدىكى ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىدىن ئىبارەت. ئەنئەنىۋى رېئالىزمنىڭ تەجرىبىلىرىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش ئۇنىڭ تارىخىي ئاساسى. ماركسىزم، لېنىنىزملىق نۇقتىئىنەزەرنى يېتەكچى قىلىش ئۇنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى.

## 17. سوتسىيالىستىك رېئالىزم قانداق شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان؟

جاۋاب: 1848 ـ يىلى «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، پرولېتارىيات ئىنقىلابى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن گېرمانىيە، ئەنگلىيىلەردە ئىشچىلارنىڭ «ئىنتېرناتسىئونال»غا ئوخشاش جەڭگىۋار شېئىرلىرى مەيدانغا كەلدى. 1905 ـ يىلى روسىيىدە ئىشچىلارنىڭ كاپىتالىزمغا قارشى ئىنقىلابى پارتلىدى. شۇ يىلى لېنىن «پارتىيە تەشكىلاتى ۋە پارتىيە ئەدەبىياتى» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلدى. 1906 ـ يىلى ماكسىم گوركىي «ئانا» رومانىنى ئېلان قىلدى. شۇ مەزگىللەردە سىرافىموۋىچنىڭ «تۆمۈر ئېقىم»، ماياكوۋسكىينىڭ «لېنىن»، «ياخشى»، فادىيېۋنىڭ «تارمار» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ، روسىيە سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. بۇ ئەھۋال سوتسىيالىستىك رېئالىزمنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىدىيىۋى ئاساسىنىڭ ھازىرلىنىشى ئىدى.

1928 ـ يىلىغا كەلگەندە، سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە مۇھاكىمە باشلاندى. 1932 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى «ئەدەبىيات گېزىتى»، «سوتسىيالىستىك رېئالىزم» دېگەن ئاتالغۇنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ يىلى كۈزدە ستالىن سوتسىيالىستىك رېئالىزمنى سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلى قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. 1934-يىلى

سوتسىيالىستىك رېئالىزم سوۋېت يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسىگە كىرگۈزۈلدى. «4 - ماي» دىن كېيىن سوتسىيالىستىك رېئالىزم جۇڭگوغا كىردى.

## 18. سوتسىيالىستىك رېئالىزمنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق؟

جاۋاب: سوتسىيالىستىك رېئالىزمنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنداق:

بىرىنچى، سوتسىيالىستىك رېئالىزمدا رېئاللىق ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدىن تارىخىي، كونكرېت ۋە چىنلىق بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. شەيئىلەر هامان ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىي قىلىش هالىتىدە تۇرىدۇ. شۇڭا سوتسىيالىستىك رېئالىزم كىشىلىك تۇرمۇشنى تۇرغۇن هالەتتە تەسۋىرلىمەي، رېئاللىققا يۈزلىنىپ، رېئاللىقتىكى هەرخىل مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنى تۇرمۇشنىڭ تەرەققىياتى، شەيئىلەر مۇناسىۋىتىدىكى ئوبيېكتىپ تەرەققىيات قانۇنىيىتى نۇقتىسىدا تۇرۇپ، يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇپ ۋە تىپىكلەشتۇرۇپ، چىنلىق بىلەن كونكرېت ئەكس ئەتتۇرۇش كېرەك.

ئىككىنچى، سوتسىيالىستىك رېئالىزمدا ئەمگەكچى خەلقنى سوتسىيالىستىك روھ ۋە كوممۇنىزملىق ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. پرولېتارىيات سەنئەتكارلىرىنىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىن مەقسىتى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۈرەش، تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەپ، ئۇلارنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئىپادىلەش ھەمدە ئۇلارنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى ساغلام ئىدىيە ۋە كوممۇنىستىك ئەخلاقىي پەزىلەت بىلەن تەربىيىلەش، خەلقنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشىگە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت.

ئۈچىنچى، سوتسىيالىستىك رېئالىزمدا ئىنقىلابىي رومانتىزم مۇھىم تەركىبىي قىسىم قىلىنىدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيەت ئەزالىرى رېئاللىقنى هۆرمەت قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ

كەلگۈسىگە بولغان رومانتىك غايىسىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق يازغۇچىلارمۇ ئىنسانلارنىڭ گۈزەل غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلغۇچى پىداكارلاردۇر. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىنى گۈزەل غايە شەربىتى بىلەن سۇغىرىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆز ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق كەلگۈسىنى كۆرسىتىپ، كىشىلەرنىڭ يۈكسەك غايىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

تۆتىنچى، سوتسىيالىستىك رېئالىزم سوتسىيالىزم يېڭى دەۋردە مەيدانغا كەلگەن قەھرىمانلار ئوبرازىنى، يەنى سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە پرولېتارىيات قەھرىمانلىرىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۇنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ تەسۋىرلەيدۇ.

## 19. نېمە ئۈچۈن رېئالىزم بىلەن رومانتىزم ئاساسلىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ؟

جاۋاب: بىرىنچى، رېئاللىقتا غايەت زور مىقداردىكى ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ھادىسىلەر مەۋجۇت، شۇنداقلا ئاشۇ ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ھادىسىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىمۇ مەۋجۇت. ئىنسانلار قەدىمدىن ھازىرغىچە ناھايىتى كۆپ ساندىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئەنە شۇ ئوبيېكتىپ شەيئى، ھادىسىلەرنى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوبيېكتىپ مۇناسىۋەتلەرنى ئاساس قىلىپ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈردى. بۇ رېئالىزمنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارىخىدا ئاساسلىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى دەپ قارىلىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى.

ئىككىنچى، رېئاللىقتىكى شەيئى، ھادىسىلەر دائىم ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا تەسىر قىلىپ، ئۇلاردا يېڭى ۋە گۈزەل ئارمانلارنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ. ئىنسانلاردىكى ئەنە شۇنداق گۈزەل غايىنى ئەكس ئەتتۈرۈش رومانتىزمنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىدۇر. ئىنسانىيەت ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ زور بىر قىسمى قەدىمدىن ھازىرغىچە ئەنە شۇنداق يۈكسەك غايىنى ئەكس

ئەتتۇرۇشنى ئىجادىيەت مەقسىتى قىلىپ كەلدى. مانا بۇ رومانتىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ ئاساسلىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى ھېسابلىنىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى.

## 20. دۇنيا قاراش دېگەن نېمە، ئۇ قانداق قاراشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: دۇنيا قاراش ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىنسان تەپەككۇرى توغرىسىدىكى ئومۇمىي چۈشەنچىسى ۋە تۈپ نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ يىغىندىسىدۇر. دۇنيا قاراش پەلسەپىۋى قاراش، ئىقتىسادىي قاراش، گۈزەللىك قارىشى، ئەخلاق قارىشى، سىياسىي قاراش، دىنىي قاراش، كىشىلىك قاراش... قاتارلىق كۆپ خىل قاراشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەلسەپىۋى قاراش ھەممىسىگە نىسبەتەن يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

## 21. دۇنيا قاراش بىلەن ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟

جاۋاب: بىرىنچى، دۇنيا قاراش ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى بەلگىلەيدۇ. دۇنيا قاراشنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى بەلگىلەيدىغانلىقى ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. (1) دۇنيا قاراش يازغۇچىلارنىڭ قانداق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى تاللىشى ۋە قوللىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى بەلگىلەيدۇ. (2) دۇنيا قاراش ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ خاھىشىنى بەلگىلەيدۇ. يەنى باش تېمىنى قانداق بېكىتىش، ئوبرازنى قانداق يارىتىش، قايسى خىل ئىدىيىنى ئىپادىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. (3) شەيئىلەر ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. جۇملىدىن كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. دۇنيا قاراشتىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش مۇقەررەر ھالدا ئىجادىيەت مېتودىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئىككىنچى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە. دۇنيا قاراش ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى بەلگىلىسىمۇ، لېكىن ئىجادىيەت

ئۇسۇلىمۇ دۇنيا قاراشقا نىسبەتەن نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭ نىسپىي مۇستەقىللىقى تۆت جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. (1) ئىجادىيەت ئۇسۇلى دۇنيا قاراشقا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. ئىلغار ئىجادىيەت ئۇسۇلى ھەتتا يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشىدىن ھالقىپ، ئۇنىڭ رېئاللىقنى توغرا ئەكس ئەتتۇرۇشىگە ياردەم بېرىدۇ. (2) ئىجادىيەت ئۇسۇلى يازغۇچىنىڭ دەسلەپكى ئىجادىي پىكىرلىرىدە سادىر بولغان خاتالىقلارنى تۈزىتىدۇ، يەنى دەسلەپكى رېئاللىقنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولمىغان پىكىرلىرىنى ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىش شەرتى ئاستىدا رېئاللىققا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىدۇ. (3) ئوخشاش ياكى ئوخشاشراق دۇنيا قاراشتىكى يازغۇچىلار ئوخشاشمىغان ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپمۇ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ. (4) ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ نىسپىي مۇستەقىللىقى كۈچلۈك ۋارىسچانلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا دۇنيا قاراشتا زور ئۆزگىرىشلەر بولسىمۇ، لېكىن بەزى ئىلغار ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولماسلىقى مۇمكىن. مەسىلەن، رېئالىزم نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بولسىمۇ، ھازىرمۇ كىشىلەر ئۇنى قوللىنىدۇ. لېكىن، نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى.

**22. بەدىئىي ئۇسلۇب دېگەن نېمە، ھەرقانداق يازغۇچى بەدىئىي ئۇسلۇبقا ئىگە بولامدۇ؟**

جاۋاب: بەدىئىي ئۇسلۇب دېگىنىمىز بىر يازغۇچىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىگە ئىزچىل ھالدا تەبىئىي سىڭدۇرۇلگەن روشەن ۋە بەلگىلىك مۇقىملىققا ئىگە ئىجادىيەت خاسلىقى، ياكى يازغۇچىنىڭ روھىي ئىندىۋىدۇئاللىقىنىڭ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇن ئامىلى ھەم شەكلىي ئامىللىرىنىڭ بىرلىكىدە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشىدۇر.

ھەرقانداق يازغۇچى بەدىئىي ئۇسلۇبقا ئىگە بولمايدۇ. پەقەت ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بىر قەدەر پىشىپ يېتىلگەن مۇنەۋۋەر يازغۇچىلارلا

ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇبقا ئىگە بولغان بولىدۇ. تېخى تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان، ئۆزىگە ئىجادىيەت يولى شەكىللەندۇرمىگەن يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە مۇستەقىل بەدىئىي ئۇسلۇب ئىپادىلەنمەيدۇ. بەدىئىي ئۇسلۇب دېگەن ئاتالغۇنى كونكرېتلاشتۇرۇپ يازغۇچى ئۇسلۇبى، ئەسەر ئۇسلۇبى، مىللىي ئۇسلۇب، سىنىپ ئۇسلۇبى، دەۋر ئۇسلۇبى، ئېقىم ئۇسلۇبى دەپ قوللىنىشقا بولىدۇ. ھەرقانداق ئۇسلۇب كونكرېت يازغۇچىلار ئۇسلۇبى ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ.

## 23. ئۇسلۇب تەتقىقاتىنىڭ قانداق رولى بار؟

جاۋاب: بىرىنچى، ئۇسلۇب تەتقىقاتى يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت يولىنى، ئىزدىنىشىنى، بەدىئىي ماھارىتىنى ئىگىلىشىمىزگە، شۇنداقلا ھەرقايسى دەۋرلەر ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇن ھەم شەكىل جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، ئىجتىمائىي تەسىرىنى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

ئىككىنچى، ئۇسلۇب تەتقىقاتى ھەرخىل يازغۇچىلارنىڭ، مىللەتلەرنىڭ، دەۋرلەرنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىشكە، ئەدەبىياتنىڭ تەربىيىۋى رولى ۋە ئېستېتىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ زوقلىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق.

ئۈچىنچى، ئۇسلۇب تەتقىقاتى كۆپ خىل ئۇسلۇبتىكى يازغۇچىلار ۋە ئەسەرلەرنىڭ بەس ـ بەس بىلەن بارلىققا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىغا پايدىلىق.

## 24. بەدىئىي ئۇسلۇب قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

جاۋاب: بىرىنچى، بەدىئىي ئۇسلۇب خاسلىققا ياكى ئىجادچانلىققا ئىگە بولىدۇ. ئۇسلۇبنىڭ خاسلىقى ياكى ئىجادچانلىقىنى ھەربىر يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس مىجەز ـ خاراكتېرى، قابىلىيىتى،

تەربىيىلىنىشى، قىزىقىشى، ئىجادىيەت ئادىتى، ئىدىيە ـ قاراشلىرى شەكىللەندۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇسلۇب دېگەن ئاتالغۇ ئىجادىيەت خاسلىقى ياكى ئىجادىيەت ئىندىۋىدۇئاللىقى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىككىنچى، بەدىئىي ئۇسلۇب كۆپ خىللىقتا ئىگە بولىدۇ. ئۇسلۇبتىكى كوپ خىللىقنى ئەدەبىيات ئەكس ئەتتۇرىدىغان ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ كۆپ خىللىقى، شۇنداقلا ھەربىر مىللەت، دەۋر، ئېقىملارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇشى، ھەربىر يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئۇيى ۋە ئىجادىيەت ئادىتىگە ئىگە بولۇشتەك كۆپ خىللىق ۋە مۇرەككەپلىك شەكىللەندۇرىدۇ.

ئۈچىنچى، بەدىئىي ئۇسلۇب بەلگىلىك مۇقىملىق ياكى ئىزچىللىقتا ئىگە بولىدۇ. ئىزچىللىق بەدىئىي ئۇسلۇبنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىدىن بىرى. بىرەر يازغۇچى ياكى بىرەر ئېقىمنىڭ كۆپ ساندىكى ئەسەرلىرىدە باشقا يازغۇچىلار ياكى ئېقىملارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئوخشىمايدىغان، پەقەت ئۆزىگىلا خاس بولغان بىر قاتار ئىجادىيەت ئىندىۋىدۇئاللىقى ئىزچىل ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپالىسا، ئاندىن شۇ يازغۇچى ياكى شۇ ئېقىم ئۆز ئۇسلۇبىغا ئىگە بولغان بولىدۇ.

تۆتىنچى، بەدىئىي ئۇسلۇب ئۆزگىرىشچانلىقتا ئىگە بولىدۇ. ئۆزگىرىشچانلىق شەيئى ـ ھادىسىلەر تەرەققىياتىدىكى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت، شۇنداقلا نىسپىي تۇراقچانلىق. شەيئىلەرنىڭ مەلۇم مەزگىل ئۆز سۈپىتى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمۇ ئوبيېكتىپ ئەھۋال. بەدىئىي ئۇسلۇبمۇ نىسپىي تۇراقچانلىق ئىچىدە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. يازغۇچىلارنىڭ دۇنيا قارىشى، تۇرمۇش شارائىتى، ئىجادىيەت ئۇيى قاتارلىقلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبىمۇ ئۆزگىرىپ بارىدۇ.

بەشىنچى، بەدىئىي ئۇسلۇب ئورتاقلىقتا ياكى بىردەكلىككە ئىگە بولىدۇ. بىر مىللەتكە تەۋە يازغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، شۇ مىللەتكە تەۋە نۇرغۇن يازغۇچىلار ئۆز مىللىتىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى، غايىسى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، گۈزەللىك ئۆلچىمى ۋە ئەخلاق قارىشى

ئاساسىدا بەدىئىي ئوبراز يارىتىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىدا پۈتۈن مىللەتكە ئورتاق بولغان ئالاھىدىلىكلەر ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، ئۇسلۇبتىكى ئورتاقلىقنى شەكىللەندۇرىدۇ. مانا بۇ بىر مىللەتكە تەۋە كۆپ خىل ئۇسلۇبلۇق يازغۇچىلارنىڭ ئۇسلۇبلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن پۈتۈن مىللەتكە ئورتاق بولغان مىللىي ئۇسلۇبتۇر. دەۋر ئۇسلۇبى سىنىپ ئۇسلۇبى، شۇ دەۋر، شۇ ئېقىم يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت خاسلىقلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن سىنىپنىڭ، دەۋرنىڭ، ئېقىمنىڭ ئۇسلۇبىدىكى ئورتاقلىق ياكى بىردەكلىكتىن ئىبارەت.

## 25. ئۇسلۇبنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئوبيېكتىپ ئامىللار قايسى؟

جاۋاب: بىرىنچى، ئىجتىمائىي تارىخىي شارائىت. يەنى دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇسلۇبنىڭ شەكىللىنىشىدىكى بىر ئوبيېكتىپ سەۋەب. ھەرقانداق يازغۇچى بەلگىلىك تارىخىي دەۋردە، بەلگىلىك شارائىتتا ياشايدۇ ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يازغۇچىنى ئوراپ تۇرغان ئىجتىمائىي شارائىت ئۇنىڭ قىزىقىشى، ئىجادىيەت ئويى، ئىجادىيەت تېمىلىرىغىچە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئەنە شۇ ئىجتىمائىي، تارىخىي شارائىت ياكى دەۋر روھى بىلەن يۇغۇرۇلغان بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىشقا يېتەكلەيدۇ. بۇ خىل ئوبيېكتىپ ئەھۋال ئاخىرقى ھېسابتا دەۋر ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۇرىدۇ.

ئىككىنچى، سىنىپىي خاراكتېر ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەت. سىنىپىي جەمئىيەتتە يازغۇچىلار مەلۇم سىنىپ ياكى قاتلامغا مەنسۇپ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز سىنىپى ۋە قاتلىمىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مەنپەئەتى تەرەپتە تۇرۇشى ئوبيېكتىپ ئەھۋال. شۇڭا، يازغۇچىلار تونۇسۇن ياكى تونۇمىسۇن ئۇلار ئۆز ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق ئۆز سىنىپى ياكى قاتلىمى تەرەپتە تۇرماسلىقى، ئۆز سىنىپىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئەھۋال سىنىپ ئۇسلۇبىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، مىللىي ئالاھىدىلىك، مىللىي پەرق ئۇسلۇبنىڭ شەكىللىنىشىدىكى يەنە بىر ئوبيېكتىپ سەۋەب. ھەرقانداق يازغۇچى ئۆز ئىجادىيىتىدە ئالدى بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ تۇرمۇش مەزمۇنىنى مەنبە قىلىدۇ. ئۇلار ھامان ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات ئەنئەنىسى ۋە بەدىئىي زوقلىنىش ئادىتى، بەدىئىي قىزىقىشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتى ئۆزىگە خاس مىللىي پۇراقتا، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، باشقا مىللەت ئەدەبىياتىغا ئوخشاشمايدىغان مىللىي ئۇسلۇبنى شەكىللەندۈرىدۇ.

## 26. ئۇسلۇبنىڭ شەكىللىنىشىدىكى سۇبيېكتىپ ئامىل قايسى؟

جاۋاب: بىرىنچى، يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇسلۇبنىڭ شەكىللىنىشىدىكى بىر سۇبيېكتىپ سەۋەب. يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى توغرا بولسا، رېئاللىقنى توغرا ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەكسىچە بولسا، بۇرمىلاپ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ھەر خىل يازغۇچىلارنىڭ رېئاللىقنى تونۇشى، يارىتقان بەدىئىي ئوبرازى، بولۇپمۇ ئەسەردە ئىپادىلەنگەن ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، ئارزۇ ـ غايىسى ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى بۇ خىل ئوخشاشماسلىق بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىغان، ھەتتا بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان بەدىئىي ئۇسلۇبلارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

ئىككىنچى، يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى، بەدىئىي قىزىقىشى، خاراكتېرى، تەربىيىلىنىشى، سۆيۈنۈشى ۋە ئادىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى سۇبيېكتىپ ئامىللار ئۇسلۇبنىڭ شەكىللىنىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان تۈپ سەۋەبتۇر.

## 27. يازغۇچى ئۇسلۇبى قايسى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

جاۋاب: يازغۇچى ئۇسلۇبى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇن ۋە

شەكلىي ئامىللىرىدا ئىپادىلىنىدۇ.

بىرىنچى، بەدىئىي ئۇسلۇب تېما تاللاشتىكى ئىزچىللىقتا ئىپادىلىنىدۇ. يەنى بەزى يازغۇچىلار ئىزچىل يېزا تېمىسىنى تاللايدۇ. بەزىلەر مۇھەببەت تېمىسىنى، بەزىلەر بولسا پەن ـ تېخنىكا تېمىسىنى تاللاپ ئەسەر يازىدۇ.

ئىككىنچى، بەدىئىي ئۇسلۇب باش تېمىنىڭ خاراكتېرى يەنى يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشىنىڭ ئىزچىللىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. مۇنەۋۋەر يازغۇچىنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئۆزى ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىدىغان مەلۇم مۇھىم بىر ئىجتىمائىي مەسىلە بولىدۇ. مەسىلەن، تولستوينىڭ «قەبىھلىككە زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك» خاھىشى، ئا. پ. چېخوپنىڭ «خەلقنىڭ قايغۇسىغا ئېچىنىشنى ئىپادىلەش» خاھىشى ئۇلارنىڭ كۆپ ساندىكى ئەسەرلىرىدە ئىزچىل هالدا ئىپادىلەنگەن.

ئۈچىنچى، بەدىئىي ئۇسلۇب ئىجادىيەت مېتودىنى تاللاش، قوللىنىش جەھەتتىكى ئىزچىللىقتا ئىپادىلىنىدۇ. بەزى يازغۇچىلار رومانتىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى، بەزى يازغۇچىلار رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. مەسىلەن، شېكسپىر رېئالىزمچى، شىللېر رومانتىزمچى. لۇشۈن رېئالىزمچى، گومورو رومانتىزمچى. رېئالىزمچى يازغۇچىلار دائىم رېئاللىقنىڭ ئەسلى شەكلىگە ئاساسەن، رېئال تۇرمۇش مەنتەقىسىگە ئۇيغۇن ھەرىكەت قىلىدىغان بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتسا، رومانتىزمچى يازغۇچىلار ئىزچىل ھالدا رېئاللىقنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى ۋە تۇرمۇش مەنتەقىسىدىن ھالقىپ كەتكەن غايىۋى شەكىل ئارقىلىق ئوبراز يارىتىدۇ.

تۆتىنچى، بەدىئىي ئۇسلۇب بەدىئىي ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلىدىكى ئىزچىللىقتا ئىپادىلىنىدۇ. بىر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىدىغان يازغۇچىلارنىڭ ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلى بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. مەسىلەن، رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىدىغان يازغۇچىلاردىن بىرى پېرسوناژنىڭ پسىخىك تەسۋىرى ئارقىلىق خاراكتېر يارىتسا، يەنە بىرى ھەرىكەت تەسۋىرىنى

مەركەزلىك قوللىنىپ خاراكتېر يارىتىشى مۇمكىن.

بەشىنچى، ئۇسلۇب ئەدەبىي ئەسەر تىلىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بەزى يازغۇچىلار ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە ئىنچىل هالدا ئۆتكۈر، يۇمۇرلۇق، قىزىق، كۈلكىلىك تىل قوللانسا، بەزىلەرنىڭ تىلى هەيۋەتلىك، رەڭدار، مەردانە، ئاچچىق ۋە قاتتىق بولۇشى مۇمكىن. بۇمۇ يازغۇچى ئۇسلۇبىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. بىز بۇ خىل پەرققە ئاساسەن يازغۇچىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرىمىز.

ئالتىنچى، بەدىئىي ئۇسلۇب ژانىر تاللاش، ئەسەر قۇرۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى هەم ۋاستىلىرىنى قوللىنىش قاتارلىق جەهەتلەردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، بەزى يازغۇچىلار ئىنچىل هالدا هېكايە يازسا، بەزىلەر كومېدىيە يازىدۇ. بەزىلەر هېكايىنى ئوڭ بايان ئارقىلىق باشلىسا، بەزىلەر تەتۈر بايان شەكلى بىلەن باشلايدۇ. بەزىلەر سىمۋول ۋاستىسىنى كۆپ قوللانسا، بەزىلەر جانلاندۇرۇش ۋاستىسىدىن كۆپرەك پايدىلىنىدۇ. بەزىلەر قىسقا، ئەپچىل قۇرۇلمىلىق ئەسەرلەرنى كۆپرەك يازسا، بەزىلەر چوڭ هەجىملىك، مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق ئەسەرلەرنى يازىدۇ. يازغۇچىلاردىكى بۇ خىل ئۆزگىچىلىكلەر ئۇسلۇبنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىشىدۇر.

## 28. بەدىئىي ئۇسلۇبنىڭ ئورتاقلىقتا ياكى بىردەكلىككە ئىگە بولۇشىنىڭ كونكرېت سەۋەبلىرى قايسى؟

جاۋاب: بىرىنچى، سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ هەرقايسى تارىخىي باسقۇچلىرىدا هۆكۈمران سىنىپلار جەمئىيەتنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىشىنى كونترول قىلىپلا قالماي، بەلكى مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىمۇ كونترول قىلىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ۋە بەدىئىي ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان مەلۇم خىل بەدىئىي ئۇسلۇبنى قوللايدۇ، تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەكسىچە بولغانلىرىنى چەكلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شۇ سىنىپ يازغۇچىلىرىنىڭ

ئۇسلۇبىدا مەلۇم ئورتاقلىق، بىردەكلىك شەكىللىنىدۇ.

ئىككىنچى، مەلۇم مىللەت ياكى ئېقىمغا تەۋە يازغۇچىلاردا دۇنيا قاراش، تۇرمۇش تەجرىبىسى، ئىجادىيەت مەقسىتى، بەدىئىي قىزىقىشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئوخشاش تەرەپلەر بولىدۇ. ئەنە شۇ ئوخشاشلىققا ئىگە بىر تۈركۈم يازغۇچىلار تاللىۋالغان ئىجادىيەت ئۇسۇلى، قوللانغان بەدىئىي شەكلى، ئەكس ئەتتۈرگەن تېمىلىرى تىلى ۋە باشقا جەھەتلەردە بەلگىلىك ئورتاقلىقنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇسلۇبتىكى ئورتاقلىق ياكى بىردەكلىكتىن ئىبارەت.

ئۈچىنچى، بەلگىلىك تارىخىي دەۋرلەردە جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەسىرىدە جەمئىيەت ئەزالىرى، دەۋر ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەلۇم ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قارىتا جەمئىيەت ئەزالىرى ۋە دەۋرنىڭ ئورتاق تەلەپ، مەقسەتلىرى بارلىققا كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بىر تۈركۈم يازغۇچىلار مەلۇم ئوخشاش شەكىل ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق دەۋرنىڭ ئورتاق تەلىپىنى، خەلقنىڭ ئورتاق ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەنە شۇ خىل يازغۇچىلارنىڭ ئۇسلۇبىدا ئوخشاشلىق ۋە بىردەكلىك شەكىللىنىدۇ.

## 29. ئەدەبىي ئېقىم دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىدىيىۋى مايىللىقى، ئەدەبىيات - سەنئەت قارىشى، بەدىئىي ئۇسلۇبى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە بەدىئىي قىزىقىشلىرى ئوخشاش ياكى ئوخشىشىپراق كېتىدىغان يازغۇچىلار گۇرۇھى ياكى يازغۇچىلار كوللېكتىپى ئەدەبىي ئېقىم دېيىلىدۇ.

ئەدەبىي ئېقىم — ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتىدا شەكىللىنىدىغان، ئۇسلۇب بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەم ئۇنىڭدىن پەرقلىنىدىغان بىر خىل ئالاھىدە ئەدەبىيات - سەنئەت ھادىسىسى.

## 30. ئەدەبىي ئېقىمنىڭ شەكىللىنىش ئۇسۇلى ۋە مەۋجۇت

**بولۇپ تۇرۇش شەكىللىرى قانداق؟**

جاۋاب: بىرىنچى، بەزى ئەدەبىي ئېقىملار ئورتاق ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشەببۇسى، ئورتاق ئىدىيىۋى خاھىشى ۋە بەلگىلىك نامى بولغان ئەدەبىي ئېقىم سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، ئۆز تەركىبىدىكى يازغۇچىلارنى ئاڭلىق ھالدا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مەلۇم ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇلار يەنە ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشەببۇسى ۋە ئىدىيىۋى خاھىش جەھەتتە ئۆزى بىلەن ئوخشاش بولمىغان ئەدەبىي ئېقىملار بىلەن مۇنازىرە ئېلىپ بارغان. بۇ خىل ئېقىملارنىڭ يەنە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە يازغۇچىلىرى ۋە نەزەرىيىچىلىرى بولغاندىن سىرت، ئۆز ئەزالىرىنى تەربىيىلەش، ئېقىمنى زورايتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان مەخسۇس ژۇرناللىرىمۇ بولغان.

ئىككىنچى، بەزى ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى، نامى، ئورتاق ئەدەبىيات تەشەببۇسى ۋە ئورتاق ئىدىيىۋى پروگراممىسى بولمىغان، باشقۇرغان ژۇرناللىرىمۇ بولمىغان. ئۇلار پەقەت بەدىئىي ئۇسلۇبى، ئېستېتىك قىزىقىشلىرى، ئىجتىمائىي غايىسى، بەدىئىي سۆيۈنۈشى ئوخشاشراق بولغان يازغۇچىلارنىڭ ئۆزئارا ھۆرمەتلىشىشى، ئۆزئارا قوللىشى، ئۆزئارا مۇشائىر بولۇشۇش ئارقىلىق ئىختىيارسىز ھالدا تەبىئىي شەكىللىنىپ قالىدىغان ئەدەبىي ئېقىملاردۇر. بۇنداق ئېقىمدىكىلەر ئۆزلىرىنى مەلۇم ئېقىمغا تەۋە دەپ قارىمايدۇ. كېيىنكىلەر ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇلارغا ئۆزىگە لايىق نام بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، بەزى ئەدەبىي ئېقىملار تەشكىللىك، پىلانلىق، ئاڭلىق ئاساستا تەشكىللەنمىسىمۇ، لېكىن بەزى ۋەكىللىك خاراكتېرلىك يازغۇچىلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئىجادىيىتى ياكى نەزەرىيىۋى قاراشلىرىنى ئۈلگە قىلىش، ئۇنى مەركەز قىلىش ۋە تارقىتىش ئاساسىدا تەبىئىي شەكىللىنىپ قالىدىغان ئەدەبىي ئېقىملار. بۇ خىل ئېقىملارنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى، باشقۇرغان ژۇرناللىرى ۋە نامىمۇ بولمايدۇ. بۇلارغىمۇ كېيىنكىلەر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق لايىق نام

قويۇپ، ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى خۇلاسىلىگەن. مەسىلەن، فرانسىيە كلاسسىزم ئېقىمى بۇۋاللۇنىڭ كلاسسىزم ئەدەبىياتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ يازغان «شېئىرىيەت سەنئىتى» ناملىق كىتابىنى مۇقەددەس بىلىپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ نەزەرىيىۋى قاراش مىزانى قىلىشقان.

## 31. ئەدەبىي ئېقىم قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

جاۋاب: ئەدەبىي ئېقىم تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، ئەدەبىي ئېقىم كۆپ تەرەپلىمە ئورتاقلىققا ئىگە بولىدۇ. يەنى ئورتاق بەدىئىي قىزىقىش، ئىدىيىۋى خاھىش، ئوخشاش بەدىئىي ئۇسلۇب ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇلىغا ئىگە بولغان يازغۇچىلار ئەدەبىي ئېقىمنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ. ئورتاقلىق ياكى ئوخشاشلىق ئەدەبىي ئېقىمنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى. مەلۇم ئورتاقلىق بولمىسا ئەدەبىي ئېقىم بولمايدۇ.

ئىككىنچى، ئەدەبىي ئېقىمغا تەۋە يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئاڭلىق ياكى ئىختىيارسىز تۈردە مەلۇم مەزھەپ ياكى مەلۇم تەشكىلاتنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەلۇم پىكىر ئېقىمى ياكى مەزھەپ شەكىللەندۈرمىگەن يازغۇچىلارنىڭ يەككە ـ يېگانە ئەدەبىي پائالىيەتلىرى ئېقىم شەكىللەندۈرەلمەيدۇ.

ئۈچىنچى، ئەدەبىي ئېقىم ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە. مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان ياكى ئۇزاق مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئەدەبىي ئېقىم بولمايدۇ. ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە بولۇشى ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ ئۈزلۈكسىز يېتىلىنىپ، ئۆزگىرىپ ماڭىدىغان تەرەققىيات قانۇنىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

تۆتىنچى، ئەدەبىي ئېقىم يېڭىچە سەنئەت قارىشىغا ياكى تەرەققىيات يۆزلىنىشىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىدا بارلىققا كەلگەن ئەدەبىي ئېقىملار ئۆزىدىن ئىلگىرى مەيدانغا كەلگەن ئېقىملارنىڭ قاراشلىرىنى ئىنكار قىلىش ياكى ئۇنىڭغا قارىتا مەلۇم ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش ئاساسىدا

شەكىللىنىپ، يېڭىچە ئەدەبىيات قاراشلىرىغا ۋەكىللىك قىلغان.

## 32. ئەدەبىي ئىقىمنىڭ ئىجتىمائىي رولى قانداق؟

جاۋاب: بىرىنچى، ئەدەبىي ئىقىملار ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى، بولۇپمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئىلغار ئىدىيىۋى خاھىش، ئىلغار سەنئەت تەشەببۇسى ئارقىلىق ئىلغار كۈچلەرگە ۋەكىللىك قىلىپ، شۇ ئىقىمدىكى يازغۇچىلارنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى، كوللېكتىپچانلىقىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتتىكى رىقابەتچانلىقىغا ئىلھام بېرىپ، ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ، شۇ ئارقىلىق شۇ دەۋر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشىگە ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچى، ئەدەبىي ئىقىملار يازغۇچىلارنىڭ سەنئەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇشى، يېڭىلىشى، شۇ ئارقىلىق بەدىئىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشى، چېنىقىشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى سان، سۈپەت جەھەتتىن يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرىدۇ. يازغۇچىلارنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ياردەم بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەدەبىي ئىقىملار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا رىقابەت، مۇنازىرە ۋە كۈرەشلەر، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ۋە ۋارىسلىق قىلىشلار ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىلمىنى بېيىتىدۇ. ئەدەبىيات تېمىلىرىنى كېڭەيتىدۇ، ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

# VI باب ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى، ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىنى يارىتىش

## 1. ئەدەبىياتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىك دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ھەرقايسى مىللەت ئەدەبىياتىدا ئىپادىلىنىدىغان، باشقا مىللەت ئەدەبىياتىغا ئوخشاشمايدىغان، باشقا مىللەت ئەدەبىياتىدا بولمايدىغان ئۆزىگە خاس مىللىي خۇسۇسىيەتلەر ئەدەبىياتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىك دېيىلىدۇ.

ئەدەبىياتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىك شۇ مىللەت خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئەڭ توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ، شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ، شۇ مىللەت خەلقىنىڭ بەدىئىي تەلىپىنى قاندۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتى. شۇڭا ئەدەبىياتنى مىللىيلاشتۇرۇش لازىم.

## 2. ئەدەبىياتنى مىللىيلاشتۇرۇش دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئەدەبىياتنى مىللىيلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مىللىيلاشتۇرۇش دېگەن نېمە؟ دېگەن مەسىلىنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مىللىيلاشتۇرۇش مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئۆزىگە خاس ماددىي ۋە مەنىۋى مۇناسىۋەتلىرىنى ياكى مىللەتلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ جارى بولۇشىنى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش دېگەنلىك.

ئەدەبىياتنى مىللىيلاشتۇرۇش دېگىنىمىز، ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بەدىئىي شەكىل ھەم

ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئالاھىدە مىللىي پۇراق، يەرلىك تۈسكە، مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە قىلىش دېگەنلىكتۇر. بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىش - گۈللىنەلمەسلىكى ئۇنىڭ مىللىيلىشىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

## 3. ئەدەبىياتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن مىللىي ئۇسلۇبنى قانداق پەرقلەندۈرىمىز؟

جاۋاب: ئەدەبىياتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن مىللىي ئۇسلۇب ھەم ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك، ھەم پەرقلىق بولغان ئىككى ئۇقۇم. ئەدەبىياتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىك بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر مىللەت ئەدەبىياتىغا ئوخشىمايدىغان، پەقەت ئۆزىگىلا خاس بولغان ئالاھىدىلىكىنى ياكى بەلگىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئالاھىدىلىك ياكى بۇنداق بەلگە ئەنە شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلى، ئىدىيۋىلىكى بىلەن بەدىئىيلىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە روشەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكى بىلەن مىللىي ئۇسلۇبىنى ئوخشاش دەپ قاراشقا، ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە ياكى بىرىنى يەنە بىرىنىڭ ئورنىغا قويۇشقا قەتئىي بولمايدۇ. بىلىش كېرەككى، دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى ئوخشاشمىغان دەرىجىدە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل مىللىي ئالاھىدىلىكلەر ئىنتايىن مەركەزلەشكەن ھەمدە راۋاجلىنىپ، پىشىپ - يېتىلگەن، ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن باسقۇچقا يەتكەندىلا، ئاندىن مىللىي ئۇسلۇب بولۇپ شەكىللىنەلەيدۇ.

## 4. ئەدەبىياتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ قانداق

ئەھمىيىتى بار؟

جاۋاب: بىرىنچى، مىللىي ئالاھىدىلىكنى تەتقىق قىلىش مىللىي ئەدەبىياتنى گۈللەندۈرۈپ، شۇ مىللەت خەلقىنىڭ بەدىئىي تەلىپىنى قاندۇرىدۇ. ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش مۇھىتى، تۇرمۇش شەكلى، ئۆرپ - ئادىتى، ئەخلاق - پەزىلىتى، ئارزۇ - غايىسى بولىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەتتە ئەنە شۇنداق مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش مەزمۇنىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە شۇ مىللەتنىڭ بەدىئىي تەلىپىنى قاندۇرۇشنىڭ، شۇنداقلا شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم شەرتى ۋە ياخشى ئۇسۇلى. شۇڭا ھەربىر سەنئەتكار ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى پىششىق ئۆگىنىشى، چوڭقۇر تەتقىق قىلىشى ۋە ئۇنى ئۆزى ياراتقان بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈشى لازىم.

ئىككىنچى، ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت تەرەققىياتى، ئۆرپ - ئادىتى، تۇرمۇش مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلەپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىش ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى مىللىي ئەنئەنە تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، مىللىي خاراكتېر، مىللىي روھ ۋە مىللىي ئىشەنچنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. توغرا، ساغلام بولغان مىللىي ئادەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە جارى قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ.

## 5. ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدىغان مۇھىم ئامىللار قايسى؟

جاۋاب: ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئامىللار مەزمۇن جەھەتتىن مىللىي خاراكتېر، مىللىي تۈس، مىللىي تېمىنى، شەكىل جەھەتتىن مىللىي تىل،

ژانىر ۋە بەدىئىي ماھارەت قاتارلىق ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**6. مىللىي خاراكتېر نېمىگە قارىتىلغان؟ ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق؟**

جاۋاب: مىللىي خاراكتېر ئالدى بىلەن شۇ مىللەتنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتى، ئارزۇ - غايىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، شۇ مىللەتنىڭ تۇرمۇش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان پېرسوناژلار ئوبرازىغا قارىتىلىدۇ. ئەدەبىياتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىكنى تەتقىق قىلغاندا ئالدى بىلەن پېرسوناژ خاراكتېرىدىكى پسىخىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ شۇ مىللەتنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىگەن ياكى ئىپادىلىمىگەنلىكىگە قارايمىز. شۇڭا، يازغۇچىلار ئوبراز ياراتقاندا، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى شۇ مىللەتكە خاس مىللىي روھ بىلەن سۇغىرىپ، ئۆزى تاللىغان ئوبرازلىق كۆرۈنۈشلەرگە (ۋەقە، شارائىت، مەنزىرە) مىللىي تۈس بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن بەدىئىي ئوبرازغا شۇ مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى سىڭدۇرۇپ، شۇ مىللەتنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى ۋە زوقلىنىش ئادىتىنى جانلىق ئىپادىلەپ، شۇ مىللەتكە خاس تۇرمۇش كارتىنىسىنى سىزىپ چىقىدۇ.

مىللىي خاراكتېر مىللىي تۈسكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە نىسپىي ئورتاقلىققا ياكى بىردەكلىككە ئىگە بولىدۇ. يەنى بىر مىللەت ئىچىدىكى ھەرقايسى تەبىقە - سىنىپ ئادەملىرى ھېسسىيات جەھەتتە بىردەك بولمىسىمۇ، لېكىن ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا (دۆلەت، مىللەت خەۋپكە دۇچ كەلگەندە) ئۇلار ھېسسىيات جەھەتتە ئورتاقلىشىدۇ. بۇنداق شارائىتتا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىدىكى پەرق كىچىكلەپ، دۆلەت ۋە مىللەت مەنپەئىتى چىقىش قىلىنىپ، مىللىي خاراكتېر نىسپىي ئورتاقلىققا ئىگە بولىدۇ.

مىللىي خاراكتېر يۇكسەك دەرىجىدە ئىلھاملاندۇرۇش كۈچىگە

ئىگە بولۇپ، مىللىي خاراكتېر روشەن ھەم گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەر شۇ مىللەت خەلقىگە بەدىئىي زوق ۋە روھىي ئىلھام بەخش ئېتىپلا قالماي، باشقا مىللەت كىشىلىرىگىمۇ بەدىئىي زوق بەخش ئېتەلەيدۇ.

## 7. مىللىي تۇس مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۇرۇشتە قانداق رول ئوينايدۇ؟

جاۋاب: مىللىي تۇس — ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىگە خاس بولغان تۇرمۇش ئۇسۇللىرى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدۇر. ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆرپ ـ ئادەت، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، ئۇسۇللىرى، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئۆي سەرەمجان، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلاردىكى مىللىي پۇراق، يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىي تۇس ئەدەبىي ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ تىلى، تەقى ـ تۇرقى، ھەرىكىتى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى سيۇژېت تەرەققىياتى ۋە ئۇلارنى ئوراپ تۇرغان شارائىت قاتارلىق ئوبرازلىق كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق ئىپادىلەنگەن مىللىي تۇس ئەدەبىياتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىپ، مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۇرۇشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، تۇردى سامساقنىڭ «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» رومانىدا بېرىلگەن مۇنۇ تەسۋىرنى كۆرۈپ باقايلى: «ئۇشتۇمتۇت قاتتىق قاچ ـ قاچ بولۇپ، ھېيتگاھ مەيدانى قىيا ـ چىياغا تولۇپ كەتتى. ناۋايلارنىڭ تەۋەككۈلىرى ئۆرۈلۈپ گىردىلەر كىشىلەرنىڭ ئايىغىدا غىلدىرلاپ يۈرەتتى. باققاللارنىڭ يېمىشلىرى دەسسىلىپ، لەگپۇڭچىلارنىڭ غالتەكلىرى غولاپ، كاۋاپچىلارنىڭ چوغلىرى ۋە باشقىلىرىمۇ چېچىلماقتا ئىدى. » بۇ تەسۋىردىن قايسى مىللەتكە خاس مىللىي تۇس ئىپادىلىنىپ، قايسى مىللەتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى كۆرسىتىلگەنلىكىنى بىلمەك تەس ئەمەس.

## 8. مىللىي تېما دېگەن نېمە، مۇھىم مەزمۇنى قايسىلار؟

جاۋاب: بىر مىللەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ مەزمۇنى ھېسابلىنىدىغان ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولغان شەيئى ـ ھادىسىلەردىن تاللانغان ماتېرىيال مىللىي تېما دېيىلىدۇ. مىللىي تېما مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرىدىغان يەنە بىر مۇھىم ئامىل. ئۇنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى مۇنداق:

بىرىنچى، مىللەتلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە تەبىئىي شارائىتى. بۇ مىللەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش شەكىللىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئىككىنچى، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك زور ۋەقەلەر، زور مەسىلىلەر، زور دىنىي، سىياسىي ئىسلاھاتلار، مىللىي ئازادلىق كۈرەشلىرى، مىللىي قەھرىمانلار، ئاتاقلىق شەخسلەر.

ئۈچىنچى، مىللەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت، تۇرمۇش شەكلى، پسىخىك ئالاھىدىلىكى، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئەخلاق ـ پەزىلىتى، دىنىي ئېتىقادى، كىيىنىش، ئوزۇقلىنىش، يۈرۈش ـ تۇرۇش، گەپ ـ سۆز، ھەۋەسى قاتارلىقلار.

مىللىي تېما مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مۇھىم ئامىل بولسىمۇ، لېكىن بىردىنبىر ئامىل ئەمەس. چۈنكى، بەزى يازغۇچىلار يات ئەللەرنىڭ تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەپمۇ ئۆزىنىڭ، ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي خاراكتېرىنى، ئۆز مىللىتىنىڭ ئارزۇ ـ غايىسىنى ئىپادىلەۋېرىدۇ. مەسىلەن، «يىراق قىرلاردىن ئانا يۇرتقا سالام» دېگەن ئەدەبىي ئاخبارات بىلەن «يىراق يۇرتقا مۇھەببەت» ناملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى بۇنىڭ ياخشى مىسالى.

## 9. مىللىي تىل مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈشتە قانداق رول ئوينايدۇ؟

جاۋاب: مىللىي تىل ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدىغان شەكلىي ئامىل. مىللىي تىل مىللىي تۇرمۇش مەنزىرىسى ۋە مىللىي خاراكتېرنى ئەڭ روشەن

ۋە جانلىق ئىپادىلەپ، مىللىي تېمىنى تەپسىلىي ۋە جانلىق ئېچىپ بېرىپ، ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئۇ مىللىي ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ ياخشى قۇرۇلۇش ماتېرىيالىدۇر.

مىللىي تىلنى شۇ مىللەت خەلقى ئوڭاي چۈشىنەلەيدۇ ۋە قوبۇل قىلالايدۇ. بىر مىللەتنىڭ ھەرقايسى قاتلام كىشىلىرى ئورتاق چۈشىنەلەيدىغان ئورتاق ئەدەبىي مىللىي تىلى بولغاندىلا ھەممە ئورتاق ئەدەبىي مىللىي تىلدىن پايدىلىنىپ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغاندىلا، ئاندىن شۇ مىللەت ئەدەبىياتى ھەقىقىي گۈللەپ ياشنىيالايدۇ. ئەگەر مىللىي تىل بەلگىلىك توسالغۇغا ئۇچرايدىغان بولسا، شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىمۇ توسالغۇغا ئۇچرايدۇ.

دىققەت قىلىش كېرەككى، مىللىي تىل ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان بىر شەكلىي ئامىل بولسىمۇ، ئۇنىڭغا تايىنىپلا مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولمايدۇ. مىللىي تىل پەقەت مىللىي تۇرمۇش تېمىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلغاندىلا، ئاندىن مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئامىلغا ئايلىنىدۇ. مىللىي تىل مىللىي ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلەيدىغان بىردىنبىر ئامىل ئەمەس. چۈنكى، باشقا مىللەت تىلىنى قوللىنىپمۇ مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، نەۋائىيمۇ نۇرغۇن ئەسەرلىرىنى پارس تىلىدا يېزىپ، يەنىلا ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىگەن. بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ خەنزۇ تىلىدا ئەسەر يېزىپ يەنىلا ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەۋېرىدۇ.

### 10. ژانىر ۋە ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈشتە قانداق رول ئوينايدۇ؟

جاۋاب: مىللىي ئالاھىدىلىك ژانىرلارنى قوللىنىش، كومپوزىتسىيە ئورۇنلاشتۇرۇش، بەدىئىي ۋاسىتىلەرنى تاللاپ قوللىنىش قاتارلىق تەرەپلەردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ژانىر جەھەتتىن

ئېيتقاندا، بەزى ژانىرلار بەزى مىللەتلەردە بولسا، بەزى مىللەتلەردە يوق. مەسىلەن، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان مىللەتلەردە دراما ژانىرى يوق، چۈنكى ئۇلار تارقاق ئورۇنلاشقاچقا دراما ئويناش شارائىتى يوق. تارىخىي داستانچانلىق موڭغۇل، زاڭزۇ، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەردە بولسا، خەنزۇ، رۇس قاتارلىق مىللەتلەردە يوق، ئۇيغۇر يېزىلىرىدا مەشرەپ شەكلى ئومۇملاشقان، شەھەر، بازارلاردا بولسا ئەلنەغمە شەكلى تەرەققىي قىلغان. لېكىن، بەزى مىللەتلەردە بۇنداق شەكىل يوق.

كومپوزىتسىيە ۋە بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىمۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار. يەنى ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدا يازغۇچى كومپوزىتسىيىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى، ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە بولىدۇ. بۇ خىل مىللىي ئۇسلۇب مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۇرۇشتىكى مۇھىم ئامىل.

## 11. مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى ئوبيېكتىپ شەرتلەر قايسى؟

جاۋاب: ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى ئوبيېكتىپ شەرتلەر تۆۋەندىكىدەك:

بىرىنچى، مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى. يەنى ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى سىنىپىي كۈرەش، مىللىي كۈرەشنىڭ تەرەققىياتى، ئۇستقۇرۇلما ۋە جەمئىيەت ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىش، تەرەققىيات، پەلسەپىۋى قاراش ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى پىكىر ئېقىملىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، تۇرمۇش شارائىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، پسىخىكىسى، قىزىقىشى، ئارزۇ ـ غايىسى ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئۆزگىرىش ـ تەرەققىياتلار شۇ مىللەت ئەدەبىياتىدىكى مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىشىغا بىۋاستە ھەم ۋاستىلىك تەسىر كۆرسىتىدىغان ئوبيېكتىپ شەرتلەرنىڭ بىرى.

ئىككىنچى، مىللىي ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش. مىللىي ئىجتىمائىي تۇرمۇش مىللىي ئەدەبىياتنىڭ مىللىيلىكىنى شەكىللەندۈرىدىغان مەنبە بولسا، ئىلگىرىكىلەر قالدۇرۇپ كەتكەن مىللىي ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش ئەدەبىياتنىڭ مىللىيلىكىنى شەكىللەندۈرىدىغان «ئېقىن» ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋارىسچانلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ھەرقانداق ئەدەبىيات ياكى مەدەنىيەت ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تارىخى، مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. بۇ مەدەنىيەت، جۈملىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىدىكى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت. مىللىي ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىشنىڭ مەزمۇنى ئېسىل دېموكراتىك جەۋھەرلەر ۋە گۈزەل بەدىئىي ئۇسلۇب، بەدىئىي شەكىللەرگە ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق يېڭى مىللىي ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. دېمەك، مىللىي ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش بۈگۈنكى ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرۈش ۋە تەرققىي قىلدۇرۇشنىڭ يەنە بىر ئوبيېكتىپ شەرتى.

ئۈچىنچى، ھەرقايسى مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى. ھەرقايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى، مۇناسىۋىتى بىر قەدەر كۈچلۈك ۋە قويۇق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا تەسىرى مۇنداق ئۈچ جەھەتتە كۆرۈلىدۇ. (1) تېما ۋە مەزمۇن جەھەتتە كۆرۈلىدۇ. يەنى سىياسىي خاھىش، پەلسەپىۋى قاراش ۋە ئېستېتىك غايە قاتارلىق مەزمۇن ئامىللىرىدا ئىپادىلىنىدۇ. (2) شەكلىي ئامىللاردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. يەنى ئەدەبىي تۈر ـ ژانىرلار، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى، بەدىئىي ۋاسىتىلەر، بەدىئىي ماھارەت قاتارلىقلاردا روشەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، بالېت، كىنو، تېلېۋىزىيە قاتارلىقلارنى ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتى باشقا مىللەتلەردىن قوبۇل قىلغان بولسا، باشقا مىللەتلەر لەتىپە ئەدەبىياتىنى ئۇيغۇرلاردىن ئۆگەنگەن. (3) ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، مودېرنىزم XX

ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گۈللىنىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەت ئەدەبىياتىغا زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. بۇ خىل تەسىر ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، بەلكى مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىدۇ ۋە يېڭىلايدۇ.

**12. نېمە ئۈچۈن ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشنى ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى دەيمىز؟**

جاۋاب: ئىلگىرىكى ھەرقانداق مەدەنىيەت، جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئەت ئالدىنقىلارنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلماي، ئۇنىڭدىن ئۇزۇقلانماي قۇرۇق قول ئىش باشلىيالىغان ياكى تەرەققىي قىلالىغان ئەمەس. ئەگەر ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش چەتكە قېقىلسا، ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. گەرچە بەلگىلىك ئىقتىسادىي بازىسنىڭ تەرەققىياتى ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئۇستقۇرۇلمىنىڭ، جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىنى بەلگىلىسىمۇ، لېكىن ئەدەبىياتتىن ئىبارەت ئالاھىدە ئاڭ فورمىسىنىڭ تەرەققىياتى ئىقتىسادىي بازىسقا نىسبەتەن نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولىدۇ. يەنى ئىقتىسادىي بازىستا ئۆزگىرىش بولۇشى بىلەن تەڭلا يېپيېڭى ئەدەبىياتنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ خىل ئالاھىدە ئاڭ فورمىسىنىڭ تارىخىي ۋارىسچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئادەتتە ئەجدادلارغا قالدۇرۇپ كەتكەن ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇلارنى ئەينەك قىلىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى ئۆز دەۋرىنىڭ رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن مۇقەررەر ھالدا يېڭىنى ئىجاد قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يېڭىنى ئىجاد قىلىش ئۈچۈن مۇقەررەر ھالدا ئالدىنقىلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مانا بۇ

ئەدەبىيات تەرەققىياتىدىكى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتتۇر.

## 13. ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە؟

جاۋاب: بىرىنچى، ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىياتنى گۈللەندۇرۇشتە ئەينەكلىك رول ئوينايدۇ. ئەدەبىي مىراسلار ئىچىدە مەزمۇن جەھەتتە يۇكسەك ئەھمىيەتلىك ئېسىل سەنئەت تەجرىبىلەر بار. بۇگۈنكى دەۋرىمىزنىڭ يازغۇچىلىرى بۇ خىل ئېسىل ئەنئەنىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك يېڭى ئەدەبىيات يارىتىشنىڭ ئەينىكى قىلغاندىلا، ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى گۈللەندۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز.

ئىككىنچى، ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش مىللىي ئىشەنچىنى ئۆستۇرۇپ، كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇش ۋە تەربىيىلەش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى نىكولاي ئوستروۋېسكىي ياش ۋاقتىدا قەيسەر كۆكىيۇن بىلەن قەھرىمان سپارتاك ئوبرازىدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن ھاياتىنى ۋەتەن ئۇچۇن ئاتاپ جەڭلەردە قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن. ئۇرۇشتىن كېيىن مېيىپ ھالەتتە جاپالىق ئىزدىنىپ «پولات قانداق تاۋلاندى» رومانىنى يېزىپ چىققان. بۇ رومان ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن رومان‌دىكى پاۋېل كورچاگىن ئوبرازى سوۋېت ياشلىرىنى كۇچلۇك ئىرادە بىلەن تەربىيىلىگەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا خىزمەت كۆرسەتكەن قەھرىمانى ماتروسوف جەڭ مەيدانلىرىدا «پولات قانداق تاۋلاندى» رومانىنى ئوقۇغان. ئۇ قۇربان بولغاندا ئۇنىڭ قوينىدىن قانغا مىلەنگەن ئاشۇ رومان چىققان.

ئۇچىنچى، ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش كىشىلەرنى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى ئۇستىدە چوڭقۇر تونۇش ۋە چۇشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ.

## 14. ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشتا قانداق پوزىتسىيىدە تۇرۇپ، قايسى جەھەتلەرگە ۋارىسلىق قىلىندۇ؟

جاۋاب: دىئالېكتىكا ماتېرىيالىزملىق ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشتا، پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىگىمۇ، قارا ـ قويۇق قوبۇل قىلىش پوزىتسىيىسىگىمۇ قارشى تۇرىدۇ. پەقەت ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت پەلسەپىۋى پرىنسىپ ئاساسىدا كونكرېت تەھلىل قىلىش، كونكرېت باھا بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئەدەبىي مىراسلار تەركىبىدىكى ئىدىيىۋىلىك ھەم بەدىئىيلىك جەھەتتىكى پايدىلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، توغرا بولمىغان، ياخشى بولمىغان فېئوداللىق شاكاللارنى چىقىرىپ تاشلايدۇ. بىز ئەدەبىي مىراسلارغا ئىككى جەھەتتىن ۋارىسلىق قىلىمىز:

بىرىنچى، ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىن ۋارىسلىق قىلىمىز. بۇنىڭدا مۇھىمى، مۇنەۋۋەر ئەدەبىي مىراسلاردا ئىپادىلەنگەن يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئېسىل دېموكراتىك جەۋھەرلەرگە ۋارىسلىق قىلىمىز. شۇنداقلا قويۇق خەلقپەرۋەرلىك ھەم ئالىيجاناب ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىلەرگە ۋارىسلىق قىلىمىز.

ئىككىنچى، بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن ۋارىسلىق قىلىمىز. بۇنىڭدا ئەدەبىي مىراسلاردىكى ئېسىل سەنئەت تەجرىبىلىرى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، ۋە بەدىئىي ۋاستە جەھەتتىن خەلق ئاممىسى ياقتۇرىدىغان مىللىي شەكىل ۋە مىللىي ئۇسلۇبقا ۋارىسلىق قىلىمىز.

## 15. ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى قايسى؟

جاۋاب: بىرىنچى، «ئىككى خىل مەدەنىيەت تەلىماتى» بويىچە ئەدەبىي مىراسلارنى رەتلەش ۋە پەرقلەندۈرۈش.

ئىككىنچى، تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ

تۇرۇش، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، جەۋھىرىنى قوبۇل قىلىش.

ئۈچىنچى، تارىخىي ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزەر ئارقىلىق ئەدەبىي مىراسلارنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى كۆزىتىش.

---

## 16. «ئىككى خىل مەدەنىيەت» تەلىماتى بويىچە مىراسلارنى قانداق پەرقلەندۈرىمىز؟

جاۋاب: لېنىن «ھەربىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىدە ئىككى خىل مىللىي مەدەنىيەت بولىدۇ.» دەپ كۆرسەتكەن. بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ بىرى شۇ مىللەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان ئەمگەكچىلەر مەدەنىيىتى، يەنە بىرى شۇ مىللەت ئىچىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى ياكى ھۆكۈمرانلار مەدەنىيىتى. بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ خاراكتېرى بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. بولۇپمۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىككى خىل ئەدەبىيات خاراكتېر جەھەتتە تۈپتىن ئوخشاشمايدۇ. ھۆكۈمران گۇرۇھلارنىڭ ئەدەبىياتى بولسا، ئېكسپىلاتاتورلار سىنىپىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەكسىيەتچى ئىدىيىۋى خاھىشى ئىپادىلەنگەن. ئۇلارنىڭ چىرىك، پەسكەش غايىسى گۈزەللەشتۈرۈلگەن، ناچار ئىللەتلىرى، پارازىت تۇرمۇشى پەردازلانغان.

ئەمگەكچىلەر ئەدەبىياتىدا ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، خەلقنىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھلارغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى، قارشىلىقى، ئەركىنلىك، ئادالەتكە، گۈزەل تۇرمۇش بەرپا قىلىشقا بولغان ئىزدىنىشلىرى، غايىلىرى ئىپادىلەنگەن.

بىز ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشتا لېنىن كۆرسەتكەندەك، ھەربىر مىللەت ئەدەبىياتى ئىچىدىكى ئەمگەكچى خەلق ئەدەبىياتى بىلەن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار ئەدەبىياتىنى پەرقلەندۈرۈشىمىز، مىراسلار ئىچىدىكى ئەينى دەۋردە ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان، ھازىرقى دەۋر ئۈچۈنمۇ پايدىلىنىش قىممىتى

بولغان جەۋھەرلەرگە ۋارىسلىق قىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پاسسىپ، قالاق، چىرىك نەرسىلەرنى ياكى فېئوداللىق شاكالىلارنى چىقىرىپ تاشلىشىمىز لازىم. مانا بۇ «ئىككى خىل مەدەنىيەت تەلىماتى» بويىچە مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشتىكى مۇھىم ھالقا.

**17. تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش دېگەن نېمە، تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشتىن مەقسەت نېمە؟**

جاۋاب: ماركسىزمچىلارنىڭ مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشتىكى تۈپ پرىنسىپى تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشتىن ئىبارەت. تەنقىد بولسا بىر خىل ۋاستە بولۇپ، ئاساسىي مەقسەت ۋارىسلىق قىلىشتۇر. تۈپ پرىنسىپتىكى تەنقىد دېگىنىمىز، ئەدەبىي مىراسلارنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش ياكى ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي مىراسلارغا قارىتا تەھلىلىي بولغان، پەرقلەندۈرۈشمۇ بولغان، تاللاشمۇ بولغان، يەنى شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش، ساختىسىنى چىقىرىۋېتىپ ماھىيەتنى ساقلاپ قېلىشتەك تەتقىقات ئۇسۇلىنى قوللىنىش دېگەنلىك. ۋارىسلىق قىلىش دېگىنىمىز، ئەدەبىي مىراسلارنى قارا ـ قويۇق كۆچۈرۈپ كېلىش ياكى پۈتۈنلەي مۇقىملاشتۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى فېئوداللىق شاكالىلارنى چىقىرىۋېتىپ، دېموكراتىك جەۋھەرلەرنى قوبۇل قىلىش دېگەنلىك.

تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشتىن مەقسەت قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق بۈگۈنكى دەۋر مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

**18. ئەدەبىي مىراسلاردىكى دېموكراتىك جەۋھەرلەر قايسى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟**

جاۋاب: 1) دېھقانلارنىڭ ھۆكۈمران گورۇھلارغا قارشى قوزغىلاڭلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، فېئودال تەرتىپنى

مەنسىتمەسلىك، خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش روھىنى ئىپادىلەش.
2) ھۆكۈمران گۇرۇھلارنىڭ خەلق ئۈستىدىكى ئالۋان ـ ياساقلىرى، ۋەھشىي جىنايى قىلمىشلىرىنى ئېچىپ تاشلاش، خەلقنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىگە ئېچىنىش.
3) فېئوداللىق ھاكىمىيەتنىڭ چىرىكلىكى، بۇزۇقلۇقى، پارىخورلۇقىنى ئېچىپ تاشلاش.
4) ھەققانىي ئۇرۇشنى قوللاش، ئادالەتسىز ئۇرۇشنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن ئاپەتلىرىنى پاش قىلىش، ھۆكۈمران گۇرۇھلارنىڭ ئۇرۇش خۇمارلىقىنى قامچىلاش.
5) ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىك، يىرگىنىچلىك، پەسكەش چىرىك ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ تاشلاش.
6) فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرى ئالدىدا تەسلىمچىلىك قىلىش، مۇرەسسەلىششتەك پەسكەشلىكىنى پاش قىلىش، خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئىپادىلەش.
7) فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇش، خەلقنىڭ فېئوداللىق ئەخلاققا قارشى كۈرەشلىرىنى مەدھىيىلەش.
8) دىنىي تونغا ئورۇنۇۋېلىپ، فېئوداللىق چىرىك ئەخلاقنى پەردازلىغان فېئودال ياللانما كۆچلەرنى پاش قىلىش، قامچىلاش.

## 19. ئەدەبىي مىراسلاردىكى فېئوداللىق شاكاللار قايسى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنى كۆككە كۆتۈرگەن، دىنىي خۇراپاتلىقنى تەرغىپ قىلغان، خەلق ئاممىسىنى بىخۇدلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغان، دېھقانلار قوزغىلاڭچىلىرىغا قارشى تۇرغان ۋە قۇلچىلىقنى تەشەببۇس قىلغان، فېئوداللىق ئەدەپ ـ ئەخلاقنى پەردازلىغان، فېئودالىق ھۆكۈمرانلارنىڭ چەتكە قارىتا تەسلىمچىلىك، خۇشامەتچىلىك، خەلققە قارىتا ۋەھشىيلىك، رەھىمسىزلىكى بۇرمىلانغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى فېئودالىق شاكاللار ھېسابلىنىدۇ.

## 20. تارىخىي ماتېرىيالىزمچىلارنىڭ ئەدەبىي مىراسلارغا مۇئامىلە قىلىشتىكى ئاساسىي تەلىپى نېمە؟

جاۋاب: تارىخىي ماتېرىيالىزمچىلارنىڭ ئەدەبىي مىراسلارغا مۇئامىلە قىلىشتىكى ئاساسىي تەلىپى مۇنداق:

بىرىنچى، بىرەر ئەدەبىي ئەسەرنى باھالاشتا، ئەسەر مەيدانغا كەلگەن تارىخىي شارائىت ئىچىگە قويۇپ كۆزىتىش، جەمئىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە ئەدەبىياتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدىن كۆزىتىش ۋە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئىلمىي باھا بېرىش، شۇنداقلا ئەسەرنىڭ ئەينى دەۋردە ئوينىغان رولى ۋە ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە دەۋر چەكلىمىلىكى، سىنىپىي چەكلىمىلىكلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك.

ئىككىنچى، قەدىمكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئوينىغان رولى، ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى كېيىنكى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئوينىغان رولى ۋە ئەھمىيىتىنى كۆزىتىش، تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش كېرەك. شۇنداقلا زۆرۈر بولغان تەنقىد ۋە ئۆزلەشتۈرۈشلەر ئارقىلىق ئۇنى بۈگۈنكى ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۈچۈن پايدىلىق نەرسە قىلىپ چىقىش لازىم.

## 21. مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشتىكى ئىككى خىل خاتا خاھىش قايسى؟

جاۋاب: ئەدەبىيات تارىخىدا مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشتا ئىككى خىل خاتا خاھىش مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ بىرى «پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىش»، يەنە بىرى «پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش» تىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى تارىخىي ماتېرىيالىزمغا خىلاپ.

«پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىش» تەرەپدارلىرى ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلاشنى بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى قىلىپ قويىدۇ. ئۇلار كونىنى مۇقەددەس بىلىپ، يېڭىنى ئىنكار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن

ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىدۇ.

«پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش»نى تەشەببۇس قىلغۇچىلار يېڭىنى مۇقەددەس بىلىپ، كونىنى ئەرزىمەس، سېسىق نەرسە دەپ قارايدۇ. ئۇلار تارىخنى ئۈزۈپ قويغۇچىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەشەببۇسىمۇ ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە خىلاپ. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئەدەبىي مىراسلارنى «زەھەرلىك چۆپ» دەپ پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغان ئىدى.

## 22. ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىنى يارىتىشنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟

جاۋاب: بۈگۈنكى زامان تۇرمۇشىمىزدىكى ئىجتىمائىي تەرەققىيات بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنى يېڭى تېما، يېڭى مەزمۇن بىلەن تەمىن ئېتىپلا قالماي، ئەدەبىياتىمىزنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى، ئارزۇ ـ غايىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشىنى، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ بەدىئىي تەلىپىنى قاندۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق ئوبيېكتىپ ئېھتىياج ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىشىنى بەلگىلەيدۇ. مانا شۇنداق ئوبيېكتىپ ئېھتىياج تۈرتكىسىدە ھەرقانداق يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئەدەبىي مىراسلارغا تايىنىپ، ئۇنىڭدىن ئوزۇقلىنىپ ئۆزىنى يېڭىلاشقا ۋە ئىجاد قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

دېمەك، ئەدەبىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش يېڭىلاش ۋە ئىجاد قىلىشنىڭ ئاساسى، يېڭىنى يارىتىش بولسا ئاساسىي مەقسەتتۇر. بۇ ئىككى تەرەپ دىئالېكتىك بىرلىككە ئىگە. ئەگەر يېڭىلاش ۋە ئىجاد قىلىش بولمايدىكەن ئەدەبىيات تەرەققىي قىلالمايدۇ، ۋارىسلىق قىلىش بولمايدىكەن ياكى ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىنى كېرەك قىلماي، قۇرۇق قول يېڭىنى ئىجاد قىلىمەن دەيدىكەن، بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. شۇڭا، كونىلىرى ئاساسىدا يېڭىنى يارىتىشنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتى دەيمىز.

# VII باب ئەدەبىي زوق ۋە ئەدەبىي تەنقىد

## 1. ئەدەبىي زوق دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئوقۇش، كۆرۈش جەريانىدا ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا تەبىئىي پەيدا بولىدىغان پەۋقۇلئاددە بىر خىل تەسىرلىنىش، ھوزۇرلىنىش، ئۆزلەشتۈرۈشتەك پسىخىك پائالىيەت ئەدەبىي زوق دېيىلىدۇ.

ئەدەبىي زوقلىنىش جەريانى ئەمەلىيەتتە بىر خىل ئوبرازلىق تەپەككۇر جەريانى. ئۇ ئابستراكت تەپەككۇردىن ئەدەبىيات سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئۆز ئوبيېكتى قىلىدىغانلىقى ۋە شۇ ئارقىلىق ھېسسىيات، تەسەۋۋۇر ھاسىل قىلىدىغانلىقى بىلەن روشەن پەرقلىنىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىن باشقا پەنلەردە ياكى ئابستراكت تەپەككۇردا ئۇقۇم، ھۆكۈم، ئەقلىي خۇلاسە ئارقىلىق ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرسە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت كىشىلەرنى گۈزەللىكتىن زوقلاندۇرۇش، ئۇلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىنى قوزغىتىش، تەسەۋۋۇرىنى قاناتلاندۇرۇش ئارقىلىق رېئاللىقنىڭ ماھىيىتى، قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە بەلگىلىك چۈشەنچە ۋە تونۇش ھاسىل قىلىدۇ. دېمەك، ئەدەبىي زوق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىگە خاس بولغان بىر خىل مەنىۋى پائالىيەت.

## 2. ئەدەبىي زوق قانداق خاراكتېرگە ئىگە؟

جاۋاب: سىياسىي، نەزەرىيىۋى، تارىخىي ئەسەرلەر قائىدە ـ قانۇنىيەت، نەزەرىيىۋى ئاساس ۋە پاكىتلىق ماتېرىياللار ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى قايىل قىلىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەر ئوقۇرمەنلەرنى زوقلاندۇرالمايدۇ. مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىرات ۋە ئەدەبىي زوقلىنىش پەيدا قىلىدۇ.

بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن ئەدەبىي زوقنىڭ خاراكتېرىنى ئىككى تەرەپتىن كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، ئەدەبىي زوق بىر خىل بەدىئىي تەپەككۇر پائالىيىتىدۇر. ئۇنىڭ ئابستراكت تەپەككۇردىن پەرقى شۇكى، ئۇ بەدىئىي ئەسەرلەرنى ۋە ئۇنىڭدا يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلارنى ئۆز ئوبيېكتى قىلىدۇ. بەدىئىي ئوبرازلار كىشىلەردە ھېسسىياتقا باغلانغان ئويلاش، تەسەۋۋۇر قىلىشتەك بەدىئىي تەپەككۇرنى قوزغايدۇ. سەنئەتكارلارنىڭ بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىشى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەمەلىيىتىنىڭ بىر تەرىپى بولسا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن زوقلىنىشى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەمەلىيىتىنىڭ يەنە بىر تەرىپى. چۈنكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي رولى ئەمەلىيەتتە ئەدەبىي زوقلىنىش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. ئوقۇرمەنلەر ئۆزى ئوقۇغان ئەسەرلەردىكى بەزى پېرسوناژلارغا ھېسداشلىق قىلسا، بەزى پېرسوناژلارغا نەپرەتلىنىدۇ، ھەتتا ئوقۇرمەنلەر ئۆزى ياخشى كۆرگەن سۆيۈملۈك پېرسوناژلارنىڭ ھاياتى خەۋپكە دۈچ كەلگەندە ھاياجانلىنىپ، ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالمايۋاتقاندەك قەلبى قاتتىق ئازابلىنىدۇ. مانا مۇشۇنداق بەدىئىي زوق پائالىيىتى ئوبرازغا باغلانغان تەپەككۇر پائالىيىتىدۇر.

ئىككىنچى، ئەدەبىي زوقلىنىش ئاددىي ھالدىكى ھېسسىي تەسىرات ئەمەس، بەلكى ئەقلىي بىلىش جەريانىدىكى تەكرار ئىجادىيەتتۇر. ئەدەبىي زوقنى تەكرار ئىجادىيەت پائالىيىتى دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، زوقلانغۇچىلار ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئىدىيە، ھېسسىياتلىرىنى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرى، ئىدىيە، ھېسسىياتلىرى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بىۋاسىتە تەسىراتلىرى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ ئەسەر مەزمۇنىنى تېخىمۇ تولۇقلايدۇ ۋە بېيىتىدۇ. شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە ھەيۋەتلىك بەدىئىي ئوبراز

گەۋدىلىنىدۇ. مانا بۇ بەدىئىي زوقلىنىشنىڭ تەكرار ئىجادىيەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بەدىئىي زوقلىنىش جەريانىدىكى بۇنداق تەكرار ئىجادىيەت ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ شەرتلەر ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە ئايلىنىدۇ.

### 3. ئەدەبىي زوقنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ شەرتلەر قايسى؟

جاۋاب: نورمال ئەدەبىي زوق پائالىيىتى بارلىققا كېلىش ئۈچۈن ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ شەرتلەر هازىرلىنىشى كېرەك. ئوبيېكتىپ شەرت دېگىنىمىز، باي، رەڭدار ئىدىيىۋى مەزمۇن بىلەن گۈزەل، مۇكەممەل بەدىئىي شەكىلنىڭ بىرلىكىدە مەيدانغا چىققان جەلپكار بەدىئىي ئوبراز ياكى بەدىئىي تىپ بولۇش كېرەك، يەنى مۇنەۋۋەر بەدىئىي ئەسەر بولۇش كېرەك. ئەگەر مۇنداق زوقلىنىش ئوبيېكتى بولمايدىكەن زوقلىنىش پائالىيىتىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. سۇبيېكتىپ شەرت دېگىنىمىز، بەلگىلىك مەيدان، ئىدىيىۋى قاراشقا (بەلگىلىك پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە، بەلگىلىك ئىدىيىۋى خاھىشقا) ئىگە، بەلگىلىك تەسىرلىنىش، چۈشىنىش، تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ۋە ئېستېتىك ئىقتىدارغا ئىگە زوقلانغۇچى (ئوقۇرمەن، كۆرەرمەن) بولۇشى كېرەك. ئەگەر ساغلام زوقلانغۇچى سۇبيېكتىپ بولمىسا ئوخشاشلا بەدىئىي زوقلىنىش پائالىيىتى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

### 4. ئەدىبىي زوق قانداق ئەهمىيەتكە ئىگە؟

جاۋاب: ئەدەبىي زوقنىڭ ئەهمىيىتى مۇنداق:

بىرىنچى، ئەدەبىي زوق كىشىلەرنى ئىدىيىۋى تەربىيىگە ئىگە قىلىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت كىشىلەرنى زوقلاندۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ روهىي دۇنياسىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى چوڭقۇر ئىدىيىۋى تەربىيىگە ئىگە قىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنى ھېسسىيات ئارقىلىق قاتتىق تەسىرلەندۈرۈپ، ئىختىيارسىز هالدا ئىدىيە،

كەيپىياتىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىۋېتىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەردىن زوقلىنىش ئارقىلىق ئىگە بولىدىغان تۇيغۇ ـ تەسىراتىغا ۋە ئىدىيىۋى تەربىيىسىگە ھېچقانداق كۈچ توسالغۇ بولالمايدۇ. چۈنكى، ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى بەدىئىي ئوبرازلار ئوقۇرمەنلەرنى ئىختىيارسىز ھالدا بەدىئىي مۇھىت (ئەسەردىكى ئوبرازلىق كۆرۈنۈشلەر) ئىچىگە باشلاپ كىرىپ، ئۇلارنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرۇۋېتىدۇ. شۇڭا، يازغۇچى ـ سەنئەتكارلار ئوقۇرمەنلەرنىڭ زوقلىنىش پائالىيىتى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مۇددىئا ـ مەقسەتلىرىنى ئۇلارغا ئۇقتۇرالايدۇ.

ئىككىنچى، ئەدەبىي زوقلىنىش پائالىيىتى كىشىلەرنى گۈزەللىك تۇيغۇسىغا چۆمدۈرىدۇ. ئەدەبىي زوقلىنىش يالغۇز كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى كەيپىياتىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى ئىدىيە جەھەتتىن تەربىيىلەپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلارنى بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى گۈزەللىك ئامىللىرى بىلەن تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ گۈزەللىك تۇيغۇسىنى ئويغىتىپ ۋە ئۇلغايتىپ، ئۇلارنى گۈزەللىكتىن لەززەتلەندۈرىدۇ، خۇشاللاندۇرىدۇ ۋە قانائەتلەندۈرىدۇ. گەرچە بەزى ئەسەرلەردە گۈزەللىك ئوبيېكتلىرى بىۋاسىتە تەسۋىرلەنمەي، رەزىل، چاكىنا، يامان نەرسىلەر پاش قىلىنىپ، تەنقىدلىنىپ، ئەيىبلەنسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ئەسەرلەرمۇ كىشىلەرنىڭ رەزىل، چاكىنا، يامان نەرسىلەرگە بولغان نەپرەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، يەنىلا ئۇلارنىڭ گۈزەللىككە بولغان تەلپۈنۈش، گۈزەللىكنى سۆيۈش تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، يەنىلا گۈزەللىك تۇيغۇسىغا چۆمدۈرىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەدەبىي زوق ئەدەبىي تەنقىدكە ئىدىيىۋى ئاساس ھازىرلايدۇ. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ۋەزىپىسى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى ۋە بەدىئىيلىكىنى تەھلىل قىلىش ۋە باھالاشتىن ئىبارەت. بۇنداق تەھلىل ۋە باھالاش ئەلۋەتتە ئەدەبىي زوقنى ئاساس قىلىدۇ. چۈنكى، ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ باھالايدىغىنى ئابستراكت ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەنتەقىلىق بايان قىلىنىشى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن

سىياسىي، نەزەرىيىۋى، تارىخىي ماقالە بولماستىن، بەلكى ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق يارىتىلغان جانلىق، كونكرېت، ھېسسىياتلىق بەدىئىي ئوبرازىدىن ئىبارەت. تەنقىدچى مەيلى ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىنى باھالىسۇن ياكى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىنى باھالىسۇن ئۇ باھالايدىغان ئامىللارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق گەۋدىلەنگەن بولىدۇ. تەنقىدچى ئاشۇ بەدىئىي ئوبرازدىن زوقلىنالىغاندىلا ئاندىن ئەدەبىي تەنقىدكە ئىدىيىۋى ئاساس ھازىرلىيالايدۇ.

## 5. ئەدەبىي زوق قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

جاۋاب: ئەدەبىي زوق تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، ئەدەبىي زوقتىكى بىلىش جەريانى تەپەككۇرنىڭ ئومۇمىي شەكلى ۋە قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىدۇ.

ئىككىنچى، ئەدەبىي زوق خاسلىققا (پەرق) ئىگە بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەدەبىي زوق ئورتاقلىققا ئىگە بولىدۇ.

## 6. ئەدەبىي زوقتىكى بىلىش جەريانى قانداق باسقۇچلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: ئەدەبىي زوقلىنىشمۇ بىر خىل تەپەككۇر پائالىيىتى بولۇپ، بۇ خىل پائالىيەت تەپەككۇرنىڭ ئومۇمىي شەكلى ۋە قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىمۇ بىلىشنىڭ ئىككى باسقۇچى، يەنى ھېسسىي بىلىش باسقۇچىدىن ئەقلىي بىلىش باسقۇچىغا ئۆتۈش جەريانى بولىدۇ.

زوقلىنىشنىڭ ھېسسىي بىلىش باسقۇچى، ئوقۇش، كۆرۈش، ئاڭلاش ئارقىلىق بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ شەكلىدىن مەزمۇنىغىچە كونكرېت تەسىرات ئېلىش باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچتا ئەسەردىكى ئوبرازلىق كۆرۈنۈشلەر زوقلانغۇچىنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. مانا بۇلار زوقلىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، يەنى زوقلىنىشنىڭ ھېسسىي بىلىش باسقۇچى.

زوقلىنىشنىڭ ئەقلىي بىلىش باسقۇچى بولسا، تەھلىل قىلىش،

تاللاش، سىلىشتۇرۇش، پەرق ئېتىش جەريانى بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش باسقۇچىدۇر. يەنى زوقلانغۇچى ئەسەردىكى پېرسوناژ شارائىتلارنى باھالايدۇ. ئۇلار ئۇستىدىن ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

## 7. ئەدەبىي زوقتىكى خاسلىق (پەرق) قايسى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

جاۋاب: زوقلانغۇچىلارنىڭ مىللەت، دەۋر، سىنىپ تەۋەلىكىنىڭ ئوخشاشماسلىقى، ھەربىر زوقلانغۇچىنىڭ ئىدىيىسى، خاراكتېرى، قىزىقىشى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسى ئوخشاش بولماسلىق تۈپەيلىدىن ئۇلار زوقلىنىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئوخشاشمىغان گۈزەللىك خاھىشى، ئىدىيىۋى قىممەت قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ. مانا شۇنداق ئوخشاشماسلىقلار ئەدەبىي زوقتىكى پەرق ياكى خاسلىق دېيىلىدۇ. ئەدەبىي زوقتىكى پەرق زوقلانغۇچىنىڭ دەۋر پەرقى، مىللەت پەرقى، سىنىپىي پەرقى ۋە شەخسىي پەرقى قاتارلىق كونكرېت تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

## 8. ئەدەبىي زوقتىكى ئورتاقلىق نېمىگە قارىتىلغان؟

جاۋاب: مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەر دۆلەت، مىللەت، سىنىپ ۋە دەۋرلەردىن ھالقىپ ئىنسانلارنىڭ ئورتاق زوقلىنىشىغا ئېرىشەلەيدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئەسەرلەردە ئوخشاشمىغان دەۋر، مىللەت، سىنىپ خەلقلىرىگە ئورتاق بولغان ئىدىيىۋى ھېسسىيات ياكى «ئورتاق گۈزەللىك تۇيغۇسى» ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. بۇنداق ئورتاق گۈزەللىك تۇيغۇسى ھەرقانداق چەكلىمىلەردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، يۈكسەك ئومۇملۇققا ۋە ئاجايىپ ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولالايدۇ. دەل مۇشۇنداق پىسخىك ئەھۋالنى «ئورتاق ھېسسىيات» ھادىسىسى دەيمىز. ئەدەبىي زوقتىكى ئورتاقلىق دەل مۇشۇ ئورتاق ھېسسىيات ھادىسىسىگە قارىتىلغان، مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»، ئەرەبلەرنىڭ «مىڭ بىر كېچە»، يۇنان ئەپسانىلىرى قاتارلىق ئەسەرلەر دۆلەت، مىللەت دەۋرلەردىن ھالقىپ

«ئورتاق ھېسسىيات» ھادىسىسى پەيدا قىلغان ئەسەرلەردۇر.

### 9. ئەدەبىي زوق بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟

جاۋاب: ئەدەبىي زوق بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ. بىرىنچى، زوقلانغۇچىلارنىڭ زوقلىنىش پائالىيىتى يەنى زوقلىنىش دەرىجىسىنىڭ چوڭقۇر ياكى تېيىزلىقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ گۈزەل ياكى ئەمەسلىكى، ياخشى ياكى يامانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، يازغۇچى ـ سەنئەتكارلار ئۆز ئەسىرىنىڭ كۆپلىگەن كىتابخانلارنى چوڭقۇر زوقلاندۇرۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۆز ئەسىرىنىڭ ئىدىيىۋى ھەم بەدىئىي قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ئىككىنچى، ئەدەبىي زوق بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئىدىيە ۋە بەدىئىي سۈپىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى كىشىلەرنىڭ زوقلىنىش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن كىشىلەرنىڭ ئەدەبىي زوقلىنىش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈرتكىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، يازغۇچى ـ سەنئەتكار قانداق قىلغاندا بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق زوقلانغۇچىلارنىڭ باغلانما تەسەۋۋۇرىنى قوزغاتقىلى، قانداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق تەكرار ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا زېمىن ھازىرلىغىلى بولىدۇ، دېگەنلەرنى نەزەرگە ئېلىپ ئىش قىلىشى لازىم.

دىققەت!

### 10. ئەدەبىي تەنقىد دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ھەرقايسى دەۋر يازغۇچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىگە، ھەرخىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھادىسىلىرىگە قارىتا بەلگىلىك نۇقتىئىنەزەر ھەم بەلگىلىك ئۆلچەم ئاساسىدا تەھلىل ـ تەتقىق ئېلىپ بېرىپ، ئۇلار ئۈستىدە بەلگىلىك باھا ۋە خۇلاسىلەرنى

ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىلمىي پائالىيەت ئەدەبىي تەنقىد دېيىلىدۇ.

## 11. «ئەدەبىي تەنقىد» دېگەن ئۇقۇم قانداق مەنىگە ئىگە؟

جاۋاب: ئۇيغۇر تىلىدىكى «تەنقىد» سۆزى ئادەتتە بىرەر كىشى ياكى بىرەر گۇرۇھنى، بىرەر ھەرىكەت ياكى بىرەر نۇقتىئىنەزەرنى ئەيىبلەش، ئىنكار قىلىش مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئەمما، «ئەدەبىي تەنقىد» دېگەن ئاتالغۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە ئىشلىتىلىدىغان كەسپىي ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھادىسىلىرىنىڭ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ، يازغۇچى ـ سەنئەتكارلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە ئاجىزلىقلىرىغا قارىتا ھەم مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ھەم ئىنكار قىلىش ياكى ھەم تەنقىد قىلىش، ھەم تەقدىرلەشتىن ئىبارەت ئىلمىي پائالىيەتلەر جەريانىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرىكەتنامىدۇر. شۇڭا، «ئەدەبىي تەنقىد» دېگەن بۇ ئۇقۇمنى نوقۇل ھالدا ئەيىبلەش، تەنقىدلەش دېگەن مەنىلەردە ئىستېمال قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ.

## 12. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئىجتىمائىي رولى قانداق؟

جاۋاب: ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئىجتىمائىي رولى تۆۋەندىكىدەك:

بىرىنچى، ئەدەبىي تەنقىد يازغۇچى ـ سەنئەتكارلارنىڭ سەنئەت قانۇنىيىتىنى توغرا ئىگىلەش، توغرا قوللىنىش، نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، سەنئەت تەجرىبىلىرىنى بېيىتىش، بەدىئىي ماھارىتىنى چېنىقتۇرۇشقا ۋە يېڭىلاشقا قارىتا ئۇنۇملۇك ياردەم بېرىدۇ.

ئىككىنچى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ بەدىئىي زوقلىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، بەدىئىي جەھەتتىن ھەم ئىدىيە ھېسسىيات جەھەتتىن تەربىيىلىنىشكە يېتەكچىلىك قىلىش رولىغا ئىگە.

ئۈچىنچى، يازغۇچى ـ سەنئەتكارلار بىلەن ئوقۇرمەن، كۆرەرمەنلەر ئوتتۇرىسىدا ئىدىيە ئالماشتۇرۇش، ئۇچۇر

ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

## 13. ئەدەبىي تەنقىد قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

جاۋاب: ئەدەبىي تەنقىد مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، ئەدەبىي تەنقىد ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە. ئەدەبىي تەنقىد نەزەرىيە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، كونكرېت ئەسەرگە كونكرېت باھا بېرىش، كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت ھەل قىلىشتىن ئىبارەت ئىلمىي تەنقىد ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ۋە ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ئۈستىدە ئەمەلىي تەتقىقات ۋە خۇلاسىلەش ئېلىپ بارىدۇ.

ئىككىنچى، ئەدەبىي تەنقىد دەۋرچانلىققا ئىگە. ھەرقايسى دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىد ئۆز دەۋرىنىڭ سەنئەت قارىشى، تەنقىد ئۆلچىمى، ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان گۇرۇھ ۋە ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت جەھەتتىكى تەلەپ ـ ئېھتىياجى، ئارزۇ ـ غايىسى ئاساسىدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. ھەرقايسى دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىد ئالدى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىيات ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ، شۇ دەۋرنىڭ ئەدەبىيات ئەمەلىيىتى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشنى مەركىزىي ئورۇنغا قويىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەدەبىي تەنقىد ئىلمىيلىككە ئىگە. ئەدەبىي تەنقىد تەنقىدچىنىڭ بەدىئىي قىزىقىشى ئاساسىدىكى زوقلىنىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىسىمۇ، لېكىن تەنقىد ئەمەلىيىتىدە تەنقىدچى ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ قىزىقىشلىرىدىن ھالقىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئەدەبىي ھادىسىلەردىكى ئىلمىي قانۇنىيەتلەر، ماھىيەتلەر، تەجرىبىلەر، ماھارەتلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۇنى بايقاپ، يەكۈنلەپ، نەزەرىيە يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئەدەبىي زوق ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

## 14. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ كونكرېت ۋەزىپىلىرى قايسى؟

جاۋاب: بىرىنچى، يازغۇچى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ئوبيېكتىپ باھا بېرىش. ھەقىقىي ئەدەبىي تەنقىد ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى

جەھەتتىكى ھەق بىلەن ناھەقنى، بەدئىيىلىكى جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىق ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى توغرا ۋە ئېنىق ئايرىشى، ئۇلارغا ئوبيېكتىپ ۋە لىللا باھا بېرىشى، سەمىمىيەتسىزلىك، سۇۋاقچىلىق قىلماسلىقى، ئىلغار ۋە توغرا مەيداندا تۇرۇپ، كونكرېت ئەسەرگە كونكرېت باھا بېرىشى، ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن چەكلىمىلىكى، توغرىسى بىلەن خاتاسى قانچىلىك دەرىجىدە بولسا شۇ دەرىجىدە ئەينەن سەمىمىي كۆرسىتىپ بېرىشى لازىم.

ئىككىنچى، ئەدەبىيات - سەنئەت مۇنازىرىسىنى قانات يايدۇرۇپ، سەنئەت دېموكراتىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش. ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىي مۇنازىرە ۋە ئىدىيىۋى كۈرەشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى. ھەر خىل زىددىيەت ۋە مۇنازىرە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى ئەنە شۇنداق زىددىيەت ۋە مۇنازىرىلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ھەرخىل ئەدەبىي گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدا، يازغۇچى ۋە تەنقىدچىلەر ئوتتۇرىسىدا نورمال پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئىدىيە ئالماشتۇرۇش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سەنئەت دېموكراتىيىسىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

ئۈچىنچى، سەنئەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش. ئىنسانىيەتنىڭ ئەدەبىيات تەرەققىيات تارىخىدا ئاتاقلىق يازغۇچى، شائىرلار، مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە ھەر خىل ئەدەبىي ئېقىملار مەيدانغا كەلگەن. ئۇلار ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بىزگە قىممەتلىك سەنئەت تەجرىبىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئەدەبىي تەنقىد ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن سەنئەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، سەنئەت ساھەسىدىكى ھەرخىل نۇقتىئىنەزەرلەرگە قارىتا تەھلىل - تەتقىق ئېلىپ بېرىش، مۇئەييەن خۇلاسىلەش ئېلىپ بېرىش، ئۇنى بۈگۈنكى ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدا قوللىنىش، ئىسپاتلاش، شۇ ئارقىلىق بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

تۆتىنچى، نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش. ئەدەبىي تەنقىد يېڭى دەۋردىكى يېڭى ئەدەبىيات

ھادىسىلىرى، ئۇچۇرلىرى، تەجرىبىلىرى نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە تۈرتكە بولۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندا، نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلمىيلىكى، ئەمەلىيەتچانلىقىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ. ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ ئەمەلىيەتكە تەدبىقلىنىشى ياكى ئەمەلىيىتى. ئۇلار ئۆزئارا باغلىنىدۇ، ئۆزئارا بىر - بىرىگە تايىنىدۇ. نەزەرىيە توغرا، ساغلام، ئىلمىي بولغانسېرى ئەمەلىيەتچانلىقى ئىگە بولىدۇ. توغرا، ساغلام، ئىلمىي نەزەرىيىنى يېتەكچى قىلغان ئەدەبىي تەنقىد ھەم كۈچلۈك، ھەم چوڭقۇر، ھەم مۇكەممەللىككە ئىگە بولىدۇ.

## 15. ئەدەبىي تەنقىد بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟

جاۋاب: ئەدەبىي تەنقىد بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۆزئارا بىر - بىرىگە تايىنىپ، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەدەبىي تەنقىد بولسا ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي ھادىسىلەر بولمىسا ئەدەبىي تەنقىدمۇ بولمايدۇ. ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. توغرا، ساغلام ئەدەبىي تەنقىد بولمىسا ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئىلمىي خۇلاسىلىغىلى، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە مەغلۇبىيىتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگىلى، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى توغرا تەرەققىيات يۆنىلىشىگە باشلىغىلى بولمايدۇ. ئەدەبىي تەنقىد بولمىسا ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بۆسۈش خاراكتېرلىك گۈللىنىش ۋەزىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

## 16. ئەدەبىي تەنقىد بىلەن ئەدەبىي زوق قانداق ئورتاقلىققا ئىگە؟

جاۋاب: ئەدەبىي تەنقىد بىلەن ئەدەبىي زوق زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىي زوقنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. يەنى

ئەدەبىي تەنقىدچى ئالدى بىلەن بىر زوقلانغۇچى بولىدۇ. ئەدەبىي تەنقىد بىلەن ئەدەبىي زوقلىنىشنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئۆزىنىڭ ئوبيېكتى قىلىدۇ. ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى بىلىش، چۈشىنىش جەريانى ئوخشاش. يەنى ھەر ئىككىلىسىدە شەكىلدىن مەزمۇنغا، ھېس قىلىشتىن تەھلىل قىلىشقا قاراپ چوڭقۇرلاپ ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىشتەك تەپەككۇر جەريانىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. شۇڭا، ئەدەبىي تەنقىدتىمۇ، ئەدەبىي زوقتىمۇ بەلگىلىك باھا بېرىش بولىدۇ. مانا بۇلار ئەدەبىي تەنقىد بىلەن ئەدەبىي زوقتىكى ئورتاقلىق.

## 17. ئەدەبىي تەنقىد بىلەن ئەدەبىي زوقنىڭ قانداق پەرقى بار؟

جاۋاب: بىرىنچى، ئەدەبىي تەنقىد شەخسنىڭ بەدىئىي قىزىقىشى ياكى ياخشى كۆرۈشىنى مۇھىم ئۆلچەم قىلماي، بەلكى سۇبيېكتىپ ياخشى كۆرۈش ياكى كۆرمەسلىكتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، سەنئەتنىڭ قانۇنىيىتى ۋە ئىلمىي باھا بېرىشتە چىڭ تۇرىدۇ. ئەدەبىي زوقلىنىشتا بولسا كىشىلەرنىڭ بىر تەرەپلىمە ياخشى كۆرۈشى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. يەنى سۇبيېكتىپ قىزىقىشقا يول قويۇلىدۇ.

ئىككىنچى، ئەدەبىي تەنقىد ئوبيېكتى ئەدەبىي ئەسەرلەر، ئەدەبىي ئېقىملار، ئەدەبىيات ھەرىكىتى، ئەدەبىيات ئىدىيىسى، ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ۋە يازغۇچى، سەنئەتكارلارغا قارىتا باھا بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، ئەدەبىي زوقلىنىش پەقەت ئەدەبىي ئەسەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇندىن شەكىلگىچە چوڭقۇر، ئەتراپلىق، ئىلمىي باھا بېرىشتە چىڭ تۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ قانۇنىيەتلىرى ۋە پرىنسىپلىرىنىمۇ شەرھلەيدۇ. زوقلىنىشتا بولسا زوقلانغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسى ھەر خىل بولۇش تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ ئوخشاش بىر ئەسەر ھەققىدىكى تەسىراتى تېيىز ياكى چوڭقۇر، تار ياكى ئەتراپلىق، توغرا ياكى خاتا

بولۇشى مۇمكىن. ئۇلاردىكى باھا ئەدەبىي تەنقىدتەك مۇكەممەل، ئەتراپلىق بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەدەبىي زوقتا پەقەت ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، ئىدىيىسى ھەققىدىلا پىكىر يۈرگۈزۈلىدۇ، بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەت ۋە ماھارەتلەر ھەققىدە پىكىر قىلىنمايدۇ.

## 18. تەنقىد ئۆلچىمى دېگەن نېمە، قانداق تەنقىد ئۆلچەملىرى بار؟

جاۋاب: ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ ھەر خىل ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھادىسىلىرىنى باھالاش ۋاقتىدا ئاساسلىنىدىغان كۆرسەتكۈچ ياكى مىزان تەنقىد ئۆلچىمى دېيىلىدۇ. ئەنە شۇ تەنقىد ئۆلچىمى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ خاھىشىنىڭ ياخشى ياكى يامانلىقى، بەدىئىي شەكىللەرنىڭ گۈزەل ياكى ئەمەسلىكى، مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى ئىنكار قىلىش لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشتە ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. ئەدەبىي تەنقىد ئۆلچىمى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، ئىدىيىۋى ئۆلچەم، يەنە بىرى، بەدىئىي ئۆلچەمدىن ئىبارەت.

## 19. ئىدىيىۋىلىك ئۆلچىمىنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرى قايسى؟

جاۋاب: ئىدىيىۋىلىك دېگىنىمىز، ئەدەبىي ئەسەرلەردە بەدىئىي ئوبراز تەسۋىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان مۇددىئا ـ مەقسەت، پوزىتسىيە ۋە ھېسسىيات قاتارلىقلارنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت. ئىدىيىۋىلىك ئۆلچىمىنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرى مۇنداق:

بىرىنچى، ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇشنىڭ چىنلىق دەرىجىسىگە قاراش. رېئاللىق چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، خەلقنىڭ غايىسى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، تەلەپ ـ ئارزۇلىرى توغرىلىق بىلەن ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەرلا خەلق ئاممىسىنىڭ چۈشىنىشى، ياقتۇرۇشى ۋە قەدىرلىشىگە سازاۋەر بولالايدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، چىنلىقنى ئەدەبىياتنىڭ جېنى دەپ ھېسابلاشقا

بولىدۇ. رېئاللىققا ۋە سەنئەت قانۇنىيىتىگە سادىق يازغۇچى چوقۇم رېئاللىقنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم. ئەگەر ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەپسىلاتلار چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەندىن سىرت، يەنە تىپىك پېرسوناژلار خاراكتېرى شارائىت ئىچىدە يارىتىلمايدىكەن، ئۇنداق ئەسەرلەرنىڭ تونۇتۇش قىممىتى ۋە ئېستېتىك قىممىتى يۇقىرى بولمايدۇ. شۇڭا، ئىپادىلەنگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ چىنلىق دەرىجىسىگە قاراشنى ئىدىيىۋىلىكنى باھالاشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى دەپ قارايمىز.

ئىككىنچى، ئىدىيىۋى خاھىشنىڭ خاراكتېرىگە قاراش. يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ياكى ئىدىيىۋى خاھىشى ئەدەبىي ئەسەردىكى بەدىئىي ئوبرازنىڭ ئىچكى، تاشقى ئالاھىدىلىكلىرى تەسۋىرىگە سىڭدۈرۈپ ئىپادىلىنىدۇ. ئىدىيىۋى خاھىش ئىلغار، توغرا بولسا كىشىلەرنى ساغلام گۈزەللىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلالايدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەردە يازغۇچىنىڭ پەلسەپىۋى ، سىياسىي، ئەخلاقىي، تارىخىي جەھەتتىكى، دىنىي قاراش، كىشىلىك قاراش ۋە ئىقتىسادىي قاراش جەھەتتىكى يا ئۇنداق، يا مۇنداق ئىدىيىۋى خاھىشى ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. يازغۇچى مەيلى قايسى خىل ئىدىيە، قايسى خىل قاراشنى ئىپادىلىگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇھىمى ئۇنىڭدا ياخشىلىق، توغرىلىق، گۈزەللىكنى ياقلىغان - ياقلىمىغانلىقى، يامانلىق، ساختىلىق، رەزىللىكنى ئىنكار قىلغان - قىلمىغانلىقىغا قاراش كېرەك . يەنى ئىپادىلەنگەن ئىدىيىۋى خاھىشنىڭ ئاكتىپ ئەھمىيىتى ياكى پاسسىپ تەسىرىگە قاراش كېرەك.

ئۈچىنچى، ئەسەرنىڭ پەيدا قىلغان ئىجتىمائىي ئۈنۈمىگە قاراش. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ئۇنىڭ كىشىلەرگە رېئاللىقنى تونۇتۇش ئۈنۈمى، كىشىلەرنى ئىدىيە، ھېسسىيات جەھەتتە تەربىيىلەش ئۈنۈمى، كىشىلەرگە ئېستېتىك لەززەت بېغىشلاش ئۈنۈمى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىجتىمائىي

رېئاللىقنى توغرا مەيدان، توغرا مەقسەتتە چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلەرلا ھەقىقىي تۈردە رېئاللىقنى تونۇتۇش قىممىتىگە، كىشىلەرنى تەربىيىلەش ۋە ئۇلارغا ئېستېتىك زوق بېغىشلاش قىممىتىگە ئىگە بولالايدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇش چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ ـ قۇدرەتكە تولغان تۇرمۇش دەرسلىكى» بولالايدۇ. ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش قانچە چوڭقۇر، قانچە چىن بولسا، ئىپادىلەنگەن خاھىش گۈزەللىكنى، توغرىلىقنى، ياخشىلىقنى قانچە كۈچلۈك ياقلىغان بولسا بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ تونۇتۇش، تەربىيىلەش ۋە ئېستېتىك قىممىتى شۇنچە زور بولىدۇ. شۇڭا، پەيدا قىلغان ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنىڭ قانداقلىقىغا قاراشنى ئىدىيىۋىلىك ئۆلچىمىنىڭ بىر كونكرېت مەزمۇنى ھېسابلايمىز.

### 20. بەدىئىيلىك دېگەن نېمە، بەدىئىيلىك ئۆلچىمىنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرى قانداق؟

جاۋاب: بەدىئىيلىك دېگىنىمىز، ئىدىيىۋى مەزمۇن بىلەن بەدىئىي شەكىلنىڭ ئورگانىك پۈتۈنلۈككە ئىگە بولۇشى، كومپوزىتسىيىنىڭ پۇختا، تىپ ۋە ئوبرازلارنىڭ جانلىق، روشەن يارىتىلىشى، ھېكايە سيۇژىتلىرىنىڭ ئىزچىللىق ۋە جەلپكارلىقى، قوللانغان تىلىنىڭ نەپىس، كۆركەملىكى، بەدىئىي ۋاستىلەرنى قوللىنىشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ماھارەتنىڭ گۈزەللىك ۋە مۇكەممەللىك دەرىجىسىنىڭ قانداقلىقىغا قارىتىلىدۇ. بەدىئىيلىك ئۆلچىمىنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىدەك:

بىرىنچى، ئوبراز تەسۋىرىنىڭ جانلىقلىق، روشەنلىك، تەسىرچانلىق دەرىجىسىگە قاراش. ئەدەبىيات رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولىدىكەن، ئۇنىڭدا يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلارنى خۇددى رېئاللىقنىڭ ئۆزىدەك جانلىق، كونكرېت، روشەن، تەسىرلىنەرلىك سۈرەتلەپ بېرىشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بەرگىلى بولمايدۇ.

شۇڭا، يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلاردىن قويۇق تۇرمۇش پۇرىقى سەزگۈلىرىمىزگە ئۇرۇلۇپ تۇرۇشى، يەنى ئوقۇرمەنلەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش جەريانىدا ئۇنىڭدىكى بەدىئىي ئوبرازلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىدەك، قېرىنداشلىرىدەك ھېس قىلالىشى، ئۇلار بىلەن بىللە ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك، سۆزلىشىۋاتقاندەك چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولالىشى كېرەك.

ئىككىنچى، ئىپادىلەنگەن ھېسسىياتنىڭ چىنلىقى، چوڭقۇرلۇقى، سەمىمىيلىك دەرىجىسىگە قاراش. يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش تەسىراتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ھەرقانچە كۈچلۈك، چىن، ساغلام بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئۆز ئەسىرىدە ئېنىق، چوڭقۇر، سەمىمىي ۋە تەسىرلىك ئىپادىلەپ بېرەلمىسە، ئۇنداق ئەسەرنىڭ بەدىئىي سۈپىتى تۆۋەن بولۇپ قالىدۇ - دە، مەزمۇننى تولۇق، چوڭقۇر ئىپادىلەشكە تەسىر يېتىدۇ. گەرچە ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئەسەر مەزمۇنىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئامىل بولسىمۇ، لېكىن ئەسەردە ئۇنى قانداق ئىپادىلەش مەسىلىسى يەنىلا ئەسەرنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىگە، يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ماھارىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. شۇڭا، ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى باھالىغاندا، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ھېسسىياتنىڭ چىنلىق، سەمىمىيلىك ۋە چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىنىڭ قانداقلىقىغا قاراشنى مۇھىم بىر ئۆلچەم ھېسابلاش كېرەك.

ئۈچىنچى، بەدىئىي شەكىلنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە ئىجادچانلىقىغا قاراش. ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىدىيىۋى مەزمۇن ھەرقانچە يۈكسەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئىپادىلەيدىغان بەدىئىي شەكىل پۇختا، مۇكەممەل تەشكىللەنمىسە، ئۇنداق يۈكسەك مەزمۇنمۇ زىيانغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا، يازغۇچى بەدىئىي شەكىلنى مۇۋاپىق تەشكىللەش ماھارىتىنى ئوبدان ئىگىلەش لازىم.

مۇنەۋۋەر يازغۇچىلار گەرچە ئوخشاش بىر خىل ژانىردا ئەسەر يازسىمۇ، لېكىن قوللانغان تىل، قۇرۇلما، ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى، سيۇژېت ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلاردا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە

ئىگە بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئوخشاش ژانىرلارنىڭ بەدىئىي شەكلىنىمۇ ئۆزىگە خاس ئىجادچانلىقتا ئىگە قىلىدۇ. ئىجادچانلىق قانچە روشەن ھەم گەۋدىلىك بولسا، ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭا، ئەدەبىي ئەسەر شەكلىنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە ئىجادچانلىقىنى بەدىئىيلىك ئۆلچىمىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى دەپ قارايمىز.

## 21. ئەدەبىي تەنقىد بىلەن ئوبزورنىڭ قانداق پەرقى بار؟

جاۋاب: ئەدەبىي تەنقىد — بەلگىلىك ئېستېتىك تارىخىي نۇقتىئىنەزەر ئارقىلىق ھەرخىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھادىسىلىرى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەمەلىيىتى ھەققىدە تەھلىل ـ تەتقىق ئېلىپ بېرىپ، بەلگىلىك باھا، پوزىتسىيىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان ئىلمىي پائالىيەت.

ئەدەبىي ئوبزور — مەلۇم ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھادىسىسى ياكى مەلۇم ئەدەبىي ئەسەر ھەققىدىكى باھالاش، تونۇشتۇرۇش خاراكتېرلىك ئىلمىي پائالىيەت.

گەرچە ئەدەبىي ئوبزور ماقالىلىرى ئەدەبىي تەنقىد ماقالىلىرىنىڭ بىر تۈرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ھەقىقىي مەنىدىكى مۇكەممەل ئەدەبىي تەنقىد دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئەدەبىي ئوبزور ماقالىلىرى تەتقىقات خاراكتېرىنىڭ ئاجىزلىقى، ھازىرجاۋابلىقى، پوزىتسىيىسىدىكى سۇبيېكتىپچانلىقنىڭ گەۋدىلىكلىكى، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشىنىڭ قانداقلىقىنى ئاساسلىق باھالاش ئوبيېكتى قىلىدىغانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە ئەدەبىي تەنقىدتىن روشەن پەرقلىنىدۇ. كونكرېتراق ئېيتقاندا:

بىرىنچىدىن، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تەتقىقات خاراكتېرى كۈچلۈك بولىدۇ. ئوبزورنىڭ باھالاش، تونۇشتۇرۇش خاراكتېرى گەۋدىلىك بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئىلمىيلىكى، نەزەرىيىۋىلىكى

كۆچلۈك بولىدۇ. ئوبزورنىڭ سۇبيېكتىپچانلىقى، تەسىراتچانلىقى گەۋدىلىك بولىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىي ئەسەر، يازغۇچى ھەم ئەدەبىي ھادىسىلەرگە، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھەم مەزمۇن، ھەم سەنئەت تەجرىبىلىرى ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك باھا بەرسە، ئەدەبىي ئوبزوردا پەقەت ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىپادىلەنگەن ئىدىيىۋى خاھىشنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى، ئىجتىمائىي تەسىرنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ھەققىدە باھالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## 22. ئەدەبىي تەنقىد قانداق پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىشى كېرەك؟

جاۋاب: توغرا تەنقىدنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى پرىنسىپلارغا قەتئىي ئەمەل قىلىش كېرەك:

بىرىنچى، ئەدەبىي تەنقىد توغرا قىممەت قارىشى ۋە كۈچلۈك ئىلمىيلىكنى يېتەكچى قىلىش كېرەك. ئەدەبىي تەنقىد بىرخىل پەن. ئۇ ئىنتايىن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك ئىلمىي پائالىيەت بولۇپ، كۈچلۈك ئىلمىيلىك ۋە ئادىللىقنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئىلمىيلىكى دېگەندە، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى شەيئىي ۋە ھادىسىلەرنى سەنئەتنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئىنچىكە تەھلىل قىلىش ۋە ئوبيېكتىپ باھا بېرىش تەكىتلەنسە، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ توغرا، ئادىللىقى دېگەندە، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شەيئىلەر مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلارغا قارىتا يازغۇچىنىڭ پوزىتسىيىسىگە نىسبەتەن تەنقىدچىنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنى ئاساس قىلىپ ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ھەقىقىي ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن باھا بېرىش لازىملىقى تەكىتلىنىدۇ. بۇ تەلەپكە يېتىش ئۈچۈن تەنقىدچى پۇختا نەزەرىيىۋى ئاساسقا ۋە يۇقىرى بەدىئىي تالانتقا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئەڭ قىزغىن سۆيىدىغان، ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان، سوغۇققان، پاك ـ دىيانەتلىك، ئاق كۆڭۈل ئادەم بولۇشى، مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق،

چوڭقۇر تەھلىل قىلالايدىغان، بىر تەرەپلىمە ھالدا ئۆز خاھىشى بويىچىلا خۇلاسە چىقىرىپ قويۇشتىن ساقلىنالايدىغان، پەزىلەتلىك ئەدىب بولۇشى لازىم. پرىنسىپسىز ھالدا ماختاپ، ئۇچۇرۇشمۇ ياكى بىر تەرەپلىمە ھالدا قارىغۇلارچە ئەيىبلەۋېرىشمۇ ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ۋە تەنقىدچىنىڭ نوپۇزى ئۈچۈنمۇ زىيانلىق. شۇڭا مۇھىمى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش لازىم.

ئىككىنچى، سەنئەت قانۇنىيىتىنى ھۆرمەت قىلىش، مۇنەۋۋەر ئەنئەنىلەرنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. سەنئەت قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش دېگەنلىك، تەنقىدچىلەرنىڭ ئەدەبىي تەنقىد ئەمەلىيىتى جەريانىدا سەنئەتنىڭ تىپىكلەشتۈرۈش ئارقىلىق بەدىئىي ئوبراز يارىتىدىغانلىقى، رېئاللىقنى مەنبە قىلىدىغانلىقى، يېڭى سەنئەتنىڭ كونىلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدىغانلىقى، ھەرقايسى تۈر - ژانىرلار ئۆزلىرىگە خاس ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدىغانلىقىدەك نەزەرىيىۋى قائىدىلەرنى نەزەرگە ئېلىش دېگەنلىك. مۇنەۋۋەر ئەنئەنىلەرنى جارى قىلدۇرۇش دېگەنلىك، ئەجدادلار قالدۇرۇپ كەتكەن نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك جەھەتتىكى ئېسىل تەجرىبىلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش دېگەنلىك. بۇنىڭ ئۈچۈن تەنقىدچى ئىدىيىۋى يۈكسەكلىككە (ئىدىيىۋى ئازادلىققا) ۋە سەنئەت دېموكراتىيىسى ئېڭىغا ئىگە بولۇش كېرەك. بۇ تەلەپكە يېتىش ئۈچۈن تەنقىدچى ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى، ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئەدەبىي تەنقىد تارىخىنى پىششىق ئۆگىنىشى ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىشى لازىم.

ئۈچىنچى، تەنقىد ئەركىنلىكىنى ئاساس قىلىپ، ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش. تەنقىد ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىش سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم تەدبىرى. تەنقىد ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىش تەنقىدچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ۋە ئىجادچانلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىشقا سېلىش

ئىمكانىيىتى يارىتىدۇ، ئەدەبىي تەنقىدنى تېخىمۇ باي ۋە يېپيېڭى تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە ناھايىتى كەڭ ئىجادىيەت ئەركىنلىك زېمىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

تەنقىد ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىشتىن مەقسەت شۇكى، سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنى «بارچە گۇللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» تىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك سەنئەت يۆنىلىشى بويىچە گۈللەندۈرۈش.

تۆتىنچى، ئەدەبىي تەنقىدتە ئومۇمىيلىق ۋە پۇتۇنلۇك قارىشىدا چىڭ تۇرۇش. ئومۇمىيلىق، پۇتۇنلۇك نۇقتىئىنەزىرىدە چىڭ تۇرۇش ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئىلمىيلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مۇھىم شەرتى. قانداق قىلغاندا ئومۇملۇق ۋە پۇتۇنلۇك كۆز قارىشىدا چىڭ تۇرغىلى بولىدۇ؟

1) ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي ھادىسىلەرنى ئېستېتىك نۇقتىئىنەزەر ھەم تارىخىي نۇقتىئىنەزەر ئاساسىدا ئىدىيىۋى ۋە ئەدەبىي جەھەتتىن باھالاش.

2) ئەسەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى بىلەن ئاپتورنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە ئۇ ياشىغان جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ قاراپ باھالاش.

3) ئومۇملۇق بىلەن قىسمەنلىكنى بىرلەشتۇرۇپ، ئومۇمىي قىممىتىگە قاراش. يەنى ئەسەرنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن يېتەرسىزلىكى، مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن مەغلۇبىيىتى ئۈستىدە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ خۇلاسە چىقىرىش.

## 23. ئەدەبىي تەنقىدچى قانداق شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك؟

جاۋاب: بىرىنچى، يۇكسەك ئىدىيىۋى قاراش ۋە گۈزەل پەزىلەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. بىر مۇنەۋۋەر ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ يېتىشىپ چىقىشى100 مۇنەۋۋەر يازغۇچىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىدىنمۇ مۇشكۇلدۇر. چۈنكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمكى، ھازىرقى،

بۈگۈنكىدىن ئىبارەت مۇكەممەل ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئۇنىڭدا تىلغا ئېلىنىدىغان نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر يازغۇچى، شائىرلىرى بار. ئەپسۇسكى، ئەنەشۇ ئەدەبىيات تارىخىمىزنى تەتقىق قىلغان ئەدەبىي تەنقىد تارىخىمىز ۋە مۇنەۋۋەر ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىز يوق دېيەرلىك. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇنەۋۋەر ئەدەبىي تەنقىدچى بولۇش بىرقەدەر قىيىن. يازغۇچى، شائىرلار ۋە ئوقۇرمەنلەرمۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنى ئەۋلىيا ھېسابلاپ، ئۇلارغا چوقۇنىدۇ، ئۇلارغا ئىشىنىدۇ، ئۇلاردىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋېلىشنى ئويلايدۇ. شۇڭا ئەدەبىي تەنقىدچى يۈكسەك ئىدىيىۋى قاراش ۋە ئالىيجاناب پەزىلەت ئىگىسى بولۇشى كېرەك. يۈكسەك ئىدىيىۋى قاراش ئىگىسى بولۇش دېگەنلىك، دەۋرنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان ئىلغارلىق، ئۈمىدۋارلىق، تەرەققىيپەرۋەرلىك ئىدىيىسىگە، ئىنسانىيەتنىڭ روھىي ئازادلىقى، خۇشاللىقى، بەختى يولىدا پىداكارلىق خاھىشىغا، ۋەتەننى، مىللەتنى، ئۆزىنى قىزغىن سۆيىدىغان روھقا ئىگە بولۇش دېگەنلىك. ئالىيجاناب پەزىلەتلىك بولۇش دېگەنلىك، شەخسىيەتسىز، ئادىل، ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، راستچىل، ھەقىقەت ئۈچۈن بەدەل تۆلەشتىن قورقمايدىغان، ئۆز ئەقىدىسى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى كۈرەش قىلىدىغان ئادەم بولۇش دېگەنلىك.

ئىككىنچى، پۇختا نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇش. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيىسى بىلەن مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ. چۈنكى تەنقىدچى ئەدەبىي تەنقىد جەريانىدا ئەدەبىياتنىڭ تىپىكلەشتۈرۈش پرىنسىپلىرى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى، بەدىئىي ئۇسلۇب، ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ، شارائىت بىلەن خاراكتېرنىڭ، مەنبە بىلەن ئېقىننىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر نەزەرىيىۋى پرىنسىپلارنى يېتەكچى قىلىدۇ. نەزەرىيىۋى پرىنسىپلارغا تايانماي، سۇبيېكتىپ خىيالى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئەدەبىي تەنقىد ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولالمايدۇ. شۇڭا، تەنقىدچى پۇختا نەزەرىيىۋى بىلىمگە ئىگە بولۇشى لازىم.

ئۈچىنچى، مۇكەممەل بەدىئىي تەربىيىلىنىشكە ئىگە بولۇش.

يەنى نورمال ئەدەبىي زوقلىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، ئەدەبىي تەنقىد ئۇسۇلى، ئەدەبىي تەنقىد ئۆلچىمىنى قوللىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئەتراپلىق تەربىيىلىنىپ، بەلگىلىك ئەدەبىي تەنقىد تەجرىبىسىگە ئىگە بولۇش لازىم.

تۆتىنچى، يازغۇچىنىڭ ھەقىقىي سىردىشى ۋە سەمىمىي مەسلىھەتچىسى بولۇش. ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىنتايىن مۇرەككەپ، جاپالىق مەنىۋى ئەمگەك ۋە جىسمانىي ئەمگەكنىڭ مېۋىسى، ئەدەبىي تەنقىدتە ئەنە شۇ جاپالىق ئەمگەك مېۋىسىنى تەتقىق قىلىش، باھالاش ئارقىلىق ئۇنىڭ شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، جەۋھىرىنى خەلققە تاپشۇرۇش ھەمدە ئاشۇ ئەمگەك مېۋىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان يازغۇچىلارنى تەربىيىلەش، ئاسراش، قوغداش، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئاخىرقى ھېسابتا ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تەنقىدچى يازغۇچىلار بىلەن چوڭقۇر سىردىشىپ، ئۇلارنىڭ ياخشى دوستىغا ئايلىنىشى، ئۇلارغا كۆيۈنۈشى، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئالقىشلىشى، مۇئەييەنلەشتۈرۈشى، ئۇلارنىڭ ياخشى مەسلىھەتچىسى بولۇشى، يېتەرسىزلىك ـ خاتالىقلىرىنى دادىللىق، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ يېقىن ياردەمچىسى بولۇش لازىم.

# ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئۈچۈن تەقلىدىي ئىمتىھان سوئاللىرى (1)

I . سوئال: بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭ.

1. ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسى ______ .

2. ______ ئەدەبىياتنىڭ جېنى.

3. ______ بەدىئىي ئوبرازنىڭ يادروسى.

4. تىپىكلەشتۈرۈش ئىككى تەرەپنى، يەنى ______ بىلەن ______ نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

5. ئەدەبىيات بىر خىل ئالىي فورمىسى بولۇپ، ئۇ ______ غا مەنسۇپتۇر.

6. پروزا ئەسەرلەر ھەجىمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، سيۇژىتىنىڭ ئاددىي - مۇرەككەپلىكى، پېرسوناژلىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ ______ دەپ ئۈچ خىل ژانىرغا بۆلۈنىدۇ.

7. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلى ______ يارىتىش ئارقىلىق بىرلەشتۈرۈلىدۇ.

**II سوئال: تۆۋەندىكى سوئاللارنىڭ ھەربىرىگە ئۈچتىن جاۋاب بېرىلگەن. بۇلارنىڭ پەقەت بىرىلا توغرا، سىز توغرا دەپ قارىغىنىڭىزنى تاللاپ، ئاخىرىدىكى تىرناق ئىچىگە « ✓» بەلگىسىنى قويۇڭ.**

1. ئەدەبىيات:

A. ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن ئالاقىسى بولمىغان «مۇتلەق روھ» نىڭ مەھسۇلى. ( )

B. ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ يازغۇچىلار مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى. ( )

C. يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنىڭ، ئىلھامىنىڭ مەھسۇلى. ( )

2. ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسى:

A. كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەر

B. چەت ئەل ئەدەبىي ئەسەرلىرى

C. ئىجتىمائىي تۇرمۇش

3. ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشتا:

A. پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. ( )

B. شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ مېغىزىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. ( )

C. ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ( (

**Ⅲ سوئال: تۆۋەندىكى ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلاڭ.**

1. پېرسوناژ - 2. دىئالوگ -

3. مونولوگ - 4. خاراكتېر -

5. شېئىر - 6. رىتىم -

7. لىرىكا - 8. كىنو -

9. مونتاژ - 10. رېئالىزم -

**Ⅳ سوئال: تۆۋەندىكى سوئاللارغا ئىخچام جاۋاب بېرىڭ**

1. تىلنى ئۆگىنىش ۋە بېيىتىشتا قانداق ئۇسۇللارنى قوللىنىش كېرەك؟

2. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ بەدىئىيلىك ئۆلچىمى قايسى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

**Ⅴ سوئال: تۆۋەندىكىلەرگە تەبىر بېرىڭ؟**

1. بەدىئىي ئوبراز دېگەن نېمە؟

2. بەدىئىي تىپ دېگەن نېمە؟

3. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى دېگەن نېمە؟

4. ئىجادىيەت ئۇسۇلى دېگەن نېمە؟

5. بەدىئىي زوق دېگەن نېمە؟

**VI سوئال: تۆۋەندىكىلەرنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.**

1. تىپ يارىتىشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇللىرى قايسىلار؟

2. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟

3. دۇنيا قاراش بىلەن ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟

4. ئەدەبىي زوق بىلەن ئەدەبىي تەنقىدنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟

**VII سوئال: بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك جۈپ ئۇقۇملارنىڭ مۇناسىۋىتىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ؟**

1. تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن بەدىئىي چىنلىقنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە پەرقىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

2. تىپىك شارائىت بىلەن تىپىك پېرسوناژنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟

3. سيۇژېت بىلەن كومپوزىتسىيىنىڭ پەرقى قانداق؟

## I سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. ئىجتىمائىي تۇرمۇش
2. چىنلىق
3. ئادەم
4. ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇش، ئومۇملاشتۇرۇش
5. ئۇستقۇرۇلما
6. hېكايە، پوۋېست، رومان
7. بەدىئىي ئوبراز

## II سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. B توغرا، 2. C توغرا، 3. B توغرا.

## III سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. ئادەم ۋە ئادەم خاراكتېرىدىكى شەيئىلەر ياكى ئەسەر قاتناشچىلىرى.

2. سۆزلىشىش، گەپلىشىش.
3. پېرسوناژلارنىڭ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىشى.
4. ئالاھىدىلىك، بەلگە، خۇسۇسىيەت.
5. سەزمەك، ھېس قىلماق، كۆيلىمەك.
6. ماسلىشىش، لايىقلىشىش.
7. ئەدەبىي ئەسەردە ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات.
8. قىمىرلاش، مىدىرلاش.
9. ئۆيۈشتۇرۇش، تەشكىللەش، سەپلەپ چىقىش.
10. ئەمەلىيەت، ئەمەلىيەتكە يېقىن.

## Ⅳ سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. تىل ئۆگىنىش يازغۇچى - شائىرلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. ئۇنى ياخشى ئۆگىنىش ئۈچۈن: (1) خەلق ئىچىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلق تىلىنى پىششىق، ئەتراپلىق ئۆگىنىش كېرەك. (2) مەلۇم چەت ئەل تىللىرىنىمۇ ئوبدان ئۆگىنىش لازىم. (3) قەدىمكى ۋە بۈگۈنكى ئەدەبىي تىلنى چۈشىنىش ۋە مۇۋاپىق قوللىنىشنى ئۆگىنىش لازىم.

2. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ بەدىئىيلىك ئۆلچىمى ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) ئوبراز تەسۋىرىنىڭ جانلىقلىق، روشەنلىك، تەسىرچانلىقى. (2) ئىپادىلەنگەن ھېسسىياتنىڭ چوڭقۇرلۇق، چىنلىق، سەمىمىيلىكى. (3) بەدىئىي شەكلىنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە ئىجادچانلىقى.

## Ⅴ سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. يازغۇچىنىڭ رېئال تۇرمۇش ئاساسىدا تاللاش، تاۋلاش، پىششىقلاپ ئىشلىشى ئارقىلىق يارىتىلغان، بەلگىلىك ئىدىيىۋى ئەھمىيەتكە ۋە ئېستېتىك ئەھمىيەتكە ئىگە كونكرېت جانلىق تۇرمۇش كارتىنىسى بەدىئىي ئوبراز دېيىلىدۇ.

2. يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان، بەلگىلىك

ئىجتىمائىي مەنىنى ئىپادىلەيدىغان، مۇستەقىل ئالاھىدىلىك ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان بەدىئىي ئوبراز بەدىئىي تىپ دېيىلىدۇ. (يۇكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرگە ئىگە بەدىئىي ئوبراز بەدىئىي تىپ دېيىلىدۇ).

3. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن تاللىۋېلىنغان ۋە پىششىقلانغان تۇرمۇش ھادىسىلىرى ۋە يازغۇچىنىڭ ئاشۇ تۇرمۇش ھادىسىلىرى ھەققىدىكى تونۇشى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى دېيىلىدۇ.

4. يازغۇچى ـ سەنئەتكارلارنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىش، ئۆگىنىشىدىن تارتىپ تاكى بەدىئىي ئوبراز يارىتىپ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشكىچە بولغان جەريانلارنىڭ ھەممىسىدە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك توپ پرىنسىپ ۋە ئۇسۇللارنىڭ يىغىندىسى ئىجادىيەت ئۇسۇلى دېيىلىدۇ.

5. ئوقۇرمەن ۋە كۆرەرمەنلەرنىڭ بەدىئىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش، كۆرۈش جەريانىدىكى تەسىرلىنىش، ھۇزۇرلىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت پسىخىك پائالىيەت جەريانى بەدىئىي زوق دەپ ئاتىلىدۇ.

## VI سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. تىپ يارىتىشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇللىرى ئۈچ خىل: (1) كۆپلىگەن خام ماتېرىياللارنى كەڭ تۈردە مەركەزلەشتۈرۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا تىپ يارىتىش. (2) پروتوتىپ ئاساسىدا تىپ يارىتىش. (3) تۇرمۇشتا كەم ئۇچرايدىغان، تېخى بىخ ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان، لېكىن ئىستىقبالى پارلاق، قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان يېڭى شەيئىلەرنى بەدىئىي جەھەتتىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مۇبالىغىلەشتۈرۈپ تىپ يارىتىش (غايىۋىلاشتۇرۇش شەكلى بىلەن تىپ يارىتىش).

2. مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ مۇناسىۋىتى ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: (1) مەزمۇن ھامان شەكىلنى بەلگىلەيدۇ. (2)

بەدىئىي شەكىلمۇ نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولۇپ، مەزمۇنغا قارىتا ئاكتىپ ھەم پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. بۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى مۇناسىۋىتىدۇر.

3. دۇنيا قاراش بىلەن ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ مۇناسىۋىتىدە: (1) دۇنيا قاراش ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى بەلگىلەيدۇ. يەنى يازغۇچىنىڭ قانداق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى تاللاش، قوللىنىشىنى ۋە ئەسەرنىڭ ئاساسىي خاھىشىنى بەلگىلەيدۇ. (2) ئىجادىيەت ئۇسۇلىمۇ دۇنيا قاراشقا قارىتا نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولۇپ، ئۇ دۇنيا قاراشنىڭ ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. ئۇنىڭ تارىخىي ۋارىسچانلىقى كۈچلۈك. (3) دۇنيا قاراش بىلەن ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئوتتۇرىسىدا ھەم بىرلىك، ھەم قارىمۇ قارشىلىق بار. ئۇلار بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

4. ئەدەبىي زوق بىلەن ئەدەبىي تەنقىد ئوتتۇرىسىدا ھەم ئوخشاشلىق ھەم پەرق بار. ئوخشاشلىق: (1) ھەر ئىككىسى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئۆزىنىڭ ئوبيېكتى قىلىدۇ. (2) ھەر ئىككىسى بەدىئىي بىلىش قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىدۇ. (3) ھەر ئىككىسى ئوقۇرمەن ۋە تەنقىدچىنىڭ دۇنيا قارشى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. پەرقى:

(1) زوقلىنىشتا ئوقۇرمەننىڭ سۇبيېكتىپ ياخشى كۆرۈشىگە يول قويۇلىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدتە ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتۇش ۋە پرىنسىپال بولۇش ئاساس قىلىنىدۇ.

(2) زوقلىنىش ئوبيېكتى پەقەت ئەدەبىي ئەسەرلەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئەدەبىي تەنقىد ئوبيېكتى ئەدەبىي ئەسەر بىلەن چەكلەنمەي، بەلكى يازغۇچى، ئەدەبىي ئېقىم، ئەدەبىي ھادىسىلەرنىمۇ ئۆز ئوبيېكتى قىلىدۇ.

### VII سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن بەدىئىي چىنلىق زىچ مۇناسىۋەتلىك. تۇرمۇش چىنلىقى بولمىسا بەدىئىي چىنلىقمۇ بولمايدۇ. بەدىئىي چىنلىق تۇرمۇش چىنلىقىنى ئۆزىنىڭ كېلىش

مەنبەسى قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ پەرقى مۇنداق: (1) تۇرمۇش چىنلىقى تارقاق، چېچىلاڭغۇ، تەبىئىي خام ماتېرىياللاردۇر. بەدىئىي چىنلىق بولسا ئومۇملاشتۇرۇلغان، مەركەزلەشتۈرۈلگەن، پىششىقلانغان ماتېرىياللاردىن ئىبارەت. (2) تۇرمۇش چىنلىقى پاكىت، كۆرۈنۈش جەھەتتىكى چىنلىق. ئۇ ھەقىقىي، مول بولسىمۇ ماھىيەتنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. بەدىئىي چىنلىق تاللانغان، تاۋلانغان چىنلىق بولغاچقا تېخىمۇ چىن، تېخىمۇ تىپىك، تېخىمۇ ئومۇمىي بولىدۇ. ئۇ ماھىيەتنى، قانۇنىيەتنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. (3) تۇرمۇش چىنلىقى تەبىئىي ھالەتتىكى نەرسە بولغاچقا ساپ ئوبيېكتىپ بولىدۇ. بەدىئىي چىنلىق ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپنىڭ بىر ئىككى بولۇپ، ئۇ يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. تىپىك شارائىت بىلەن تىپىك پېرسوناژنىڭ مۇناسىۋىتىدە: (1) بەلگىلىك تىپىك شارائىت بەلگىلىك تىپىك پېرسوناژنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنى بەلگىلەيدۇ. تىپىك پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. (2) تىپىك خاراكتېرمۇ ئۆز نۆۋىتىدە تىپىك شارائىتقا تەسىر كۆرسىتىدۇ، ھەتتا شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ.

3. سيۇژىت بىلەن كومپوزىتسىيىنىڭ پەرقى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ: (1) سيۇژىت مەزمۇنغا تەئەللۇق ئامىل. كومپوزىتسىيە شەكىلگە تەئەللۇق ئامىل. (2) ھەرقانداق ئەسەردە سيۇژىت بولمايدۇ. ئەمما ھەرقانداق ئەسەردە كومپوزىتسىيە بولىدۇ. (3) سيۇژىت بولسا باشلاش، راۋاج، كولمىناتسىيە، يېشىمدىن ئىبارەت سيۇژىت بۆلەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، كومپوزىتسىيە سيۇژىت بۆلەكلىرىدىن باشقا، يەنە مۇقەددىمە، خاتىمە، ئاپتورنىڭ قىستۇرما بايانى، مۇھاكىمىسى قاتارلىق سيۇژىتقا تەئەللۇق بولمىغان

بۆلەكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

# تەقلىدىي ئىمتىھان سوئاللىرى (2)

**I سوئال: تۆۋەندىكى ئۇقۇملارغا تەبىر بېرىڭ؟**

1. تىپىكلەشتۈرۈش دېگەن نېمە؟
2. ئوبرازلىق تەپەككۇر دېگەن نېمە؟
3. ئەدەبىي تىل دېگەن نېمە؟
4. باش تېما دېگەن نېمە؟
5. لىرىك شېئىر دېگەن نېمە؟

**II سوئال: بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭ؟**

1. بەدىئىي تىپ ئادەتتە ————، ————، ———— قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
2. ئىقتىسادىي بازىس ———— ۋە ———— نىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت.
3. شېئىرلار مەزمۇن خاراكتېرىگە ئاساسەن ———— ۋە ———— لارغا بۆلۈنىدۇ.
4. كونكرېت پېرسوناژ، كونكرېت شارائىت تەسۋىرى ھەم مۇكەممەل ھېكايە سيۇژىتىغا ئىگە بولۇش ———— ئەسەرلەرنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىدۇر.
5. ئومۇمەن رومانتىزم ———— ۋە ———— دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.
6. ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدىغان شەكلىي ئامىلنىڭ ئەڭ ئاساسلىقى ———— دىن ئىبارەت.

**III سوئال: تۆۋەندىكى سوئاللارنىڭ ھەربىرىگە ئۈچتىن جاۋاب بېرىلگەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرىلا توغرا، سىز توغرا دەپ قارىغىنىڭىزنى تاللاپ، ئاخىرىدىكى تىرناق**

ئىچىگە «✓» بەلگىسىنى قويۇڭ.

1. ئەدەبىياتنىڭ توپ ئالاھىدىلىكى

A. رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىش. ( )

B. بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۇرۇش. ( )

C. رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇش. ( )

2. يازغۇچى ـ شائىرلار

A. توغرا دۇنيا قاراشقا ئىگە بولۇش كېرەك. ( )

B. ئىلغار ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللانسىلا بولىدۇ. ( )

C. توغرا دۇنيا قاراشقا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىلغار ئىجادىيەت ئۇسۇلى قوللىنىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك. ( )

3. ئەدەبىي تەنقىد

A. ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق. ( )

B. توغرا، ئىلمىي، ساغلام ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق. ( )

C. ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ گۈللىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ( )

4. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە

A. ئوبرازلىق تەپەككۇرلا قوللىنىلىدۇ. ( )

B. ئوبرازلىق تەپەككۇر ھەم ئابستراكت تەپەككۇر ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىلىدۇ. ( )

C. ئابستراكت تەپەككۇر قوللىنىلمايدۇ. ( )

5. «يىللارغا جاۋاب» نىڭ ئاپتورى

A. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ( )

B. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ( )

C. ل. مۇتەللىپ ( )

Ⅳ **سوئال: تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەرنى قىسقا بايان قىلىڭ؟**

1. ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق؟
2. تىل سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى قايسى؟
3. نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق؟
4. ئىلغار ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق؟
5. بەدىئىي ئوبرازنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق؟

Ⅴ **سوئال: تۆۋەندىكىلەرگە ئىخچام جاۋاب بېرىڭ؟**

1. قاپىيەنىڭ شېئىرىي ئەسەرلەردە قانداق رولى بار؟
2. نېمە ئۈچۈن ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشنى تەكىتلەيمىز؟
3. ئەدەبىياتنى نېمە ئۈچۈن تىل سەنئىتى دەيمىز؟

Ⅵ **سوئال: تۆۋەندىكى ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلاڭ.**

1. ئىندىۋىدۇئاللىق —
2. پرولوگ—
3. ئېپىلوگ—
4. پېزاژ—
5. مەرسىيە—
6. پورتېرىت —
7. كولمىناتسىيە —
8. كومپوزىتسىيە —
9. پىسخىكا —
10. مۇبالىغە —

Ⅶ **سوئال: تۆۋەندىكى بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك جۈپ ئۇقۇملارنىڭ مۇناسىۋىتىنى قىسقىچە ئىزاھلاڭ؟**

1. ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى «مەنبە» بىلەن «ئېقىن» نىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېيتىپ بېرىڭ؟
2. كەڭ مەنىدىكى ئەدەبىي تىل بىلەن تار مەنىدىكى ئەدەبىي تىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېيتىپ بېرىڭ؟
3. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلىنىڭ مۇناسىۋىتىنى سۆزلەڭ.

## Ⅰ سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش ماتېرىياللىرىغا قارىتا يۈكسەك

دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇش، مەركەزلەشتۈرۈش ۋە بەدىئىي توقۇلما ئارقىلىق يارىتىپ چىققان يۈكسەك ئومۇملۇققا ۋە تىپىكلىككە ئىگە بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىش جەريانى تىپىكلەشتۈرۈش دەپ ئاتىلىدۇ.

2. جانلىق، كونكرېت ئوبرازلار ئارقىلىق پىكىر يۈرگۈزۈلىدىغان تەپەككۇر شەكلى ئوبرازلىق تەپەككۇر دېيىلىدۇ.

3. مىللىي ئورتاق تىل ئاساسىدا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، قېلىپلاشقان، بىر مىللەت خەلقى ئورتاق چۈشىنىدىغان، ئورتاق قوللىنىدىغان يېزىق تىلى ئەدەبىي تىل دېيىلىدۇ.

4. ئەدەبىي ئەسەر تېمىلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان مەركىزىي ئىدىيە ياكى تۈپ مەسىلە باش تېما دېيىلىدۇ.

5. شائىرنىڭ سىرتقى ئالەمدىن ئالغان تۇيغۇ ـ تەسىراتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن سۇبيېكتىپ ھېسسىياتنى ئىپادىلەشنى ئاساس قىلىدىغان شېئىرلار لىرىك شېئىر دېيىلىدۇ.

### Ⅱ سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. تىپىك پېرسوناژ، تىپىك شارائىت، تىپىك ۋەقە

2. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى.

3. لىرىك شېئىرلار، ئېپىك شېئىرلار

4. پىروزا

5. ئاكتىپ رومانتىزم، پاسسىپ رومانتىزم

6. مىللىي تىل

### Ⅲ سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. B توغرا، 2. C توغرا، 3. B توغرا، 4. B توغرا، 5. C توغرا.

### Ⅳ سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ئالاھىدىلىكى:

1) ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ پۈتكۈل جەريانى باشتىن ـ ئاخىر

ئوبرازدىن ئايرىلمايدۇ.

2) ئوبرازلىق تەپەككۇر جەريانى باشتىن ـ ئاخىر ھېسسىيات جەھەتتىكى ھاياجانلىنىشتىن ئايرىلمايدۇ.

3) ئوبرازلىق تەپەككۇر جەريانى باشتىن ـ ئاخىر گۈزەللىك تۇيغۇسىدىن ئايرىلمايدۇ.

4) ئوبرازلىق تەپەككۇر باشتىن ئاخىر ئىندىۋىدۇئاللىققا، ئىجادچانلىققا ئىگە بولىدۇ.

2. تىل سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى:

1) تىل سەنئىتىدە يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلار ۋاسىتىچانلىققا ئىگە بولىدۇ.

2) تىل سەنئىتى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى كۆپ تەرەپلىمە، چوڭقۇر ئېچىپ بېرەلەيدۇ.

3. نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى:

1) نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ ماتېرىيال تاللاش دائىرىسى كەڭ بولىدۇ. بۇ جەھەتتە ۋاقىت، ئورۇن چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ.

2) قويۇق لىرىكىچانلىققا ۋە كۈچلۈك ئوبرازچانلىققا ئىگە.

3) نەسرلەرنىڭ كومپوزىتسىيىسى ئەركىن ھەم جانلىق بولىدۇ.

4) نەسرلەرنىڭ ھەجمى ئىخچام، سەھىپىسى كىچىك بولىدۇ.

5) نەسرنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى خىلمۇخىل بولىدۇ.

4. ئىلغار ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى:

1) ئىلغار ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى ئىجتىمائىيلىققا، دەۋرچانلىققا ئىگە.

2) ئىلغار ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە.

3) ئىلغار ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە.

5. بەدىئىي ئوبرازنىڭ ئالاھىدىلىكى:

1) بەدىئىي ئوبرازلاردا كونكرېتلىق بىلەن ئومۇملۇق بىرلەشتۈرۈلىدۇ.

2) بەدىئىي ئوبرازدا ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپ

بىرلەشتۈرۈلىدۇ.

3) بەدىئىي ئوبرازدا مەزمۇن بىلەن شەكىل بىرلەشتۈرۈلىدۇ.

4) بەدىئىي ئوبراز ئىستېتىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

## V سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. قاپىيىنىڭ شېئىرىي ئەسەرلەردىكى رولى:

1) قاپىيە شېئىر مىسرالىرىدا مۇناسىپ ئاھاڭداشلىق پەيدا قىلىپ، شېئىر تىلىنى جاراڭلىق، مۇزىكىلىق ۋە گۈزەللىككە ئىگە قىلىدۇ.

2) شېئىرنى نوتىغا سېلىشقا، دېكلاماتسىيەقىلىشقا، يادلاشقا ئوڭايلىق توغدۇرىدۇ.

3) شېئىردىكى ھېسسىياتنى تەسىرلىنەرلىك ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

2. ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشنى تەكىتلىشىمىز:

1) ئەدەبىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى كونىلىرى ئاساسىدا يېڭىلىرىنى يارىتىشنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتى.

2) ئەدەبىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ زۆرۈر شەرتى.

3) مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىجادكارلىق روھىنى ۋە ئەخلاقىي - پەزىلىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولغاچقا، ئۇنى تەكىتلەيمىز.

3. بىز بارلىق سەنئەت شەكىللىرىنى تەسۋىرىي سەنئەت، ئورۇنلاش سەنئىتى، ئۇنىۋېرسال سەنئەت ۋە تىل سەنئىتى دەپ تۆت تۈرگە ئايرىيمىز. ھەرقايسى سەنئەت تۈرلىرىنىڭ ئوبراز يارىتىش ۋاسىتىسى ئوخشاشمايدۇ. مەسىلەن، تەسۋىرىي سەنئەتتە (رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق، نەققاشلىق) بوياق، تەسۋىرىي سىزىقلار ئارقىلىق ئوبراز يارىتىدۇ. ئورۇنلاش سەنئىتىدە (ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكا) ئاھاڭ، ئاھاڭ رىتىمى، ھەرىكەت، ھەرىكەت رىتىمى ئارقىلىق ئوبراز يارىتىدۇ. ئەدەبىياتتا بولسا پەقەت تىلنى

ۋاستە قىلىپ بەدىئىي ئوبراز يارىتىدۇ. شۇڭا ئەدەبىياتنى تىل سەنئىتى دەيمىز.

### VI سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. خاسلىق، ئايرىمىلىق
2. مۇقەددىمە، كىرىش سۆز
3. خاتىمە، ئاخىرقى سۆز
4. تەبىئەت تەسۋىرى، مەنزىرە تەسۋىرى
5. تەزىيە ناخشىسى، قايغۇلۇق كۈي
6. پېرسوناژلارنىڭ تاشقى قىياپىتى
7. يۇقىرى پەللە، يۇكسەك نۇقتا
8. ئەدەبىي ئەسەر قۇرۇلمىسى
9. روھىي ھالەت، ئىچكى پائالىيەت
10. كۆپتۈرۈش ياكى كىچىكلىتىش

### VII سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى مەنبە بىلەن ئېقىمنىڭ مۇناسىۋىتى تۆۋەندىكىچە:

1) ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى. ئۇ ئىنكاس قىلىنغۇچى. بۇ مەنبە بولمىسا ئەدەبىيات ـ سەنئەتمۇ بارلىققا كەلمەيدۇ.

2) قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە چەت ئەلنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى بۈگۈنكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۈچۈن پەقەت بىر ئېقىن، ئەينەك سۈپىتىدە پايدىلىنىدىغان ئەدەبىي ئەنئەنە، ئۇلارنى مەنبە دەپ قاراشقا قەتئىي بولمايدۇ.

2. كەڭ مەنىدىكى ئەدەبىي تىل بىلەن (ئەدەبىي تىل) تار مەنىدىكى ئەدەبىي تىل (ئەدەبىي ئەسەر تىلى) ئۆزئارا باغلىنىشقا ۋە روشەن پەرققە ئىگە ئۇقۇملاردۇر. ئۇلارنىڭ باغلىنىشىغا كەلسەك، كەڭ مەنىدىكى ئەدەبىي تىل ئۆز نۆۋىتىدە تار مەنىدىكى ئەدەبىي تىلنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تار مەنىدىكى ئەدەبىي تىل كەڭ مەنىدىكى تىل ئاساسىدا تاللىنىدۇ ۋە تاۋلىنىدۇ. ئەمدى ئىككىسىنىڭ پەرقىگە

كەلسەك:

1) كەڭ مەنىدىكى ئەدەبىي تىلنى جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەسىدە يەنى مائارىپ، ئاخبارات، نەشرىيات تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەن ساھەلىرىدە، نۇتۇق ۋە يېزىقتا كەڭ قوللىنىدۇ. تار مەنىدىكى ئەدەبىي تىلنى پەقەت ئەدەبىيات ساھەسىدىلا قوللىنىدۇ. تىل ئىشلىتىش تەلىپىدىن قارىغاندا، كەڭ مەنىدىكى ئەدەبىي تىلغا قويۇلىدىغان ئورتاق ۋە تۈپ تەلەپ شۇكى، توغرا بولۇش، ئېنىق بولۇش، جانلىق بولۇشتىن ئىبارەت. تار مەنىدىكى ئەدەبىي تىلغا قويۇلىدىغان تەلەپ يۇقىرىقى ئۈچ تەلەپتىن تاشقىرى، يەنە كونكرېت، ئوبرازلىق ۋە ئېستېتىك تەلەپكە ئۇيغۇن بولۇش تەلىپى قويۇلىدۇ.

3. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلىنىڭ مۇناسىۋىتى:

1) ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ئۇنىڭ شەكلىنى بەلگىلەيدۇ.

2) ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شەكلى ئۇنىڭ مەزمۇنىغا قارىتا ئاكتىپ ھەم پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

3) ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلى قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى بولۇپ، مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكى پەقەت بەدىئىي ئوبرازنىڭ ۋۇجۇدىدا كونكرېت گەۋدىلىنىدۇ.

# تەقلىدىي ئىمتىھان سوئاللىرى (3)

**I سوئال: تۆۋەندىكى سوئاللارنىڭ ھەربىرىگە ئۈچتىن جاۋاب بېرىلگەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرىلا توغرا، سىز توغرا دەپ قارىغىنىڭىزنى تاللاپ، ئاخىرىدىكى تىرناق ئىچىگە «✓» بەلگىسىنى قويۇڭ.**

1. ئىپتىدائىي سەنئەت

A. ئويۇن ـ تاماشانىڭ مەھسۇلى. (    )

B. ئۆزىنى ئىپادىلەشنىڭ مەھسۇلى. (    )

C . ئەمگەك تۇرمۇشىنىڭ مەھسۇلى. ( )
2 . ئەپسانە، رىۋايەتلەر
A . رېئاللىقنىڭ يازغۇچى مېڭىسىدىكى ئىنكاسى. ( )
B . يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ خىيالىنىڭ ئىنكاسى. ( )
C . رېئاللىق بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق.
3 . رېئاللىق رېئاللىقنىڭ ئەسلىي ھالىتى بويىچە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلسە
A . ناتۇرالىزم شەكىللىنىدۇ. ( )
B . رېئالىزم شەكىللىنىدۇ. ( )
C . سوتسىيالىستىك رېئالىزم شەكىللىنىدۇ. ( )
4 . ئەدەبىي تەنقىدنىڭ باھالاش ئوبيېكتى
A . ئەدەبىي ئەسەرلەر ( )
B . يازغۇچىلار، شائىرلار ( )
C . ئەدەبىي ئەسەرلەر، يازغۇچىلار ۋە ئەدەبىي ھادىسىلەر ( )

**Ⅱ سوئال: تۆۋەندىكى ئاتالغۇلارغا تەبىر بېرىڭ.**

1 . ئەدەبىي ئەسەرنىڭ سيۇژىتى دېگەن نېمە؟
2 . تۇرمۇش چىنلىقى دېگەن نېمە؟
3 . رومانتىزم دېگەن نېمە؟
4 . تېما دېگەن نېمە؟
5 . ئەدەبىياتنىڭ خەلقچىللىقى دېگەن نېمە؟

**Ⅲ سوئال: تۆۋەندىكى ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلاڭ.**

1 . ئىدىيىۋىلىك –
2 . چىنلىق –
3 . ئوبيېكتىپ –
4 . سۇبيېكتىپ –
5 . مېتود –
6 . پوئېما –
7 . قاپىيە –
8 . دراماتورگ –
9 . ۋەزىن –
10 . نەسر –

**Ⅳ سوئال: بوش ئورۇنلارنى مۇۋاپىق مەزمۇنلار بىلەن**

تولدۇرۇڭلار.

1. ئەدەبىيات ئىلمىي ئاساسەن ______ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. تېپىكلەشتۈرۈش جەريانى ______ ۋە ______ دىن ئىبارەت ئىككى مەزمۇندىن تەركىب تاپىدۇ.

3. شېئىرلار قۇرۇلما ۋە ئىپادىلەش شەكلىلىرىگە ئاساسەن ______، ______، ______ لارغا بۆلۈنىدۇ.

4. سىنىپىي زىددىيەت، سىنىپىي مەنپەئەتنىڭ ئەدەبىي ئەسەردىكى ئىنكاسى ______ دەپ ئاتىلىدۇ.

5. ماركسىزم دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى ______ ۋە ______ دەپ ئىككى كاتېگورىيىگە ئايرىغان.

6. كونىلىرى ئاساسىدا يېڭىلىرىنى يارىتىش ______ نىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتى.

7. ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى مۇھاكىمە ______ ۋە ______ دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ.

8. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ باش تېمىسى يازغۇچى تەرىپىدىن بىۋاستە ئىپادىلەنمەستىن، بەلكى ئەسەردىكى ______ ۋە ______ ئارقىلىق تەبىئىي ئىپادىلىنىدۇ.

**V سوئال: تۆۋەندىكى سوئاللارغا قىسقىچە جاۋاب بېرىڭ.**

1. سوتسىيالىستىك رېئالىزمنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى قانداق؟

2. رومان قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

3. شېئىرىيەت قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

**VI سوئال: تۆۋەندىكى بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك جۈپ ئۇقۇملارنىڭ مۇناسىۋىتىنى قىسقىچە ئىزاھلاڭ.**

1. ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلاشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

2. ئەدەبىياتتىكى سىنىپىيلىك بىلەن ئىنسان تەبىئىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈڭ.

**VII سوئال: تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.**

1. ماركسىزملىق ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

2. نېمە ئۈچۈن رومانتىزمنى ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئاساسلىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى دەيمىز؟

**I سوئالنىڭ جاۋابلىرى**

1. C توغرا

2. A توغرا

3. B توغرا

4. C توغرا

**II سوئالنىڭ جاۋابلىرى**

1. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ باش تېمىسى ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىش جەريانى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ سيۇژىتى دېيىلىدۇ.

2. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئەمەلىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەقىقىي ئادەم ۋە ھەقىقىي ئىشلار تۇرمۇش چىنلىقى دېيىلىدۇ.

3. رېئاللىق ئاساسىدىكى سۇبيېكتىپ ئارزۇ بويىچە بەدىئىي ئوبراز يارىتىپ، رېئاللىقنى غايىۋىلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەش ئۇسۇللىرى ۋە پرىنسىپلىرىنىڭ يىغىندىسى رومانتىزم دېيىلىدۇ.

4. يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشتىن تاللىۋالغان، پىششىقلاپ ئىشلىگەن ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى شەكىللەندۈرۈپ، باش تېمىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تەشكىللىگەن تۇرمۇش ماتېرىياللىرى تېما دېيىلىدۇ.

5. بەلگىلىك دەۋردىكى خەلقنىڭ ئىدىيە ـ ھېسسىيات، ئارزۇ

- غايە ۋە تۈپ مەنپەئەتىنىڭ ئەدەبىي ئەسەردىكى ئىنكاسى ئەدەبىياتنىڭ خەلقچىللىقى دېيىلىدۇ.

## Ⅲ سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. ئىدىيە، ھېسسىيات مايىللىق
2. ھەقىقىيلىق، راستلىق، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇنلۇق
3. كونكرېت مەۋجۇتلۇق، ئەمەلىي
4. پسىخىك خىيال، ئوي، ئارزۇ، ئىرادە، تەسەۋۋۇر
5. ئۇسۇل، چارە - تەدبىر، يول
6. داستان
7. شېئىر مىسرالىرىدىكى سۆز ۋە بوغۇملارنىڭ ئاھاڭداشلىقى
8. سەھنە ئەسەرلىرىنى يازغۇچى ئەدىب
9. جىلىڭ، ئۆلچەم، قېلىپ
10. چاچما بايان، قاپىيىسىز بايان

## Ⅳ سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئەدەبىي تەنقىد، ئەدەبىيات تارىخى
2. ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇش، ئومۇملاشتۇرۇش
3. ۋەزىنلىك شېئىر، چاچما شېئىر، نەسرىي شېئىر
4. ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىلىكى
5. ئىقتىسادىي بازىس، ئۈستقۇرۇلما
6. ئەدەبىيات تەرەققىياتى
7. ۋاستىلىك مۇھاكىمە، بىۋاستە مۇھاكىمە
8. پېرسوناژلار پائالىيىتى، سيۇژىت تەرەققىياتى

## Ⅴ سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. سوتسىيالىستىك رېئالىزمنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى: (1) سوتسىيالىستىك رېئالىزم يېڭىچە ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ روشەن، كۈچلۈك، كوممۇنىستىك پارتىيىۋىلىككە ئىگە. (2) پرولېتارىيات قەھرىمانلىرىنىڭ پارلاق ئوبرازىنى يارىتىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ. (3) سوتسىيالىستىك خەلقچىللىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە. (4) ئىنقىلابىي رومانتىزمنى

ئۆزىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سوتسىيالىستىك رېئالىزم مەزمۇنى سوتسىيالىستىك بولۇش، شەكلى مىللىي بولۇشتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. رومان تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە: (1) رومانىنىڭ ھەجمى چوڭ بولغانلىقتىن ئۇمۇ ئەينەن ئەھمىيەتكە ئىگە تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرىنى ھەر خىل پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ زىددىيەت - توقۇنۇشلىرى ئارقىلىق، بىرقەدەر مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. (2) روماندا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش مول ۋە كەڭ بولغانلىقتىن ئۇنىڭدا بىرنەچچە باش تېما ۋە سيۇژىت لىنىيىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئورگانىك ھالدا باغلانغان بولىدۇ. (3) روماندا مۇرەككەپ تۇرمۇش ھادىسىلىرى سۈرەتلەنگەچكە، ئۇنىڭ پېرسوناژلىرىمۇ كۆپ بولۇپ، تىپىك شارائىتتىكى تىپىك پېرسوناژلار خاراكتېرى تەسۋىرلىنىدۇ.

3. شېئىرىيەت مۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە: (1) شېئىرىيەتتە رېئاللىق يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. (2) شېئىرىيەتتە ئوبرازلىق تەپەككۇر كۈچلۈك بولىدۇ. (3) شېئىرىيەتتە ھېسسىيات كۈچلۈك، تەسەۋۋۇر مول بولىدۇ. (4) شېئىرىيەتنىڭ تىلى ئېنىق ھەم ئىخچام بولىدۇ. (5) شېئىرىيەتنىڭ تىلى ئاھاڭدار، مۇزىكىدار بولىدۇ.

## VI سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلاش دىئالېكتىك بىرلىك مۇناسىۋەتكە ئىگە. مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش يېڭىلاشنىڭ ئاساسى، يېڭىلاش بولمىسا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلىشمۇ بولمايدۇ. ۋارىسلىق قىلىش ئالدىنقى شەرت ۋە ئاساس. يېڭىلاش بولسا ئاخىرقى مەقسەت. يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىپ چىقىش مۇھىم نۇقتا. يېڭىلاش بولسا ماھىيەتتە شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى ساقلاپ قېلىش جەريانىدۇر.

2. سىنىپىيلىك سىنىپىي جەمئىيەت ئادەملىرىنىڭ بىر خىل ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى. ئىنسان تەبىئىتى بولسا سىنىپىي جەمئىيەت ۋە سىنىپسىز جەمئىيەت ئادەملىرىنىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى. سىنىپىي جەمئىيەت ئەدەبىياتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭدا سىنىپىيلىك بىلەن ئىنسان تەبىئىتى تەڭلا ئەكس ئەتتۈرۈلۈۋېرىدۇ. چۈنكى، ئەدەبىيات رېئاللىقنىڭ پىششىقلانغان ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى. بەزى ئەسەرلەردە سىنىپىيلىك گەۋدىلىك ئىپادىلەنسە، بەزى ئەسەرلەردە ئىنسان تەبىئىتى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. بەزى ئەسەرلەردە سىنىپىيلىك بىلەن ئىنسان تەبىئىتى گىرەلەشتۈرۈپ قاتمۇ قات ئىپادىلىنىدۇ. ئىنسان تەبىئىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەرمۇ كىشىلەرنىڭ بەدىئىي تەلىپىنى قاندۇرۇپ، گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلاندۇرۇپ، خاراكتېرىنى چېنىقتۇرۇپ، كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. شۇڭا، بىز ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سىنىپىيلىكنى ئېتىراپ قىلىپلا قالماي، بەلكى ئىنسان تەبىئىتىنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىمىز ۋە ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز لازىم. سىنىپىيلىكنى تەكىتلەپ، ئىنسان تەبىئىتىنى ئىنكار قىلىش، ئىنسان تەبىئىتىنى، تەكىتلەپ سىنىپىيلىكنى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنىڭ ھەر ئىككىسى ماركسىزملىق سەنئەت قارىشىغا خىلاپ.

## VII سوئالنىڭ جاۋابلىرى

1. ماركسىزملىق ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى:

1) ماركسىزملىق ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى ۋە ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى مۇكەممەل ۋە توغرا ئىزاھلاپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەدەبىيات ئەمەلىيىتى ۋە ئەدەبىيات ھەرىكىتىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنى سىستېمىلىق خۇلاسىلەش، بولۇپمۇ ئېلىمىز ۋە خەلقئارا پرولېتارىياتنىڭ ئەدەبىيات ئەمەلىيىتى ۋە ھەرىكىتىدىن ئىلمىي خۇلاسە چىقىرىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىش. (2) قالاق، ئەكسىيەتچى ئەدەبىيات ـ سەنئەت

نەزەرىيىلىرىنى ئۈزۈل ـ كېسىل تەنقىد قىلىش ئارقىلىق، ئېلىمىزنىڭ پرولېتارىياتلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن يول ئېچىش. (3) ئوقۇغۇچىلاردا دەسلەپكى قەدەمدە ماركسىزملىق سەنئەت قارىشىنى تۇرغۇزۇش ئارقىلىق، نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت هادىسىلىرىنى ئىلمىي ئاساستا توغرا ئىزاهلاپ بېرەلەيدىغان، ئەدەبىي ئەسەرلەرگە قارىتا كونكرېت تەهلىل ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشى ۋە سەنئەت تەجرىبىلىرىگە تېگىشلىك باها بېرەلەيدىغان ھەمدە بەلگىلىك ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە قاتنىشالايدىغان نەزەرىيە ئاساسى ۋە ئەمەلىيەت ئاساسىنى قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت.

2. رومانتىزمنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولۇشىنى ئىنسانلارنىڭ دائىم يېڭى ئارزۇ ـ غايىلەرگە ئىگە بولۇپ تۇرىدىغانلىقى، ئۇلاردا دائىم گۈزەل كېلەچەككە ئىنتىلىش روھىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت بەلگىلىگەن. گەرچە ئەدەبىيات رېئال تۇرمۇشنى مەنبە قىلسىمۇ، لېكىن غايىدىن چەتنەپ كەتمەيدۇ. ھەرقانداق ئادەمنىڭ هاياتىدا رېئاللىق بىلەن غايە بىرىكىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇنداق بىرىكىش كىشىلىك هاياتنىڭ بىر خىل ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى. شۇڭا، كىشىلەردىكى گۈزەل غايە، كېلەچەككە ئىنتىلىش روھى رومانتىزمنىڭ ئاساسىدۇر. دېمەك، رومانتىزم ئەدەبىيات تارىخىدا ئۇزاقتىن بۇيان بىر خىل ئاساسلىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولۇپ كەلگەن.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. «ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرى لۇغىتى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1998 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

2. «ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر» مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

3. «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» شىنجاڭ

ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1997 ـ يىل نەشرى.
4. «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1984 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
5. «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» ش. ئۇ. ئا. ر ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىش ئىشخانىسى 1993 ـ يىل باستۇرغان.
6. «ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
7. «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» شىنجاڭ رادىئو سىفەن داشۆسى 1982 ـ يىل تەرجىمە قىلىپ باستۇرغان.
8. «يېزىقچىلىق» ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش ئىشخانىسى 1988 ـ يىل تەرجىمە قىلىپ باستۇرغان.
9. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىل نەشرى.
10. «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىل نەشرى.
11. «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» شاڭخەي ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى 1985 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.
12. «ئەدەبىياتنىڭ يېتەكچى نەزەرىيىسى» تيەنجىن مائارىپ نەشرىياتى 1987 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.
13. «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى 1982 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

本书选入高教自学考试文学概论问答 269 题，附有一些模拟考试题及答案。

جاۋابكار مۇھەررىرى: رىزۋانگۈل ئابلىمىت
جاۋابكار كوررېكتورى: ئايشەم ئابدۇۋەلى
تېخنىكىلىق مۇھەررىرى: ئارزۇگۈل سىدىق

ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ
ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئۈچۈن

# ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىن سوئال - جاۋابلار

تۈزگۈچى: مۇھەممەتقازى ئەيسا

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى ساتىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 م م. 1/32 باسما تاۋىقى: 7
2001 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى
2001 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 3110 — 1

---

ISBN7 — 5373 — 0834 — 9 / G. 151
باھاسى: 10.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئابدۇراخمان ئابلىز

ISBN 7-5373-0834-9
G.151(民文) باھاسى10.00 يۈەن

ISBN 7-5373-0834-9
9 787537 308342 >